# گۈلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

(8)



www.uyghurkitap.com

# گۇلىستان

(ئەدبىي تەرجىملەر مەجمۇئەسى)

(8)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن


ئۇسلۇپ توغرىسىدا.........................ۋاڭ مېڭ ( 1 )

كەچكى شەپەق...........................جۇ كېچىن ( 16 )

بىر رۇس ئايال..........................ليۇ جېن ( 54 )

ئاخىرقى چىراق.........................جاڭ جيې ( 75 )


## سوۋېت ئەدەبىياتىدىن


ئاجايىپ - غارايىپ چۈش......................س. مىخالكوۋ (139)

غەيرى رەسمىي ئويۇن........................دۇمباز (198)

تۇرگىنېۋنىڭ نەسرىي شېئىرلىرىدىن......................... (202)

بىر ئالقاپنىڭ چۈشى (پانتازىيىلىك ھېكايە) .......دوستويېۋسكى (224)

دوستويېۋسكىنىڭ ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلىرىدىن......................... (266)

ئۇنىڭ مۇھەببىتى...........................م. كوروبېينىكوۋ (270)

"70071" نومۇر..............................ن. كىرىلوۋا (277)

يېڭى ئۆكى ...............................ل. مشۋېلادزى (286)

ساتىرا - يۇمۇرلار..........................ستروردىن (303)

كىچىك يۇمۇرلار ................................. (311)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇسلۇب توغرىسىدا

ۋاڭ مېڭ

## 1. ئۇسلۇپنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ۋە ئوبيېكتىپلىقى

ئۇسلۇپ سۇبيېكتىپ بولىدۇ. ئۇسلۇپ يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل سۇبيېكتىپ — دۇنياقارىشى، خاراكتېرىستىكىسى، ساپاسى، ئوقۇش تارىخى، بىلىم ـ ساۋادى، قىزىقىشلىرى، ھېسسىيات ـ ئىشتىياقى......نىڭ سىرتقى ئىپادىسىدۇر. ئۇسلۇپ دېمەك ئادەم دېمەكتۇر، ئۇسلۇپ ئىندىۋىدۇئاللىقتۇر، ئۇسلۇپنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ئۆزگىچە ئىجادىيەتتە بولىدۇ، ئۆزگىچە ئىجادىيەتنىڭ ئاساسى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىۋى بولۇپ، بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

ئەمما ئۇسلۇپ سۇبيېكتىپ نەرسىلا ھېساپلانمايدۇ. باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭكىگە ياتقۇزۇۋىشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا كۇللىئى كائىنات خىسلىتى مەندە دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇسلۇپ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپلىققىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئۇسلۇپنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ئىككى جەھەتتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ بىر بۆلۈگى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى دەۋرىدىن، مىللەتتىن، رايوندىن، جەمىيەتنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ۋە بەلگىلىنىشىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. جىمىكى دوراش ۋە ئەينەك تەرىقىسىدە پايدىلىنىشلار، جىمىكى ئىجا-

دىيەت ۋە يۇكسەلدۈرۈشلەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئوبېكتىپ دۇنيانى بۆسۈپ ئۆتۈشى بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ ئوبېكتىپ دۇنيادىن ئايرىلىشى بولالمايدۇ ھەم ئايرىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئوبېكتىپ دۇنياغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىلا، كۆز چاقناتقۇدەك كۆركەم بولغان سۇبېكتىپ ئۇسلۇپنىڭ گۈلىنى ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، تېخىمۇ تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇسلۇپ ئەسەرنىڭ تېمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر يازغۇچى ئوخشاش بولمىغان تېمىدا ئۇسلۇپنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەتتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇپنى ئىپادىلەيدۇ دېسىمۇ يامان كەتمەيدۇ. لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ ھەقىقى تەرجىمىھالى» بىلەن «ھەسرەت» دىگەن ئەسىرى ئۇسلۇپ جەھەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چېخوۋنىڭ «خامېلىيون» ھىكايىسى بىلەن «كېلىن» ۋە «يايلاق» دىگەن ئەسەرلىرىنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بار. تۇرمۇشنىڭ كۆپ خىللىقى تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بەلگىلەيدۇ، تېمىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى بولسا مۇقەررەر يوسۇندا ئۇسلۇپنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىجادىيەت ”يولى“ كەڭرەك بولغان يازغۇچى دىخاننى يازغاندا، زىيالىنى يازغاندا، ئىشچىنى ياكى رەھبىرىي كادىرنى يازغاندا، تىل جەھەتتە، قۇرۇلما جەھەتتە، ۋاستە جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ تېمىنىڭ ئۇسلۇپقا تەلەپ قويىدىغانلىقىنى، بەزىدە ھەتتا ئۇسلۇپنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇسلۇپ تېمىنى تاللايدۇ، مەلۇم ئۇسلۇپتىكى يازغۇچى مەلۇم بىر خىل تېمىغا ئالاھىدە بەك قىزىقىدۇ، يەنە بىر خىل تېمىغا قىلچە پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ ياكى قىزىقىسىمۇ

ماجالى يەتمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋاللارمۇ تولا ئۇچرايدۇ.
ئۇسلۇپنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى چۈشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى بار. ئىلگە-
رىكى يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئۇسلۇپ ھەققىدە، بەدىئىي ئىندىۋىدۇ-
ئاللىق ھەققىدە سۆز قىلىشقا، ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ئىزھار قىلىشقا
جۈرئەت قىلالماسلىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدىنقى بىر
مەزگىلدە بەزى ئوبزورچىلار "مەن ئۆزەم"نى ئىپادىلەش دېگەن
مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، بۇ مەسىلە جايىدا قويۇلغان. بەزى
يازغۇچىلار "مەن ئۆزەم"نى ئىپادىلەش جەھەتتە ئالاھىدە مۇۋەپپە-
قىيەتكە ئېرىشىپ، بىرمۇنچە كىتابخانىنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى-
نىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى بىلەن تەسىرلەندۈردى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئەگەر ئۇسلۇپنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا دىققەت
قىلمىساق، نەزىرىمىزنى دەۋرگە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە ئاغدۇرمىساقمۇ
بولۇۋېرىدۇ دەپ قاراپ، ئوبيېكتىپ دۇنياغا يىلتىز تارتمىساق، ھەر خىل
تۇرمۇش فورمىلىرىنى، ھەرخىل پېرسوناژلارنى ۋە شۇ ئارقىلىق
خىلمۇ-خىل تېمىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۈچ سەرپ قىلىپ تەتقىق
يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بەلكى ئۆزىنى قازسا، ئىچكى
دۇنياسىنىلا قازسا ئۇسلۇپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولۇۋې-
رىدۇ، دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنىڭ پۈت-قولىنى ئۆزىمىز
چۈشەپ قويىمىز-دە، ئۆزىمىزنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزىمىز تۇيۇق يولغا
كىرگۈزۈپ قويىمىز.

ئۇسلۇپ ھەم سۇبيېكتىپ بولىدۇ، ھەم ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئۇ ئوبيېك-
تىپتىن زادى قورقمايدۇ، تۇرمۇشتىن قورقمايدۇلا ئەمەس، بەلكى
تۇرمۇشقا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن، تەشنالىق بىلەن يۈزلىنىدۇ،
تۇرمۇشتىن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوزۇقلۇق ئېلىپ ئۆزىنى يېتىشتۈ-

رىدۇ ۋە بېيىتىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا يۈزلىنىش بىلەن بىر قاتاردا، ئۆزىنىڭ نەزىرىنى ۋەتەنگە، خەلققە، تەبىئەتكە، چەكسىز كەڭ ۋە مول بولغان ئوبيېكتىپ دۇنياغا ئاغدۇرۇشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك.

## 2. ئۇسلۇپ دېمەك ئىزدىنىش دېمەكتۇر، ئۇسلۇپنى مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش ئۇسلۇپنىڭ توختاپ قالغانلىقى ۋە هالاك بولغانلىقىدۇر

يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ــ ئىجات قىلىش. ئىجات قىلىش دېگەن سۆزگە «ئوكيانۇس»تا: ئىلگىرى بولمىغان شەيئىنى ئىختىرا قىلىپ يارىتىش دەپ مەنە بېرىلگەن. دېمەك، بۇ، يېڭى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، دېگەنلىكتۇر. باشقىلارنى دوراش، جامائەت ئومۇمى يۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان كاتتا ئۇستىنى دوراشمۇ ئىجات قىلىش هىساپلىنالمايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۆزىنى ئۆزى دوراشقا بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلىشمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەمىلىيىتىدىن ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە؛ تەجرىبىسى مول بولغان پىشقەدەم يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىقى قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئېلىپ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرىنى يازغان مەشقچى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، ئالدىنقىسى ئىشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەينەك تەرىقىسىدە پايدىلانغۇدەك بىرمۇنچە تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىدىنمۇ ئەينەك تەرىقىسىدە پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئەسىرى بولغاندىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئالدىنقى ئەسىرىنىڭ باش تېمىسى، تېمىسى، قۇرۇلمىسى، تىلى، ماتېرىيال

تاللىشنى...كېيىنكى ئەسىرگە ئۆز پېتىلا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، چۈنكى كېيىنكى ئەسەر ئىجادىيەت ھېساپلىنىدۇ-دە. مىڭ بىرىنچى پارچە ئەسەر تۇنجى ئەسەر بىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەت بولغانلىقى، ئۇنىڭدا ئىلگىرى ھېچكىم ئېيتمىغان پىكىرلەر ئېيتىلغانلىقى، ھېچكىم يازمىغان نەرسىلەر يېزىلغانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر بىرىدىن پەرقسىز بولىدۇ. ئىجادىيەتلا بولىدىكەن، ئىلىپلا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەييار قېلىپى، تەييار باشلىنىشى ياكى تۈگەللىمىسى، تەييار دىئالوگلىرى ياكى چۈشەندۈرۈشلىرى بولمايدۇ. ئىجادىيەتلا بولىدىكەن، ئىزدىنىشتىن، تەجرىبە قىلىشتىن، توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېھتىمال بولىدۇ، شۇڭا، ئىجادىيەت تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا، بۆسۈپ ئۆتۈشكە، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەمدە ئىجادىيەتمۇ بولمايدۇ.

ئۇسلۇپ ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىنىدۇ، ئىجادىيەتنىڭ نەتىجىسى ئىجادىيەتنىڭ جەريانى ھېساپلىنىدۇ. ئۇسلۇپنىڭ ئۆزى ئىزدىنىش جەريانىدۇر. دېمەك، ئۇسلۇپ دىگەنلىك بىر خىل ئىزدىنىش دىگەنلىك بولۇپ، ئۆزىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەڭ ياخشى شەكىل، ئەڭ ياخشى تۈرغۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىراتى ئەڭ چوڭقۇر بولغان تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىش دىگەنلىك. ئىجادىيەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئەڭ ياخشى شەكىل ۋە ئەڭ ياخشى تۈرغۇنىڭمۇ چېكى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇسلۇپنىڭمۇ چېكى بولمايدۇ. ئۇسلۇپ راۋاجلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇسلۇپ بۆسۈپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇسلۇپ ئىزچىللىقنى ۋە بىرلىكنى تەلەپ

قىلىدۇ، ئوخشاشلا ئۇسلۇپ يەنە كۆپ خىللىق ۋە ئىزچىللىقنىڭ ئۈزۈلۈشىنى — سەكرەش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرەر ياش يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىغا تولىمۇ بالدۇر ھۆكۈم قىلىۋېتىشتىنمۇ زىيانلىق ئىش يوق. ئۇ بىرنەچچە پارچە ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، ھەتتا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىققان بولسا، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان — ئۇنىڭ ئۆمۈربويى تىرىشىپ ئېرىشمەكچى بولغان، يۈك ئېغىر - يول يىراق بولغان ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت بەزى ئالاھىدىلىكلا ھېساپلىنالايدۇ، يېڭى باشلىنىشلا بولالايدۇكى، ھەممىنىسىمۇ ھېساپلانمايدۇ، تاماملىنىشىمۇ ھېساپلانمايدۇ، ئۇنداق بولۇشتىن ناھايىتى يىراق — ئۇ ئىپادىلىگەن شۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە كۆپ ھاللاردا، ئارتۇقچىلىقىمۇ، كەمچىلىكىمۇ بولىدۇ، ھەم كىشىنى ئاپىرىن ئېيتقۇزىدىغان، ھەم كىشىنى ئەندىشە قىلدۇرىدىغان يەرلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ھەددىدىن زىيادە ياخشى نىيەتلىك كىتابخانلار ۋە تەنقىدچىلەر بۇ يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆكۈم قىلىشقا باشلاپ، ئۇنىڭغا "ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ" بېرىشقا، "ئۆز يولىدا قەتئىي مېڭىۋېرىشكە" مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنداق قىلىش كۆپىنچە، بىر ياش يازغۇچىنى ئۆز يولۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىكەن، "مۇقىم"لىشىپ قاپتۇ، ئەمدى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمىسەم بولىدىكەن دىگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇ پېتى مۇقىملىشىپ قالغاندا، بەلگىلەنگەن ئۇسلۇپ بويىچە يېزىۋېرىدىغان بولسا، ھەمىشە ئەسەر يېزىشتەك تار يولغا كىرىپ قېلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەپ ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە پارچە ئەسەر يازىدۇ، ئۇسلۇبىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يېقىن

تۇققان ھەمشىرىلەردىن بولۇپ چىقىش تۇرماق ھەتتا قوشكېزەك ھەمشىرىلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ-دە، كىتابخانىلارنىڭ قىزىقىشلىرىمۇ بارا-بارا سوۋۇپ قالىدۇ. تازا باش قاتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ باقسا، ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى پوزىتسىيىسى يەنىلا ئەستايىدىل، يېزىقچىلىق سەۋىيىسىمۇ ئانچە تۆۋەنلەپ كەتمىگەن، ئۇ مەغرۇرلىنىپمۇ كەتمىگەن، تۇرمۇشتىن ئايرىلىپمۇ قالمىغان، بىرقانچە ئون يۈەن قەلەم ھەققى ئالغانلىقى بىلەن چىرىكلىشىپ كەتمىگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ يېقىندا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم يازغان ئەسىرىنى بىر يەردە قويۇپ سېلىشتۇرغاندا، يېقىندا يازغان ئەسىرى روشەن ھالدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، ئۈستۈن تۇرىدىغان يېقىندا يازغان ئەسىرى دەسلەپتە يازغان ئەسىرىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇسلۇبىنى مۇقىملاشتۇرۇپ قويغانلىقى. ئەدىبىي ئەسەرنىڭ قىممىتى يېڭىلىق يارىتىشتا. ئۇسلۇبنىڭ قىممىتىمۇ ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئىجادىيلىقتا. مۇقىملاشتۇرۇلغان ئۇسلۇب بويىچە يېزىشنىڭ نەتىجىسىدە ئىلگىرى تونۇش بولغان كونا ماللار ياكى يېڭى ئىشلەنگەن ماللار كۆپەيگەندەك، يېڭى مەھسۇلات ئازايغاندەك بولىدۇ-دە، تەبىئىي يوسۇندىلا بارا-بارا كىتابخانلارنىڭ سوغاق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئوخشاشلا "بىر قاراپلا ئۇسلۇبىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ" دەيدىغان يەنە بىر خىل ئېقىپ يۈرگەن كۆزقاراشمۇ بار. ئۇسلۇبىنى بىر قاراپلا كۆرۈۋالغىلى بولسا، روشەن دىسىڭىز روشەن، ئۆزگىچە دىسىڭىز ئۆزگىچىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ موللۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە گۇمانى تەرەپلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇسلۇپ ئىزدىنىش، ئىنتىلىش، سىناق

قىلىش، تەۋەككۇلچىلىك قىلىش، بوسۇپ ئۆتۈش، غەلىبە قىلىش، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش، يەنە ئىزدىنىش، يەنە غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق جەرياندا، ئۇ خېلى كەڭ ھەجىمدىكى سىغىمچانلىقا ئىگە بولماسلىقى ھەمدە ۋاقتىنىڭ، جەمىيەت ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق مەلۇم ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماسلىقى لازىممۇ؟ بىر قاراش بىلەنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان ئۇسلۇپقۇ ياخشى، ئەلۋەتتە؛ ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم ھەتتا بىرقانچە قېتىم كۆرۈپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن كۆرۈۋالغىلى بولسا، نېمە يامىنى بولاتتى؟ رۇجىزجۇەننىڭ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان ھېكايىلىرىنى مىسال قىلىپ ئالساق، «خاتا قۇراشتۇرۇپ قويۇلغان ھېكايە»، «پەرزەنتلەر مۇھەببىتى» قاتارلىق ئەسەرلەردىن، بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاپتورنىڭ كونا سارايىنىڭ ئالتۇن تامغىسىنى خاتىرىلىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولامدىكەن؟ بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار ئىكەن؟ تازا ياخشىغۇ؟ ئەگەر رۇجىزجۇەنىنىڭ ھازىر يازغانلىرى 60 ـ يىللاردا يازغان «جىمجىت توغۇتخانا»، «ئاشۇ» قاتارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئۇسلۇپ جەھەتتە ئوخشاش دېگۇدەك بولسا، ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالامدۇ؟

ئۇسلۇپتا كەڭ بولۇش بىلەن تار بولۇش مەسىلىسى بولىدۇ. بۇ نۇقتا ناخشىچىلاردا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تېخى ئەمدىلا تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى پىشقەدەم ناخشىچىلار سەھنىگە قايتا چىققاندا تاماشىبىنلارنىڭ كارامەت قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان، ئۇلار ئالقىشلارغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئۆكسۈپ يىغلاپ كۆز يېشى قىلغان ئىدى. ئەمما ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، تاماشىبىنلار ئەگەر

بۇ ناخشچىنىڭ ئوقۇيدىغان ناخشىسى ئاشۇ بىرنەچچىلا ناخشا ئىكەن-لىكىنى، داۋامەت يەنە شۇ بىرلا "سەنەم"دە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالسا، تەبىئى يوسۇندىلا سالقىنلىشىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر بۇ ناخشچىنىڭ يولى كەڭ بولسىچۇ؟ ئۇ ھالدا، ئۇزلۇكسىز تۈردە يېڭىنى ئىجات قىلىدۇ، يېڭى بۆسۈشلەر، يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئېرىشىپ، سەنئەتتىكى ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ("مەڭگۈ" دېگىنىمىز نىسپى بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ ھەرقانداق بىر سەنئەتكارنىڭ ئىجادىي كۈچى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەپ بارمايدۇ) ساقلاپ قالالايدۇ.

## 3. ئۇسلۇبنىڭ بىرلىكى ۋە ئىنتىلىشى

بۇ گەپچە بولغاندا، ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى زادى نەدە؟ ئۇس-لۇب ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان "داشقايناق"قا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بولۇپ قېلىشى كېرەكمۇ؟

ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەرقانداق كونكرېت نەرسە، ھەرقانداق يىگانە نەرسە چەكلىمىلىككە ئىگە بولىدۇ. چەكلىمە بولمىسا، سەنئەتمۇ بولمايدۇ. چەكلىمە بولمىسا، ئۇسلۇبمۇ بولمايدۇ. كىنو فىلىمى ئېكران بىلەن چەكلىنىدۇ، تىياتىر سەھنە بىلەن چەكلىنىدۇ، پروزا ئەسەرلەر تىل — يېزىق — ھەجىم بىلەن چەكلىنىدۇ، شېئىر رېتىم ۋە قاپىيە بىلەن تېخىمۇ بەك چەكلىنىدۇ. پەقەت تۇرمۇشلا ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چەكسىز بولىدۇ، ئەمما تۇرمۇش سەنئەت ھېساپلانمايدۇ. كونكرېت بىرەر يازغۇچىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ چەكلىمىلىكلىكى تېخىمۇ زور بولىدۇ، ھاياتمۇ چەكلىك بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ چوڭ دېڭىزى بىلەن، مەدەنى-يەتنىڭ چوڭ دېڭىزى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىي

پائالىيىتى دېگىنىنىڭ بىر تامچە سۈيىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن ئۇ پەقەت ئۆزگىچە، تەكرارلاشقا بولمايدىغان بىر تامچە سۇدۇر. يەنى، بىر يازغۇچى ئۆزى تونۇشلۇق بولغان، ئىگەللىگەن تىپما، ژانىر — چەكلىمە دائىرىسىدە ئادەتتىكى كىشىلەردىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن، كۆپ دەرىجىدە چوڭقۇر، زور دەرىجىدە سەزگۈر تۇرىدىغان، تۇرمۇشتىن ئۆزگىچە تەسىرات ئالىدىغان، ئۆزگىچە پىكىر قىلىدىغان، ئۆزگىچە بەدىئىي ئىخچاملاش ئېلىپ بارىدىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلىدىغان يولى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەرۋاقىت ئىجات قىلىپ تۇرۇشى، بۆسۈپ ئۆتۈشى كېرەك، بۇنداق ئىجادىيەت ۋە بۆسۈشلەر كىتاپخانلارنىلا ھەيرانە-ھەس قىلالايدىغان بولماستىن، يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىمۇ چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىجادىيەت جەريانىدا سان ئۆزگىرىشلا بولۇپ قالماستىن، سۈپەت ئۆزگىرىشىمۇ بولىدۇ؛ ئىزچىللىق بولۇپلا قالماستىن، ئىزچىللىقنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى — سەكرەشمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى ساقىت قىلىپ (ياكى ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ) بارغاندىلا، ئاندىن سەۋىيە يارىتالايدۇ، ئۇسلۇپ يارىتالايدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى تونۇشلۇق بولمىغان نەرسىنى زورمۇ-زور ھەپىلەشىپ يۈرۈپ يازماي، ئۆزى تونۇشلۇق بولغان نەرسىنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز چەكلىك تەرەپنى ئېتىراپ قىلىپ، چەكلىك تەرەپنى ئىگەللەپ، چەكلىك تەرەپنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغانلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۇسلۇپنىڭ بىرلىكى يازغۇچىنىڭ ئۆزىدە بولغان بولىدۇ. يازغۇچى مەيلى قانچىلىك سىناق، قانچىلىك ئىزدىنىشلەرنى

قىلىپ، قانچە خىل ئوخشىمىغان ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ باقسۇن، ئۇ ئەسەرلەرگە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ چىن بىلىم-چۈشەنچىلىرى ۋە چىن-ھەقىقى ھىسسىياتى سىڭگەن بولسا، ھەر بىر پارچە ئەسەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يۈرەك-قەلبىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا بىخ سۈرۈپ يېتىلگەن بولسا، بۇ يازغۇچى ھەقىقەتەن تۇرمۇشقا، ئۆز كىتاپخانلىرىغا سادىق بولسا ھەمدە ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئەمگەك تەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئەسىرىگە سىڭدۈرگەن بولسا، ھەرقانچە كۆپ ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئومۇمى مەقسىدىدىن يىراقلىشىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇسلۇبىنىڭ كۆپ خىللىقى يازغۇچىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەسەر يازغۇچىسىغا ئوخشايدۇ، ھەر بىر پارچە ئەسەردە يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىز-تامغىسى قالىدۇ. يېزىلغان تېما ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئىپادىلەنگەن ئۇسلۇپ ئانچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ، پۈتكۈل ئۇسلۇبىنىڭ ئورگانىك بۆلەكلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. خۇددى بىئولوگىيە ئالىمى ئىختىيارەن بىرەر پارچە تاشلاندۇق سۆڭەكتىن ئۇنىڭ قانداق ھايۋاننىڭ سۆڭىكى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىغىنىغا ئوخشاش، بىرەر پارچە ئەسەر، ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر ئابزاس-بىرەر بۆلۈكىدىنمۇ ئۆز ئىجادىيەتچىسىنىڭ ئالاھىدە ئۇچۇرى بىلىنىپ تۇرغاچقا، ئەقىللىق، تەجرىبىلىك كىتاپخانلار بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم كۆرۈش بىلەنلا ئۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى تامامەن كۆرۈۋالالايدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇسلۇپ تەبىئى يوسۇندا شەكىللەنگەن بولىدۇ، ئۇسلۇبىنىڭ بىرلىكىمۇ تەبىئى يوسۇندا شەكىللەنگەن بولىدۇ.

ئۇسلۇپ ئەسەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئەمما بۇ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ قاپلىمىسى ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەسەر ھامان ئالدىدا، ئۇسلۇپ كەينىدە بولىدۇ. يازغۇچى بىرەر ئەسەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە ئالدىن بەلەرمەنلىك قىلىپ بىرەر خىل ئۇسلۇپنىڭ قېلىپىنى بەلگىلىۋالمايدۇ. خېلى كۆپ مىقتاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەر بولماي تۇرۇپ، ئۇسلۇپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز چىقىشىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ئۇسلۇپ ھەققىدە سۆز ئېچىش بىر خىل ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك، دېيىشنى تاشلىۋېتىپ سامىنىنى ئالغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنداقتا، مەلۇم بىر خىل ئۇسلۇپقا مەقسەتلىك ھالدا ئىنتىلىش دېگەن نېمە؟ بۇ يەردە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئەھۋال بار. ئەسكىرىي قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان گېنېرال ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى، ئوت كۈچىنى، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتىنى، ئېغىر-يېنىك قوراللىرىنى... ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى، قانداق جەڭنى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، قانداق جەڭنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، قانداق جەڭنى قانداق قىلىش لازىملىقى ۋە قانداق جەڭنى ئۇنداق قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلگىنىگە ئوخشاش، يېتىلگەن يازغۇچىمۇ ھامان ئۆزىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، تېما تاللاش، كومپوزىتسىيىسىنى قۇراشتۇرۇشتىن تارتىپ سۆز-جۈملە ئۈستىدە ئويلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئەسەرنىڭ كۆپىيىسىنى يېزىپ چىقىش، ئاندىن يەنە قايتا-قايتا چەككىلەش، ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىقلاپ چىقىشقىچە بولغان ھەممە باسقۇچتا، جەڭ قىلىشنىڭ

ئۇسۇللىرىنى بىلىدۇ ــ پېرسوناژلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى، لىرىك ۋە باياننى قانداق بىرىش لازىملىغىنى، قانداق سۆز تاللاپ جۈملە قۇراشتۇرۇش لازىملىغىنى بىلىدۇ. بۇنداق ئۆزنى بىلىش، ئىجادىيەت جەريانىدىكى بۇنداق كۆپرەك ئاڭلىقلىق ۋە ئازراق قارىغۇلۇق، مۇمكىن قەدەر ئۆز ئارتۇقچىلىغىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىگىنى ئىپادىلەپ، يېتەرسىزلىگىنى ساقىت قىلىش يولىدىكى بۇنداق تىرىشچانلىقلارمۇ مەلۇم بىر خىل ئۇسلۇپقا ئىنتىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇرمۇش، ئىدىيە، ھىسسىيات، روھىي ھالەتكە ئىنتىلىشتىن ئايرىلغان ھالدا ھەدەپ ئۇسلۇپنىڭ ئۆزگىچە بولۇشىغا ئىنتىلىش يەنە بىر خىل ئەھۋال. ئۇ ھالدا، مەقسەتلىك ئىنتىلىش، بولۇپمۇ "مەقسەتلىك" بولۇش ئارقىسىدا، ياسالمىلىق خەۋپى، شەكىلۋازلىق خەۋپى تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ئۇسلۇپنى زورمۇ-زور قوغلىشىشقا بولمايدۇ. چۈنكى روھىي دۇنيا، ئىندىۋىدۇئاللىق زورمۇ-زور قوغلىشىش بىلەن كەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر، كۆپ ھاللاردا، ھەم روشەن ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇپقا ئىگە بولىدۇ، ھەم "مەقسەتلىك ھالدا ئىنتىلىش"نىڭ ئىزنىلىرىدىن مۇتلەق خالىي بولىدۇ، مەقسەتلىك ھالدا قوغلىشىشنىڭ ئىزنىلىرى بولمايدۇلا ئەمەس، كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزنىلىرىمۇ بولمايدۇ، راۋان، تەبىئىي، چىن-ھەقىقىي، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ چىقىدۇ-دە، قول سۇنۇپ ئىلىپلا ئىشلەتكۈدەك ھالدا قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. يازغۇچى ئالاھىدە ئامىتى كەلگەن ئادەمدەك بولۇشى، ھەمىشە ئۇنىڭغا تەييار ھىكايە ماتىرىياللىرى يولۇقۇپ تۇرىدىغاندەك بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ئۇسلۇپقا چىقىپ يۈرۈش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياسالمىلىق، ئالدى بىلەن،

ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى بۇرمىلاپ قويىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر يولسىزلىق قىلىپ، ياسالمىلىقمۇ بىر خىل ئۇسلۇپ دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق. ئەمما، ياسالما ئۇسلۇپ — ئەگەر بىر خىل ئۇسلۇپ ھېساپلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مايمۇننى ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانلىق، ياكى دورامچىلىق ئۇسلۇبى بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇسلۇپنىڭ تەتۈرسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇسلۇپ مەلۇم چەكلىمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، ئۇنداقتا ھەرقانداق ئۇسلۇپ مەلۇم ئاجىزلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، جەڭ قىلىشقا ماھىر گېنېرال ھەممىدە كامالەتكە يەتكەن، ھەممىدە غەلىبە قىلالايدىغان گېنېرال بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان، ئۆز ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆز ئاجىزلىقىدىن تىرىشىپ ساقلىنىدىغان گېنېرالدۇر. بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز ئاجىزلىقىدىن چەتلەش كۆپايە قىلمايدۇ، بولۇپمۇ بىر ياش يازغۇچى تۇرمۇشقا، ئۆگىنىشكە، تەرەققىي قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، تىرىشىپ تولۇقلاشقا مۇھتاج. بۇنداق دېگەنلىك، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ۋاز كېچىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئاجىزلىقنى تولۇقلاش ئارتۇقچىلىقنى تاشلىۋېتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. تاشلاپمۇ ئەتمەي، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپمۇ ئالماي، بەلكى ئۆز ئۇسلۇبىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇسلۇپنىڭ بېيىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ئۇسلۇپنىڭ يېڭى، جانلىق ھاياتىي كۈچى بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

ئۇسلۇپنى مەجبۇرەن قولغا كەلتۈرۈشكە بولمايدىكەن، ئومۇمەن

ئېيتقاندا، مەقسەتلىك ھالدا قوغلىشىشقىمۇ بولمايدىكەن، ئۇنداق بولسا، يازغۇچى ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلماي، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۇسلۇبىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەي، قارا-قويۇقلا ئۆز خاھىشىغا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇسلۇپ ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ مەھسۇلى، ئۇسلۇپ يەنە تەربىيىلىنىشنىڭمۇ مەھسۇلى، ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. تەربىيىلىنىش، ئەمەلىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقنى، ئادەمنى يارىتىدۇ. ئەمگەك ئادەمنى يارىتىدۇ. ئەمگەك ئۇسلۇپنى يارىتىدۇ. ئۇسلۇپ ئۇستۇن ۋە تۆۋەن، ئىنچىكە ۋە قوپال، كەڭ ۋە تار بولۇش جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ، كەيپىياتىنىڭمۇ ئۇستۇن-تۆۋەن پەرقى بولىدۇ، كەيپىيات بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇسلۇپنىڭ ئالاھىدە مۇھىم بىر بۆلۈگى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ كەڭ ھەم تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇسلۇپقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆگىنىشنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى كۈچەيتىشكە، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، تىرىشىپ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قىزغىن كۈرەشلىرىگە تىرىشىپ قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بىلەن قوراللاندۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، تىرىشىپ مەنىۋى دۇنيانىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىقىپ بارغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ قايتىلانمايدىغان ئۇسلۇبىمىزنى يارىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ پايدىلىق ۋە تېخىمۇ جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايمىز.

1980-يىل ئىيۇل.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غوپۇرجان ئابدۇرەھىم.**

# كەچكى شەپەق

## جۇ كېچىن

1

— دادا! سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى، ئەسلىدە دېمىسەم بولاتتى، لېكىن دېمەي بولمىدى، — دەۋەتتى ئوغلى ئاخىر چىداپ تۇرالماي.

— ھە، گېپىڭ بولسا دەۋەمەمسەن! — دېدى لاۋجاڭ. ئۇ ئوغلىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بىرئاز تۇتۇقتى-يۇ، لېكىن بېشىنىمۇ كۆتەرمىدى. ئۇ بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك قىزىل پۇرچاق شوۋاگۇرۇچى بىلەن تۇزلانغان تەرخەمەكنى بەك مەزىلىك تېتىپ كەتكەندەك، شىرەگە ئېڭىشكەن پېتى ناھايىتى خاتىرجەم بىر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ يېگىلى تۇردى.

كېلىنى شەھلا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، دادا-بالا ئىككىسىنىڭ قېيىدىشىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى. بۇ ئىككەيلەننىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چىراي شەكلىدىن بىر خىل قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار قاڭشالىق، قارا قاشلىق بولۇپ، ئېغىزلىرى چوڭراق بولسىمۇ ئۆزلىرىگە ياراشقان ئىدى. دادا-بالا ئىككىسىنىڭ ئىڭەك سۆڭەكلىرى خۇددى قېلىپتا چىقىرىپ قۇيغاندەك ئوخشاش بولۇپ، گويا ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قەيسەرلىكى، قەددى-قامەتلىكلىكى، زېھنىلىكلىكىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر

بىرى بىلەن كېلىشەلمەسلىكى، بىر بىرىگە يول قويماسلىغىمۇ مۇشۇ ئېڭەك سۆڭەكلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى سەۋەپ بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لىللا ئېيتقاندا، كېلىنىگە دادىسى ئوغلىدىن روھلۇقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دادا-بالا ئىككىسىنىڭ نىمە سەۋەپتىن كېلىشەلمەي قالغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن، ئۇ ناھايىتى زىرەك بولغاچقا، خۇددى بارلىق ئەقىللىق ئاياللارغا ئوخشاش، بۇ ئىككەيلەننىڭ جېدىلىگە زادى ئارىلاشمايتتى. ھېچ بولمىغاندا، كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە تېخى بىر يىل توشمىغان ئىدى.

ئوغلى دادىسىنىڭ جىمىپ كېتىشى بىلەن تۇۋاقلىنىپ قالغاندەك، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئېيتالماي قالدى. ئۇ دادىسىدىن قورقمايتتى، كىچىك ۋاقتىدا بەك قورقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر قورقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاخىر ئاغزىنى ئاچتى:

— مۇشۇ يېشىڭىزغا كېلىپمۇ تېخى... تاشقىرىدا كىشىلەرنىڭ نىمىلەرنى دەپ يۈرگىنىنى بىلەن كارىڭىزمۇ يوق! ھازىر سىز دادۇي كادىرى ئەمەس، ئەمىلىڭىزدىن قالدىڭىز، سىز ئۇچۇن بەرىبىر، قۇلاق سالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن بىزنى ئويلىشىڭىز كېرەكتە!

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن بۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئاخىر دەۋەتتى. ئۇ گويا جاۋاپ كۈتمەيدىغاندەك قىلىپ، قاچىسىنى قويۇپلا ئورنىدىن تۇردى-دە، تالاغا ماڭدى. ئارقىدىنلا ھويلىدا يەرنى تىترىتىپ، پوت...پوت... پوت... قىلغان ئاۋاز چىقتى، تىراكتۇر ئوت ئالدى، ئوغلى بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىگە تەۋە بولۇپ قالغان "ئارا تىراكتۇر"نى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى، ھويلىدىكى ئىس ئاستا-ئاستا تارقاپ كەتتى.

لاۋجۇاڭ بېشىنى كۆتەردى. ئۇ بايىقى گەپلەرگە پىسەنت قىلـ-
مىدى، لېكىن، بارا-بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان تىراكتور ئاۋازى
ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ كېلىنىدىن:
— گۇيجېن، ئۇ... بۈگۈن كۆمۈر توشۇغىلى بارامدىكەن؟ —
دەپ سورىدى.
ئۇنىڭ "ئۇ" دېگىنى ئوغلى ئىدى. ئوغلىنىڭ ئىتى جۇاڭ خەيبو
بولۇپ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى لاۋجۇاڭ بۇ يالغۇز ئوغلىنى
ئەركىلىتىپ "بوبو" دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى. تېخى بۇندىن بىر-
نەچچە كۈن ئىلگىرىلا، ئوغلى تاماق ۋاقتىدا غەزەپ بىلەن ئاچچىق-
لاپ چىقىپ كەتكەندىمۇ، لاۋجۇاڭ ئۇنى يەنىلا "بوبو" دەپ ئاتاپ،
كېلىنىدىن "بوبو بۈگۈن نىمە توشۇغىلى بارىدىكەن؟" دەپ سورىغان
ئىدى.
لېكىن بۈگۈن لاۋجۇاڭ ئوغلىنى "ئۇ" دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭغا
گويا ئوغلى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا چوڭىيىپ دادىسىغا ئوخشاش
ئەزىمەت بولۇپ قالغاندەك، تىرىشچانلىق قىلىدىغان ھەممە دىخانلارغا
ئوخشاش، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەزىمەت بولۇپ
قالغاندەك تۇيۇلدى.
گۇيجېنمۇ دادىسىنىڭ "ئۇ" دەپ ئاتىغان تەلەپپۇزىدىن بىر خىل
سوغاقلىق ۋە ياتسىرىغانلىقنى سېزىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولىدى. ئۇ
قېيناتىسىغا:
— ھەئە... خىش توشۇغىلى بارىدىكەن،... — دىدى.
— مەن تېخى نىمشقا شىمالىي تاغ تەرەپكە ماڭمايدىكىن دەپ-
تىمەن! دېگىنىمدەك بوپتۇ-دە! — دىدى لاۋجۇاڭ ئۆز ئۆزىگە
پىچىرلاپ. ئاندىن ئارقىدىنلا چالۋاقاپ، — ئەبلەخ! ئىتنىڭ

بالىسى... — دەپ زەھەردەك ئاچچىغى بىلەن ۋاقىرىغىنىچە، قاچىسىنى تاشلاپ، غاچ-غاچ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

كېلىن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەنگىنىچە، قېيناتىسىنىڭ قارىسى سەھەر تۇمانىدا غايىپ بولغىچە قاراپ تۇرۇپ، ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاندى. ئۇ قايتىپ كىرىپ شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن تاماقا كۆڭلى تارتماي، ئېغىر ئۇھ تارتتى.

يېڭى كېلىنلەرنىڭ ھەممىسلا ئائىلىسىنىڭ ئىناق بولۇشىنى، دادا-بالا، قېينانا-كېلىنلەرنىڭ ئەپ ئۆتۈشىنى، ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر بىرىگە ئامراق بولۇشىنى خالايدۇ. ئەسلى ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىر ئائىلىدە، كېلىن كىرگەندىن كېيىن ماجىرا چىقسا، كېلىن يامان ئاتىلىق بولۇپ قالامدۇ؟ ئەھۋالنى بىلىدىغانلارغۇ دادا-بالا ئىككىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن تەتۈر قارىشىپ قالغانلىقىنى بىلەر؛ ئەھۋالنى ئۇقمايدىغانلارنىڭ بولسا، ئېرىنى كۈشكۈرتۈپ ئۆي ئايرىماقچى بوپتۇ، دەپ كېلىننى يامانلايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇنداق ئەمەسمۇ-يە؟ مۇشۇ كۈنىدە، توي قىلىپلا يوق يەردىن چاتاق چىقىرىپ، قېيناتا-قېينانىسىنى تاشلاپ، ئۆزلىرى بۆلەك بولۇۋالغان ياشلار ئاز ئەمەس... ئۇلار نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىدۇ؟ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىگىنىدەك، قانداقتۇر "ۋاپاسىزلىق"، "ھۆرمەتسىز"لىكتىنمۇ؟ ياكى "ئەدەپسىز"لىك، "تەربىيە كۆرمىگەن"لىكتىنمۇ؟ گۈيجىن بۇنداق مۇلاھىزىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەيىپلىنىپ قېلىشىدىن تولىمۇ قورقاتتى. گۈيجىن ئالدى بىلەن، باشقىلارغا دادا-بالا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە، ئۆزۈمدە ئەيىپ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك، دىگەن پىكىرگە كەلدى. لېكىن، خەقلەر بۇنىڭغا راستىنلا ئىشىنەرمۇ؟

”كېلىن بولماقچى“ بولغان بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقانـدا، بۇ ئائىـلە ئەڭ باپ كېلىدىغان ئائىلە ئىدى. قېينانىسى تۈگەپ كەتكىنىگە بىر-نەچچە يىل بولغان، يەڭگىسى ئالدىنقى يىلى ياتلىق بولۇپ كەتكەن، باشقا ئىنىسى ياكى سىڭلىسى يوق، قېيناتىسى ئۆزىنى باقتۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ساغلام، كۈچ-ماغدىرىدىن قالمىغان، قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان، ئانچە قېرىپمۇ كەتمىگەن، شۇنداقلا پارتىيە ئەزاسى، بۇرۇن دادۈيجاڭ بولغان، خولۇم-خوشنا، يۇرتداش-لارنىڭ ئارىسىدا ئىززەت-ھۆرمىتى بار، ئۈچ پۈتۈن ئەمگەك كۈچى بار، تاماق يەيدىغان ئادىمىمۇ ئۈچىلا بولغان مۇنداق بىر ئائىلىدە تۇرمۇشنى ھازىرقى سىياسەت بويىچە ئىنتايىن باياشات ئۆتكۈزگىلى بولاتتى...بىراق، ھازىرقى ئەھۋال بولسا مانا شۇ! بۇنـدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر؟

گۈيجىن ئۇ يان ئويلاپ-بۇ يان ئويلاپ غەمگە چۆكتى، ئۇنىڭ ھېچ ئىشقا قولى بارمىدى. ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىشنى خىيالى-دىن كەچۈردى-يۇ، لېكىن، يەنە مۇشۇنداق چاغدا ئۆيگە كەتسە، باشقىلارنىڭ گېپىگە قالىدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئەسلىدە ئاپ-ئاشكارا ئىش، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭدىن كۆرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى... ئۇنىڭ ئېسىگە توساتتىن خەيبۇنىڭ ھەدىسى كەلدى.

يەڭگىسى ئالدىنقى يىلى يېقىنلا بىر يەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. يەڭگىسى زىل، يارامىلىق ۋە جۈرئەتلىك چوكان بولغاچقا، شۇنى ئىزدىگۈسى، ئۇنىڭغا دادا-بالا ئىككىسىنىڭ ماجىراسىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالغۇسى، بىرەر مەسلىھەت ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئارىلىقتا ئەيىپلەنگۈدەك يېرى يوقلۇقىنى بىلدۈرگۈسى كەلدى.

2

يەڭگىسى كېلىنچەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

قەلەم قاشلىق، شەھلا كۆزلۈك، زىلۋا بويلۇق بۇ چوكان ئۆيگە چۆمدى. ئۇ، ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۆزى "ئائىلە باشلىقى" بولۇپ قالغاچقا، ھەممىلا ئىشنىڭ غېمىنى قىلاتتى، دادىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئىككىلا ئۆيگە تەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كەلدى. ئىنىسىنى ئۆيلەشكە كەلسەك، ئۇ يان تاللاپ، بۇ يان تاللاپ، بۇنىڭغا تولىمۇ باش قاتۇردى. خەيبو مەن ئالىدىغان قىزنىڭ چىرايى قەدىرئەھۋال بولسا، پۇتۇشكەندە تويلۇق سالمىسا، تۇغماس چىقمىسا، كىر ـ قات يۇيالىسىلا بولىدى، دەپ ئويلاپ، بۇ ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولماي، ئاساسلىغى پۇل تېپىش كويىدا بولغان ئىدى. ھەدىسىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ قىز تاللاپ يۈرگىنىگە تېخى ئانچە تاقەت قىلالمايتتى! لېكىن، ھەدىسى ئاخىر مۇشۇ قىزنى تاللىغان ئىدى. بۇ قىزنىڭ تەققى ـ تۇرقى كېلىشكەنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىناپ ـ تۆپىغى بار ئىدى. بۇنداق قىزلار ئائىلە ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇشنى بىلەتتى، باشقا چاتاق چىقارمايتتى، تېخىمۇ مۇھىمى ناھايىتى مۇلايىم ۋە يىقىملىق بولۇپ، قېيناتىسىنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئۈچۈن، ئىنىسى ئۈچۈن يۈرەكلىرى پۇچۇلدى ـ يۇ، لېكىن ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە...

— ھەدە، تېزرەك ئەقىل كۆرسەتسىڭىزچۇ، بولمىسا ئۆزىڭىز بېرىپ نەسىھەت قىلىپ باقامسىز ـ يە؟

— ھەممە ئەيىپ ئۆزەمدە...

— توۋا، قانداقمۇ ئەيىپنى سىزدە قويغىلى بولسۇن!

— ئىككى-ئۈچ ئاي بولدى، ئاكىمىز بار قوروۇلۇش ئەترىتىدى باشقا ئۆلكىگە كېتىپ قېلىپ، ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، ئۆينىڭ، تالانىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ چولام تەگمىدى، لېكىن ئەس-يادىم سىلەردە بولدى، ئۆتكەندە بىر بېرىپ كېلەي دېۋىدىم، بىراق، بارالمىدىم... ئىككى كۈندىن بېرى ھە دەپ قاپىغىم تارتىۋىدى، ھەي...

— ئاكام ئۆيدە بولمىغاندىكىن، سىزنىڭ قانداقمۇ چولىڭىز تەگسۇن!

— لېكىن، قانچە ئالدىراش بولسامۇ، بېرىپ يوقلاپ كېلىشىم كېرەك ئىدى... ئۇلارغا زادى نىمە بولدى؟... ھە راست، بوبو دادام توغرىلىق سىرتتا كىشلەر ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ دىدى، دىدىڭىز، نىمە گەپلەر ئىكەن؟ دادام ھازىر داۋى كادىرى ئەمەس، ئۆتكەندە كادىر ۋاقتىدا بىرنەچچە كىشىنى رەنجىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سۆز-چۆچەك قىلىپ يۈرمەيدۇ، بىلىمەن، دادام ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم. ئۇ رەنجىتكەن، كۈرەش قىلغان، پىپەن قىلغان كىشى بولماقچىدى؟ كوچا ياقىسىدىكى ئاشۇ پىيىك ئەرساۋغۇ، ئۇ ئەسلىدە بىر بۇزۇق خوتۇن! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ خوتۇن ھەرقانچە ئەزۋەيلەپ كەتكەن بىلەنىمۇ ھىچقانچە ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ دىگەنلىرىگە باشقىلارنىڭ ئىشىنىپ كېتىشى ناتايىن!

— كوچا ياقىسىدا ئولتۇرىدىغان خوتۇن دىگىنىڭىز ھىلىقى كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتى ئاچقان خوتۇنمۇ؟

— ئۇ يەنە كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتى ئېچىپتىمۇ؟

— ھەئە، ئىككى ئاي بولدى.

— ئىلگىرىمۇ ئۇ ئاشۇ ئوقەتنى قىلىپ، بىرئاز پۇل تاپقان. دادۇيىنىڭ يىغىن ئېچىپ ئۇنى پېپەن قىلىشى يالغۇز ئۇنىڭ ئوقەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بولمىغان، ئۇنىڭ ئىستىلىمۇ چاتاق.

— ھازىر ئۇ ئايال خوجايىن بولۇپ قالدى، ئىشى قالتىس!

— شۇنداقمۇ؟

— ھەممە ئائىلىدە ئوتتۇن-ياغاچ كەمچىل بولغاچقا، ھەممە پايدا شۇنىڭ بولۇۋاتىدۇ.

— بۈگۈنكى كۈندە... بۇمۇ ئورۇنلۇق ئىش. ئۇ بېيىسا بېيىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن نىمە چاتىقىمىز! ئېيتىڭا، بوبو دادام بىلەن زادى نىمە سەۋەپتىن جېدەللىشىدۇ؟ ھال-كۈنۈڭلار بىر ئوبدان تۇرۇقلۇق، رازى بولمايدىغان يەنە نەرى بار؟ "ئادەم جېدەلخور يېڭىلار، چوشقا جېدەلخور سېتىلار" دىگەن گەپ بار، ئەجىبا، ئۇمۇ ھىلىقى دادامنى ئوشۇقچە مازپاينەكلىگە ئوخشاش ھىس قىلىۋاتامدۇ-يە؟ بىر دادىسىمۇ پاتمىدىسىمۇ...

گۈيجېن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى. كۆڭلىدە، ھەدەمنىڭ گەپلىرى نىمە دىگەن قاتتىق! يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە ئىنىسىنى شۇنچىۋالا ئەيىپلەپ كېتىشى مېنىمۇ شۇنىڭغا چېتىۋاتقىنى ئەمەسمۇ! ھەي، ھەممە ئەيىپ خەيبودا، ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، مېنىڭ يۈزۈم كېتىشى بىلەن كارى يوق، دەپ ئويلىدى.

يەڭگىسى ناھايىتى زىرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئەيىپلەپ دىگەنلىرى پۈتۈنلەي كېلىنچەكنىڭ كۆڭلىدىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. كېلىنچەكنىڭ پوكاندەك قىزىرىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى-دە، "تۇۋا! ئەجىبا مەن بۇ قىزنى دەسلەپتە تاللىغاندا كۆزۈم كور بولۇپ قالغان

بولغىيمدى؟“ دەپ ئويلىدى.

كونىلارنىڭ ”يالغۇز خوتۇن ئۆندىمەس، ئىككى خوتۇننىڭ گېپى تۆگىمەس“ دېگەن سۆزى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن. بۇ ئايال بەك زېرەك، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا، گەپ-سۆز قىلغاندىمۇ تۇيدۇرماي قىلىدۇ-دە، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىمەيدۇ.

يەڭگىسى ناھايىتى مۇلايىم ئاھاڭدا:

— خەيىبو ئەتراپلىق ئويلىيالمايدۇ، ئۇنىڭغا سىز كۆپرەك ئەقىل كۆرسىتىڭ، دادامنىڭ مۇشۇنچە ياشىشى ئاسان ئەمەس، ئۇمۇ ئاز دەرت تارتمىدى، — دېدى.

— بىلمەن، مەنمۇ نەسىھەت قىلمىدىم ئەمەس، بىراق...

— نىمە؟

— ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار.

— نىمىنى ئويلايدۇ؟

— ئۇ... كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتى قۇرماقچى.

— ئۆزى يالغۇز؟

— باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرماقچى، كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەر ئۇنى مۇشۇ ئوقەتنى قىلىشقا تارتىۋاتىدۇ. چوڭراق زاۋۇت قۇرۇپ، كۆمۈرنى ماشىنا بىلەن قۇيماقچى.



— نىمە بوپتۇ؟ قۇرسا قۇرۇۋەرمەمدۇ!

— دادام قوشۇلمايۋاتىدۇ.

— مۇشۇ ئىشقا جېدەللىشىپ قالدىمۇ؟ دادام نىمىشقا قوشۇلماي-

www.uyghurkitap.com

دىكەن؟

— دادام، ... ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك. باشقىلار-نىڭ ئۈلىنى كولاپ، قاچىسىدىكى تاماقىنى تالاشماسلىق لازىم، دەيدۇ.

— نىمە دېگىنى بۇ؟

— خەيبۇنىڭ ماشىنىلاشقان كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلسا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، كۆمۈرىنىڭ سۈپىتى ياخشى ھەم باھاسى ئەرزان بولغاچقا، پېڭ ئەرساۋنىڭ زاۋۇتى توختاپ قالارمىش.

— ھە، مۇنداق ئىشكەن-دە...

— راستىنى ئېيتقاندا، ھەممە ئەيىپنى خەيبوغا قويغىلى بولمايدۇ. ھازىر قەيەردە مۇنداق ئىش يوق؟ پۇل تېپىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، ماشىنا بىلەن ياسالغان كۆمۈرنىلا ئالساق، ئۇ قولدا ياسىغانغا قارىغاندا ئوبدان كۆيىدۇ، بۇنىڭ كۆپچىلىككە يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىمۇ يوق...، — گۇيجېن بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ روشەن ھالدا يولدىشى تەرەپتە تۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزدى-دە، دەرھال گېپىنى توختىتىۋېلىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، ياخشى كېلىن بولماق ھەقىقەتەن تەسكەن! دەپ ئويلىدى. ئۇ قېيىناتىسىنىڭ "ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك" دېگەن سۆزىگە چىن دىلىدىن قايىل ئىدى، ئۇنىڭدا قېيىناتىسىغا قارشى تۇرۇپ يولدىشىنى ياقلايدىغان نىيەت قىلچە يوق ئىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ھېچقايسىسىغا يان باسمايمەن دېيىش نىمە دېگەن تەس! بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر دەۋردە، ئويلاپ خىيالغا كەل-مەيدىغان زىددىيەتلەر ھەممە كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا كاۋاك قالدۇرماي كىرىپ، ئائىلىدىكى خاتىرجەملىكنى بۇزۇۋاتقاندا، كېلىن بولغۇچىغا تېخىمۇ قىيىن بولىدىكەن...

يەڭگىسىگە كىچىنچەكنىڭ دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جېدەلدىكى "مەيدانى" تولۇق ئايان بولدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆيدىكىلەر ئىچىدە يېتىم قالغانلىقىنى تەبىئىي يوسۇندىلا ھېس قىلدى. ئۇ بۇنداق "ئىككىدە بىر" ھالەتكە چىداپ تۇرالمايتتى، ئاتا ـ بالىلىق مېھرى ئۇنى دەرھال دادىسى تەرەپكە ئۆتۈشكە چاقىراتتى، ئۇنىڭ ئانىسى بولمىغان ئائىلىسىدە، ئەزەلدىن ئۇنىڭ دىگىنى ھېساپ بولاتتى، ئۇ ئائىلىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى ھەمدە باش بولاتتى.

— بولىدۇ، مەن بۇگۈنلا باراي، — يەڭگىسى بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى باسالمايۋاتقانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى، — زادى نىمە ئىش بولغىنىنى ئۇقۇپ باقاي. بىر ئائىلىدە ھامان بىر باش بولىدىغۇ! خەيىبو دىگەن تەنتەك دادىسىنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلىماي كىمنىڭكىنى ئاڭلايدىكىن؟...

گۇيجېن يەڭگىسىنىڭ ئاپ ـ ئاشكارىلا دادىسى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى، ئاخىرقى سۆزى بولسا ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋالدى!

— ھىم! — ئۇ كۆڭلىدە توغرا تاپىسىمۇ، لېكىن نارازىلىقىنى چاندۇرمىدى، — شۇنداق قىلىڭ يەڭگە، ئۆزىڭىز بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭ، بولمىسا، ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلار كېلىنى ئەدەپسىز ئىكەن دەپ، گۇنانى مەندە قويىدۇ!

— ئۇنى ـ بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ھەرقايسىمىز توغرا مەيداندا تۇرساقلا بولىدۇ. كىيىمنىڭ كونىرىشى تارتىشتىن ئەمەس، كىيىشتىن بولىدۇ!

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

گۇيجېن يەڭگىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ، مېڭىشقا

تەييارلىنىۋاتقىنىغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ، بىرئاز پۇشايمان قىلىپ، بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلمىسەم بولغانىكەن، ئەمدى ئۆزۈم "ئەيىپكار" بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن يەنە، گەپ شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇچۇق دىگىنىم ياخشى، مېنى "مەيدانى يوق" دىسە دەۋەرمەمدۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئاشۇ ئىتتىك ئاغزى بار، ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ! دىگەننى كۆڭلىگە كەلتۈردى ـ دە، قانداقتۇ ئۇنىڭ ئېسىگە ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايال بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان مەنزىرە كەلدى ـــ دەسلەپتە باشقىلار ئۇنى جاڭ خەيبوغا تونۇشتۇردى، تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، خەيبو ھېچنىمە دىمەي، كۈلۈپلا تۇردى. مۇنۇ ھەدىسى بولسا خۇددى بىر سۇدىيەدەك، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قايتا ـ قايتا قاراپ چىقتى، ئۇ ئۈچ سائەتكە سوزۇلغان "تەكشۈرۈش"كە بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇ چاغدا گۈيجېن قىزلارغا خاس سەزگۈرلۈكى ۋە پاراستى بىلەن، بىر قاراپلا بۇ ھەدىنىڭ ناھايىتى قالتىسلىغىنى بىلىۋېلىپ، ئىنتايىن مۇلايىملىشىپ ھەتتا كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان بۇ ئويۇننىمۇ ئىزا تارتقان ھالدا ئۆتكۈزۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى خورلانغاندەك ھىس قىلاتتى. كېيىن، يەڭگىسى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى، ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلىماسلىق كېرەك ئىدى، لېكىن مۇشۇ پەيتتە شۇ چاغدىكى ئىشلار قايتا كۆڭلىدىن كەچتى ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا ئاغزى قىچىشتى.

يەڭگىسى كىيىنىپ بولۇپ، سىۋەتكە تۇخۇم سېلىۋاتاتتى.

ـــ ئالمىسىڭىزمۇ بولاتتى، تۇخۇم دىگەن بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بار ئەمەسمۇ، ـــ دىدى گۈيجېن "بىزنىڭ ئۆي" دىگەن سۆزنى ئالاھىدە

قاتتىق چىقىرىپ بۇنىڭ بىلەن ئۇ قارشى تەرەپكە: سەن قانچە قالتىس بولغىنىڭ بىلەن، بەربىر ياتلىق قىلىنغان قىز، داداڭنىڭ ئۆيىدە يەنىلا يات ھېساپلىنىسەن! دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولدى.

سۆز ئۇرغۇسىدىن مەقسەت ئاپ-ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغاچقا، يەڭگە بولغۇچى كېلىنچەكنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ئوچۇق چۈشەندى. ئۇ سۈەتكە يەنە تۇخۇم سېلىۋېتىپ تۇرۇپ، كېلىنچەكنىڭ گېپىگە جاۋابەن:

— سىزنىڭ بولسا ئۆزىڭىزنىڭ. دادا مېنىڭ دادام، دادامغا مەن كۆيمىسەم كىم كۆيەتتى؟... بوبونى ئۆشنەمدىن چۈشۈرمەي باققانمەن، بىلمەن، ئۇنىڭدا جېگەر دېگەن نىمە يوق! — دېدى.

گۈيجېنىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى، يەڭگىسىنىڭ سۆزلىرى ئوپ-ئوچۇقلا ئۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇپ، تولىمۇ ئېشىپ كەتتى! ئۇ ئۆزىنى باسالماي قالدى-دە، ئورنىدىن دەس قوپۇپ، زورىغا تەمكىن قىياپەتتە:

— ھەدە، بۈگۈن مەن سىزدىن دەشنام يېگىلى كەلمىگەن. سىزمۇ بۇ ئۆيگە كېلىن، كېلىن بولۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلمەيسىز ئەمەس...يەنە كېلىپ، ئۆيىمىزدە يۈز بەرگەن بۇ ئىش نەدىمۇ ئائىلىدىكىلا ئىش بولسۇن، ھەرگىز ئائىلىدىكىلا ئىش ئەمەس، ھەرقانچە ياخشى كېلىن بولغان بىلەنمۇ، ئۆزىنىڭ "ساداقەتمەن"لىكى بىلەن بۇ ئىشنى باسالمايدۇ... مېنىڭ كېلىشىم مۇشۇ ئىشنى قانداق قىلىش توغرىسىدا سىزدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئىدى، بىر تەرەپتە قېيناتا، بىر تەرەپتە ئەر تۇرىدۇ، قېيناتامنىڭ دېگىنىمۇ يوللۇق، ئەرنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق. مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دېدى.

يەڭگىسى كۆڭلىدە: بۇ جىنتەكىنىڭمۇ خېلى گېپى باركەن! خەيبو

دىگەن پېتىر قۇلاق بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلارنى بىر بىرىگە قارشى قىلىپ قويغىنى يېنىق تۇرۇپ، ئەكسىچە، ياخشىچاق بولىۋالغىنىنى قارا!—دەپ ئويلىدىم-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— نىمە ئۇ ئىش، بۇ ئىش؟ ئۇ يوللۇق، بۇ ئورۇنلۇق؟ تولا گەپ يورغىلاتماي، كۆڭلىڭىزدە نىمە بولسا شۇنى دەۋەمەمسىز! ئېيتىڭا، سىزمۇ هازىرقى كىلىنلەردەك دادامنى ئارتۇقچە يۈك ھىساپلاپ، بۆلەك بولۇپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر مەندە قىلچە مۇشۇنداق نىيەت بولىدىغان بولسا، خۇدا ئۇرسۇن! خەيبوددىمۇ ئۇنداق خىيال يوق، بۆلەك بولماقچى بولغان بىز ئەمەس، بەلكى... — دەپ جاۋاپ بەردى گۈيجىن.

— كىم؟ دادامغۇ ئەمەستۇ؟!

— ھە، شۇ ئالجىغان قېرى!

— نىمە؟ ئالجىغان قېرى؟ دادامنى ئالجىغان قېرى دەپ تىللاۋاتامسىز؟!

— بىرىپ ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۇياقنى كىم ئالجىغان قېرى دىمەيدىكىن! ئۇ ھىلىقى پېك ئەرساۋ دىگەنىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كونا كۆمۈر زاۋۇتىنى جېنىنىڭ بىرىچە قوغداپ، تۇگىشەي دەپ قالغان بۇ زاۋۇت ئۈچۈن تېخى ئۆزىنىڭ 'ئالاقىسى' بىلەن بوبوغا بىزنىڭ تىراكتورىمىزدا كۆمۈر توشۇتقۇزۇپ، ئۇ خوتۇن ئۈچۈن بىكارلا كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. نىمە نىيىتى باركىن؟ باشقىلارغا پۇل تېپىشىپ بىرىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ زىيان تارتىۋاتقىنى بىلەن كارى يوق! ئۇنىڭ ئۇستىگە، نۇرغۇن سۆز-چۆچەك، بولمىغۇر گەپلەر مەھەللىنى بىر ئالدى، بىزنىڭ باش كۆتىرىپ يۈرەلمەيۋاتقىنىمىز دادامنىڭ خىيالى-

غىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ...

گۇيجېىن مۇشۇنىچىلىك دىسەم بولار دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى خېلى سالماققا توختاپتتى، لېكىن ئۇ ناھايىتى ’تاكتىكا‘ بىلەن ئېيتتى، يەڭگىسى زىرەك بولغاچ، بۇ سۆزلەرنى بىلىۋالالايتتى.

دىگەندەك، يەڭگىسىنىڭ چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى ـ دە، ئاچچىغلانغىنىدىن كالپۇكلىرى تىترەشكە باشلىدى، ئۇ گەپمۇ قىلماستىن، گويا گۇيجېىننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ، زادى خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان، ئىشەنگۇسىمۇ كەلمەيدىغان قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىگىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغاندەك، دەككە ـ دۈككىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى.

گۇيجېىن جىم تۇردى، ئۇ ئىلگىرى «ئائىلە باشلىغى» بولغان بۇ يەڭگىسىنىڭ ھازىرقى ھودۇققان ھالىتىنى كۆرۈپ بىرئاز ھوزۇرلانغاندەك بولدى. بۇ بىر خىل غەلىبە خوشاللىغىنىڭ ھىسسىياتى ئىدى.

3

ھازىر، بەزىلەر باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلسا، ھامان ئومۇمنىڭ ئىشىنى خۇسۇسى ئىشقا، خۇسۇسى ئىشنى ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بەزىدە ئۇ ئىشلار چىرمىشىپ كەتكەچكە، كىشى ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىگى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالماي قالىدۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ماجىراسى دەل مانا شۇنداق ماجىرا ئىدى. قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا؟ بۇ ھەقتە، كىشىلەر ئارىسىدا بىر مەھەل غۇلغۇلا بولۇپ يۈردى.

بۇ جاي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەجرىبە قىلىنغان رايون بولۇپ، بۇ يەردە ”پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىنى ئايرىش“ ئەڭ بۇرۇن

يولغا قويۇلۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت، كەنتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇرۇنقى دادۈيجاڭلار 50 ياش چامىسىدا بولغاچقا، ھەممىسى دېگۈدەك "چېكىنىپ"، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتتە كەنت باشلىقلىق ئورنىنى قايتا ئۈستىگە ئالمىغان ئىدى. لاۋجۇاڭنىڭ تېنى ساغلام بولسىمۇ، 51 ياشقا كىرىپ قالغاچقا، چېكىنىپ چىققان ئىدى. ئەمما بەزىلەر، ئۇنىڭ "ئىدىيىسى مۇتەئەسسىپ" بولغانلىقى ئۈچۈن، سايلانماي قالدى؛ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، ئۇ توپ-توغرا بىر يىل كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەچكە، شۇ يىلى پۈتۈن دادۈينىڭ ئىشلەپچىقىرىشى خېلى ئارقىدا قالدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئاز-تولا ئاغرىنىدى، دېيىشتى. لېكىن، لاۋجۇاڭ كەنت باشلىقى بولمىغان بىلەن، يەنىلا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تەشكىلىي خىزمەتكە مەسئۇل ئىدى. قارا باسقاندەك، مۇندىن بىر ئاي بۇرۇن، ئۇ پېڭ ئەرساۋ باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئەزانىڭ يېڭىدىن بولغان كەنت باشلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلغان بىر پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە، كەنت باشلىقى ھازىر بىرنەچچە باي ئائىلىنىڭ بىرلىشىپ "ماشىنىلاشقان كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتى" قۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، بىزنىڭ مىلىك تەسلىكتە تۇتۇپ تۇرغان، قول ئەمگىكى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان كۆمۈر زاۋۇتىمىزنى قەستەن ۋەيران قىلىپ، بېيىش يولىمىزنى توسۇپ قويماقچى، دېيىلگەن. لاۋجۇاڭ بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى، يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيتتى. ئەگەر توساتتىن، "باشقىلارنىڭ بېيىش يولىنى توسقان" بۇ ئىشقا ئۆز ئوغلىنىڭمۇ قاتنىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئاللىبۇرۇن ماتېرىيالنى

گۈگۈشىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ يۇقۇرىغا يوللىمىدى، ئوغلىنى ئۇنىداق ۋىجدانسىزلىق بىلەن ئالدى ـ ساتتى قىلىدىغان ئىش بىلەن ھەپىلەشمەسلىككە ئۈندەيمەكچى بولدى.

ئۇ كۈنىمۇ ئۇچەيلەنىنىڭ تاماق شىرەسى ئەتراپىغا توپلاشقان ۋاقتى ئىدى.

ــ بوبو، ــ دېدى لاۋجىۋاڭ، ــ سەن بايىقى كۆمۈر زاۋۇتى قۇرماقچى بولغانلارنىڭ ئىشىغا قاتناشتىڭمۇ؟ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى نېمىشقا مەندىن سورىمايسەن؟

ــ ھەئە! شۇنداق بولدى، ــ دېدى خەيبو، ــ ئۇلار تېخى مېنى زاۋۇت باشلىغىلىققا كۆرسىتىشىۋاتىدۇ!...ئاۋال سىزدىن سورىسام بولامتى؟ ياخشىمۇ سىزدىن سورىماپتىكەنمەن، سىز ئارىلىشىدىغان بولسىڭىز، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، لاۋجىۋاڭنىڭ سەل ئاچچىغى كەلدى ـ يۇ، چىچىلمىدى:

ــ تىراكتۇرنى تېزرەك ھەيدىسەڭلا بولدى، دانالىق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ! زاۋۇت باشلىغى بولۇپ تىراكتۇرنى ھەيدىمەمسەن؟ ــ دەپلا قويدى.

ــ باشقىلارنىڭ دەل مېنىڭ تىراكتۇرۇمغا كۆزى چۈشكەچكە، مېنى قېتىۋېلىپ، باشلىقلىققا كۆرسىتىشىۋاتىدۇ! شۇنچە چوڭ زاۋۇت قۇرۇپ، مەخسۇس بىر ماشىنىدا كۆمۈر توشۇماي بولامدۇ! دانالىق قىلدىڭ؟ ھازىر كىم دانالىق قىلمايدىكەن؟ مەن باشقىلاردىن دانىراق بولسام نېمە بوپتۇ؟

ــ بىراق، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نانىنى تارتىۋالساڭلار بول-

مايدۇ ــ دە!

ــ ھا ــ ھا ــ ھا...دادا، بۇ سىزنىڭ قايسى قائىدىڭىز؟ بۇنى قانداقمۇ بىرسى بىرسىنىڭ قولىدىكى ناننى تارتىۋالدى دېيىشكە بولىدۇ؟ كىمدە كىم زاۋۇت قۇرسا قۇرۇۋەرسۇن، خېرىدار كىمنىڭ ـ كىنى ئالغۇسى كەلسە ئېلىۋەرمەمدۇ، جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئادىل ئىش بولامدۇ؟

ــ مۇتتەھەم! سەنلەر ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشساڭ، باشقىلار قول ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقارسا، ئۇششاق تىجارەتچىلەر سەنلەر بىلەن تەڭ كېلىشەلەمتى؟

ــ كىم ئۇلارنى ماشىنا ئىشلەتمىسۇن دەپ بەلگىلەپتۇ؟

ــ ئۇلار سېتىۋالالامدۇ؟

ــ ئۇلارنىڭ سېتىۋالالمايدىغانلىقىنى كىمدىن كۆرەتتىڭىز؟ مەندىن كۆرەتتىڭىزمۇ؟

ــ ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك.

ــ ياكى ئوغرىلىمىسا، ياكى بۇلىۋالمىسا، ۋىجدانى يوق دېيىشكە بولامدۇ؟ 30 يىل كادىر بولدىڭىز، بۇ دادۇيگە توك كەلمىدى، بىرەر ماشىنا ئېلىنمىدى، سىزدە ۋىجدان بولغانلىقتىن مۇشۇنداق بولدىمۇ؟

ــ تىلىڭنى تارت!

ئاچچىقلانغىنىدىن لاۋجۇاڭنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. گۇيجىن بوخەيگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىۋېتىپ، دەرھال دادىسىغا ھىجىيىپ دېدى:

ــ دادا، ئۇنىڭدىن رەنجىمىسىلە. ئۇ بىر گېرى ئادەم، گېپىنى ئۇقتۇرالمايدۇ! ــ سۆزىنى تۈگىتىپلا، دەرھال خەيبوغا ئىللىق نەزەر

تاشلىدى.

ئەمما، ئائىلىدىكى تىپ-تىپنچ، ئىناق كۈنلەر شۇندىن ئىپتىۋارەن بۇزۇلدى. كۆرۈنۈشتە ئۇچەيلەننىڭ ئىككىسى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى، يەنە بىرى ھوقۇقىدىن ۋازكەچكەندەك بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكىنى يوق ئىدى، گۈيجىن كۈنىدە كەچتە يات-قاندا، ئىرى بىلەن زاۋۇت قورغاندىن كېيىنكى پارلاق مەنزىرىلەر ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ئىرى ئۈنىڭغا، زاۋۇت قۇرۇلسا سەن بوغالتىر بولسەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. چۈنكى، بۇ زاۋۇت-نىڭ كادىر مەسلىسى ھەم دادۈيگە ھەم گۇڭشېغا تەئەللۇق بولمى-غاچقا، ئۇلارنىڭ كادىرلارنى "ئەمەلدارلار"دىن يولىيورۇق سورى-ماستىنلا ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، لاۋجۇاڭ ئوغلىنىڭ زاۋۇت قۇرۇش ئىشىدا قىلچە يول قويماستىن، يەنىلا ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئوغلىغا بۆلەك بولۇش كوزىرىنى ئىشقا سالدى.

"بۆلەك بولۇش؟" خەيبونىڭ بۆلەك ئۆي تۇتۇش جەھەتتە ھىچ-قانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى يوق بولۇپ، بوۋاينىڭ مۇنداق بىمەنە ئويلاردا بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. بۆلەك ئۆي تۇتۇش ئۆيدىكى مالىيە كۈچى ۋە ماددى كۈچلەرنى ئىككىگە بۆ-لۈشتىن دېرەك بېرەتتى، ئەڭ چوڭ مۈلۈك تىراكتۇر بولۇپ، راس-تىنلا ئۆي ئايرىلىدىغان بولسا، بۇنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. ئەگەر تىراكتۇر خەيبوغا قالىدىغان بولسا، خەيبو مۇقەررەر ھالدا دا-دىسىغا قەرزدار بولۇپ قالاتتى. ھالبۇكى، زاۋۇت قۇرۇشقا كېرەك-لىك مالىيە كۈچى نەدە؟ گەرچە خۇمداندىكى ھىلقى تەمىنات-سودا

بۆلۇمىنىڭ باشلىغى پاي قوشۇشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پاي بىرەر تىيىنمۇ نەق پۇلى يوق قۇرۇق پاي بولۇپ، پەقەت كۆمۈر مەنبەسىدىن مەنپەئەتدار بولۇش ھىساۋىغا ھەل قىلىنغان "پاي" ئىدى.

خەيبو ئىككىلەندى.

مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، گۇيجېن ئۆز ئۆيىدىن ئاكىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى، ئەر-خوتۇن ئىككىسى بوۋاينىڭ بۆلەك ئۆي تۇتۇشىغا قوشۇلدى، ئاندىن، ئۇستىگە قەرز ئارتىۋېلىپ، ئاددى يەپ-ئاددى كىيىپ، غورىگۆل ئۆتسەكمۇ مەيلى دەپ، زاۋۇتنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى، چۈنكى ئۇ شەرتسىز پۇل تاپىدىغان بۇيۈك ئىش ئىدى.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۇيۇشۇپ بىر نىيەتكە كەلدى. لېكىن گۇيجېن ئېرىدىن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى، باشقىلارغا، گۇيجېن كېلىن بولغاچقا بۇ ئىشقا ئارىلاشماي، ئوتتۇرىدا تۇردى، ئاتا-بالا ئىككىمىزنىڭ ماجىراسىغا ئارىلىششنى خالىمىدى، دېيىشنى ئۆتۈندى. دىگەندەك، ئىش كۇندىن-كۇنگە ئەۋج ئېلىپ، كۇندىن-كۇنگە زورىيىپ، پۈتۈن كەنتكە پۇركەتتى. مەيلى "دادا تەرەپتىكىلەر" بولسۇن، ياكى "بالا تەرەپتىكىلەر" بولسۇن، ھەممىسى گۇيجېننى ئەدەپلىك، چوڭ ئىشنى ئويلايدۇ، "ياخشى كېلىنلەرنىڭ تىپى" دەپ ماختاشتى.

ئەسلىدە، خەيبو پېيىڭ ئەرساۋغا بىرنەچچە كۇندە بىر قېتىم كۆمۈر توشۇپ بېرىپ (ئۇ دەل كۆمۈر توشۇپ بېرىش جەريانىدا كۆنەك كۆمۈر ئىشلەشنىڭ يولىنى بىلىۋالدى ھەم كاندىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاۋۇت قۇرۇش نىيىتىگە

كەلگەن ئىدى)، بىرئاز پۇل تاپقان ئىدى. يېقىندىن بۇيان، كېچە-لىرى گۈيجېن ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ھىلىقى پېك ئەرساۋ بىلەن بولغان "ئىشقى-مۇھەببەت ئىشلىرى" توغرىسىدا ئۇدا بىرنەچچە قېتىم مە-لۇمات بەردى. بۇ ئىشنىڭ ئەمىلىيەتتە بار-يوقلۇغى ھەققىدە بىر نىمە دېيىش تەس ئىدى. چۈنكى، لاۋجۇاڭ يېقىندىن بېرى ھە-مىشە ئاشۇ ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن لاپاسقا بېرىپ، كۆنەك كۆمۈر ياسايدىغان ئەزالارغا ھەممە تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىدىغان، پېك ئەرساۋ بىلەن كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇزاققىچە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ بۆلەك ئۆي تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان-لىغى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممىگە بىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، كى-شىلەر، لاۋجۇاڭ ئۆزىگە تەككەن مۇلۇكنى پېك ئەرساۋنىڭ كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتىغا قوشۇپ، لىڭشىپ قالغان بۇ ئەسكى لاپاسنى يېگى-لامدۇ-نىمە؟ دەپ تەھلىل قىلىشتى. ئارقىدىنلا، لاۋجۇاڭ بىلەن تۇل خوتۇن پېك ئەرساۋ "ئاشنا" بوپتۇ، دىگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ سۆز-نىڭ دەسلەپتە كىمنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئىشقى-لىپ مۇنداق خەۋەر كىشىلەرنى بەكمۇ ئاسان ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ خەۋەر ناھايىتى تېز تارقىلىپ، بىر مەھەل كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغان ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. گۈيجېن سىرتتا ھەمىشە ياخشى كېلىن سۈپىتىدە كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، ھەممە ئىشتا ئەدەپلىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ قويغان-دىن باشقا چاغلاردا، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زادى چىشىنىڭ ئېقىنى چىقارماي، كەم سۆز بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، قېيىناتىسى بىلەن ھىلىقى پېك ئەرساۋ ئوتتۇرىسىدا تارقالغان گەپلەرگە كەل-

گەندە، بىرەر ئىغىز گەپتىنمۇ قالمىدى. ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، مۇشۇ كۈنلەردە، خەيبۇنىڭ "باشقىلارنىڭ قولىدىكى نانىنى تارتىۋېلىشى"نىڭ ئەيىپلىگۈدەك ھېچيېرى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ چەت يېزىدا كىشىلەر-نىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشىش يەنىلا تەس ئىدى. ئەك-سىچە، قېيىناتىسىنىڭ "كەمبەغەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغان"لىغى بولسا كۆپچىلىكنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ قالاتتى، شۇڭا، دادا-بالا ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشىدا قايسىسىنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى ھەققىدە بىرنىمە دېيىش قىيىن ئىدى. بىراق، گۈيجېن قېيىناتىسىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كومپارتىيە ئەزالىرىغا باش-قىسى ئېغىر تۈيۈلمىسىمۇ، ئۆرپ-ئادەتكە مۇخالىپ ئىش قىلىدى دىگەندەك پىتنە-پاساتلارنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن ئېغىر تۈيۈلىدىغان-لىغىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

لېكىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى، ئۇ كۆزىتىش نەتىجىسىدە بوۋاي-نىڭ "جامائەت پىكرى"گە پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىنى، يەنىلا ئۆزىنى تەمكىن، ئېغىر-بېسىق تۇتۇپ، قىلچە قىسىنماي، بۇرۇنقىدەكلا پېلىك ئەرساۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ-كېلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى-دە، ھەيران قالدى!

خەيبۇ كۈندە سەھەر چىقىپ كېتىپ، كەچ قايتىپ كېلەتتى، يۈك توشۇغاچ ئالدى-ساتتى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، زاۋۇتقا مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن كالىدەك باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى. ئىش پۈتەي دەپ قالغاندا، يەنە گۈيجېندىن كىشىلەرنىڭ دادىسىنىڭ ئۇ ھېلىقى سەت ئىشلىرىنى ئەيىپلىگىنىنى ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇگۈنكى ناشتى-دىكى ۋەقە يۈز بەردى.

خەيبۇنىڭ كۆمۈر توشۇشىنى رەت قىلىشى، شۈبھىسىزكى، پىلىڭ

ئەرساۋنىڭ لىڭشىپ قالغان كۆمۈر زاۋۇتىغا بولغان ئەجەللىك زەربە ئىدى، شۇنداقلا ئاشۇ بىچارە ئەبجەق زاۋۇتنى قوللاۋاتقان دادىسىغا تاپشۇرۇلغان ئاخىرقى ئۇلتۇماتۇم ئىدى.

4

لاۋجۇاڭ سىرتقا چىقىپ، ئازراق بىر ئىشنى ئويلىشىۋالغاندىن كېيىن، گۇڭشېغا — ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە — بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، يېڭىدىن تەختكە چىققان ياش كەنت باشلىقىنى ئىزدەشنى خالىمىدى. ئۇ، بۇ كەنت باشلىقىنىڭ باشقا يەردە يوغان گەپ قىلىپ، خەيبونىڭ "ئىسلاھ قىلىش روھى"نى قوللىشىنى ياشلاردا مۇقەررەر بولىدىغان تەنتەكلىك ھەركەت، دەپ قارايتتى، ئىچىدە بۇ ئىش كۆرمىگەن بالىچۇق كەنت باشلىقىنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇ سابىق گۇڭشې شۇجىسى، ھازىرقى يېزىلىق پارتكومىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى چوقۇم مېنىڭ تەشەببۇسىمغا قوشۇلىدۇ، دەپ بىلەتتى، ھازىر ئۇ يۇقۇرىنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج ئىدى، قارىغاندا، ئوغلىغا "ئائىلە قانۇنى ئاقمايدىغاندەك تۇراتتى، ئەمدى دۆلەت قانۇنىغۇ باردۇ!"

ئۇ ئۆزى بىلەن تۇل خوتۇن پېيك ئەرساۋ توغرىسىدا تارالغان دۆسەك سۆزلەرگە راستىنلا پىسەنت قىلمىدى. "ئەگەر شۇنداق بولسا نىمە بوپتۇ؟ ئۇنداق بولمىسا نىمە بوپتۇ؟ بىر بويتاق ئەر بىلەن بىر تۇل خوتۇننىڭ شۇنداق ئويى بولسا، پەتتە ئېلىپ توي قىلسىلا بولىدىغۇ، ئەجەپلىنەرلىك نەرى بار بۇنىڭ؟!..." دەپ ھىساپلايتتى ئۇ. قارىغاندا، لاۋجۇاڭنىڭ ئىدىيىسى بۇ جەھەتتە تولۇق ئازات بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆپ يىللار دادۇيجاڭ بولغاچ، سىياسەتنى بىلەتتى، ھېچكىم ئۇنى قورقىتالمايتتى.

قارىماسىز، ئۇ يەنە شۇ يەرگە باردى! لاۋجۇاڭ گۇڭشېغا بارىدى-

www.uyghurkitap.com

غان يولـدىن ئەگىپ، ئەبجەق لاپاس ئاستىدا، ئۈستى ـ باشلىرى پاسكىنا ھەم قاپ ـ قارا بولۇپ ئىشلەۋاتقان گۆكشى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتمەكچى بولدى، ئۇلار كۆنەك كۆمۈرنى قولىدا بىر ـ بىرلەپ سىقىمداپ چىقىراتتى، كۆپ پۇل تاپالمايتتى، لېكىن بۇ ئىش، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلاتتى. بۇ، كىشىلەر ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان ئىش ئىدى، بىراق، پېشك ئەرساۋنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەپ ئىشلەپ كەلگەنلىگىنىڭ ئۆزى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش روھى ئىدى. لاۋـجۇاڭنىڭ بۇرۇنلا نامى يامان ئاتىلىپ قالغان ئاشۇ تۇل خوتۇنغا بولغان ھېسسىياتى مۇرەككەپ ئىدى: ھەم كەمسىتەتتى، ھەم تامامەن كەمسىتىپ كەتمەيتتى؛ ھەم ھېسداشلىق قىلاتتى، ھەم تولۇق ھېسداشلىق قىلىپمۇ كەتمەيتتى. مۇندىن ئون يىل ئىلگىرى ئىشقىۋازلىق ئەنزىسى تۇغۇلغانلىقتىن، لاۋجۇاڭ بىر قېتىم پېپەن يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا "تەربىيە" بەرگەن ئىدى. چۈنكى، بىر كۈنى كېچىدە لاۋجۇاڭ قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا، ۋاقىرىشىپ ئويغىتىۋەتتى، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، بىرنەچچە كۆكەمە بالا ـــ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قىزىل مۇھاپىزەتچىلەر دەپ ئاتىلاتتى ـــ بىر ئايالنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېپكەپتۇ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقۇرىسى قىپ ـ يالىڭاچ بولۇپ، تۆۋىنىدە پەقەت ئەۋرىتىنى يېپىپ تۇرىدىغان كالتە ئىشتانلا بار ئىدى، چۇگۇلغان ئۇزۇن چاچلىرى دىقماق كەلگەن ئاپپاق دولىسىنى يېپىپ تۇراتتى، لاۋجۇاڭ ئۇنىڭ كىملىگىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمىدى. قىزىل مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭغا بۇ ئايالنى بايا دۆڭلۈكتە چارلاپ يۈرگەندە تۇتۇۋالغانلىغىنى، ئەرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىگىنى، دالىدا قالايمىقان ئىش قىلغان بۇ ئايالنىلا داۋىيجاڭنىڭ بىر تەرەپ

قىلىشىغا تۇتۇپ كېلىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. لاۋ-جۇاڭ شۇئان ئۇنىڭ قولىنى يەشتۈردى ۋە ئۇنى كىيىنىشكە بۇيرۇدى. كىيىنگەندىن كېيىنلا، بۇ چوكانىنىڭ پېتىك لاۋئەردىن قالغان تۇل ئايال بولۇپ، ئەمگەك ئىنتىزامىغا بوي سۇنمايدىغان ئەزا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. لاۋجۇاڭ نەق مەيداندا ئۇنىڭغا قاتتىق كايىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆيىگە بېرىپ، ئەتىكى ئەزالار چوڭ يىغىنىدا ئاممىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

10 يىلدىن بۇيان، پېتىك ئەرساۋ لاۋجۇاڭنىڭ ئاشۇ دىمىق ياز كېچىسىدە ئۆزىنىڭ قولىنى قانداق يەشتۈرگەنلىكى، ئۇنى كىيىنىپ ئۆيىگە قايتىشقا بۇيرۇغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرسىلا ئىنتايىن خىجىلچى-لىقتا قالاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار بولاتتى. ئۇ كۆمۈپ قويغان ئېرىغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويغانلىقىغا پىسەنت قىلمايتتى، چۈنكى، ئېرى ئۆلگۈر ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ باققان ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ لاۋجۇاڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولاتتى. بۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئون يىل جەريانىدا ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم قايتا تۇرمۇش-لۇق بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرگۈزۈپ قويدى، شۇنداقلا، ئۇ-نىڭ قىلىقسىز شاللاق خۇلقلىرىنى خېلىلا يۇغۇشتۇرۇپ قويدى، بەزى ئەرلەر ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئەرلەرنىڭ نىمىنى ئويلايدىغىنىنى بىلەتتى، ئۇ چوڭ قىزلاردەك تارتىنىپ يۈر-مەيتتى، لېكىن ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. لاۋجۇاڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئاياللىق غورۇرى ۋە تەبىئىتىنى قوزغايتتى. ئۇ لاۋجۇاڭنىڭ ئاشۇ كۈنى كەچتە ئۆزىگە كەمسىتىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قارىغىنىغا رەھمەت ئېيتاتتى. ئون يىل نىمە

دىگەن ئۇزاق ـ ھە! ئۇ ناھايىتى چارچىغانلىغىنىمۇ ھىس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئالاقىلىشىش ۋە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە تۇغما ماھارەت بار ئىدى. ئۇن نەچچە ئادەمنىڭ قول ئەمگىكى بىلەن ماڭىدىغان كۆمۈر زاۋۇتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا يالغۇز ئۆزى مەسئۇل ئىدى، ئۇ ھەممىشە كۆمۈركانىغا بېرىپ تاپاۋەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، شەھەردە يۈرۈپ جايلارنىڭ كۆمۈر زاۋۇتلىرىنى كۆرۈپ چىقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپا چېكىپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئەمەسلىگىنى پەملىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەرىپى كومپارتىيە ئەزايىمىز لاۋجاڭدىن ئۈستۈن تۇراتتى. يېقىندا، لاۋجاڭ ئوغلى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، مۇشۇ زاۋۇتنى بىر گۈللەندۈرۈۋەتمەيمۇ دىگەن غەرەز بىلەن، بىراقلا بۇ كۆمۈر زاۋۇتىغا قاتناشتى. لاۋجاڭنىڭ تىرىشچانلىغى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولدى، لېكىن بۇ ھال ئۇنى ھىلىقى يامان تۇيغۇدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى كۆپچىلىككە ئېيتىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتى ـ يۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەزالارغا ئېيتىش ئاسان بولسىمۇ، لاۋجاڭغا ئېيتىش تەس ئىدى.

تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇۋاق كۆمۈر تۈگىگەن ئىدى، بۈگۈن لاۋجاڭنىڭ ئوغلى ـــ ئۇنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى ـــ كەنتتىكى بىردىن ـ بىر تىراكتورنى خىش زاۋۇتى تەرەپكە غاقىرىتىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىدىن ئۇ ھەممىنى بىلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ كارخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى، ئەزالار، بۇ يەردە ئىش بولمىغانلىقتىن، ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىدىكى زىرائەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كېتىشكەن ئىدى. كۈز شامىلى ئەسكى لاپاسىنىڭ بىر بۇرجىگىدىن ئىنتايىن يېقىمسىز بىر خىل شارىلداش ئاۋازىنى پەيدا قىلىپ،

يەردىكى ئۇۋاق كۆمۈرلەرنى يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇرتماقتا ئىدى.
ئۇ ئەزەلدىن ھېس قىلمىغان بىر خىل يېتىمسىراش ھېسسىياتى بىلەن
پۇچۇق كۇرسىدا ئولتۇراتتى. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇ
سىياسەتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ جاسارىتى، پاراستى ھەم
ماھارىتىگە تايىنىپ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى كېرەك ئىدى
ۋە شۇنداق قىلالايتتى. ئۇ ئىشنى زادى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارى-
مايتتى، ئۇ مۇنداق چەت-ياقا كەنتتە كۆنەك كۆمۈر زاۋۇتىنىڭ
ئىشى قول بىلەن قىلىنىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى نەرسە ھېساپلى-
نىدىغانلىقى، يەنە بىرنەچچە يىل ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى، يېتەر-
لىك مەبلەغ توپلىغاندىن كېيىن دەرھال ئۆز جايىدىلا ماشىنا بىلەن
ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. نەدىن
بىلسۇن، ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەندە، ئىش مۇنداق تېز ئۆزگىرىپ
كەتتى. ئۇ ئەمدى ئىش باشلاپ، ماشىنا سېتىۋېلىش غايىسىنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ بولغىچە، جۇۋاڭ خەيبو ئوتتۇرىغا چىقتى! ئۇ تەنتەك نىمە
دىگەن يامان، نىمە دىگەن زەھەرخەندە-ھە! ئۇ كۆڭلىدىكىنى
قىلچە يوشۇرماي، قىلچە ئىككىلەنمەي، ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق
سالماي ئېيتىلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدا كۆزىتىپ كۆرەي، تىڭ-
تىڭلاپ باقاي دىگەن خىياللار نىمىش قىلسۇن، يۇتۇۋالاي دىگەن
غەرەزمۇ نىمىش قىلسۇن، ئۇ خۇددى ياميۇك ئۆز پەسلىگە كەلگەندە،
قانداقلا بولمىسۇن يەر ئۈستىگە ئۈنۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، خۇددى
ياغماقچى بولغان يامغۇرنى توسۇۋالغىلى بولمىغانىغا ئوخشاش،
"قەتئى ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان" ئىدى... ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ
توسۇۋالغىلى بولمايتتى!

ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، پېڭ ئەرساۋ خەيبو دىگەن ئالا-

جوقىدىن ــ ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغۇچىدىن بىزار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە تۇيۇقسىز يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك قوزغالدى: بۇ ئىشنى نىمىشقا دادىسى قىلماي، خەيبۇ قىلغاندۇ؟ ناۋادا دادىسى قىلغان بولسا ئىدى، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. دادا ــ بالا ئىككىسىنىڭ تەققى ــ تۇرقى شۇنداق ئوخشاش، مىجەز ــ خۇلقىمۇ ئوخشاشلا چۈس تۇرۇقلۇق، نىمىشقا ئىدىيىسى شۇنچە ئوخشاشمايدىغاندۇ! بۇ نىمە دىگەن چۈشىنىكسىز، نىمە دىگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ــ ھە! تووا!

ئەمما، لاۋجۇاڭ پىڭ ئەرساۋنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۇڭشىغا (ئۇ، ھازىر گۇڭشې دىمەستىن، يېزىلىق ھۆكۈمەت دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ھەمىشە ئېسىدە ساقلىيالمايتتى) لى شۈجىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۈجىنىڭ قارار چىقىرىپ، خەيبولارنىڭ خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ، قاتناش مەسىلىسىنى ئالاقىلىشىپ، بىر ــ ئىككى كۈنگە قالماي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پىڭ ئەرساۋ ئۇنىڭ غەزەپلەنگەن روھىي قىياپىتىنى كۆرۈپ، سوغاققىنا كۈلۈپ قويدى. بايا ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولدى ــ يۇ، لېكىن بوشىشىپ ئادەمنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان ئۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشقا كۆڭلى بارمىدى.

ــ بولدۇ، بېرىپ ئېيتىپ بېقىڭ. بىراق، نىمە ئۈچۈندۇ، ئىككى كۈندىن بېرى پەقەتلا ماغدۇرۇم يوق، باشلىرىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئاغرىپ قالىدىغاندەكلا تۇرىمەن. ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقايمىكىن دەۋاتىمەن...

— ھەي، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئاغرىپ قالسىڭىز تازا بىر ئىش بولدۇ - دە. مۇنداق قىلايلى، كېسەلنى داۋالىتىش مۇھىم، تېز بېرىپ تېز قايتىڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن قاراپ تۇراي.

— ھىم... — پېڭ ئەرساۋنىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىز باشقىچە بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققىلى تاس قالدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— ئۇنداق بولسا تېز يولغا چىقىڭ، — لاۋجۇاڭ ئۇنى سۆيلىدى.

— ياق!... — ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— ھازىر كۇرەش شۇنداق جىددى تۇرسا، يەنە نىمە ئېزىلەڭگۇ-لۇك قىلىسىز؟ — ئۇ ئالدىراقسانىراق كىشى بولغاچقا، سۆزلىرىدە دائىم ئىشلىتىدىغان كونا تىرمىنلار تەكرارلىنىپلا تۇراتتى.

— كۇرەش؟ — پېڭ ئەرساۋ ئۇنىڭ سۆزىنى تۇتۇۋالدى، — ھە دىسە كۇرەش قىلىپ غەلىبە قىلالامدۇق؟ ئەنسىرەيدىغىنىم...

لاۋجۇاڭ باتۇر، جەڭگەرلىك ۋە قوپالراق كەلگەن بۇ ئايالغا ھەيران قالغان ھالدا قاراپ قالدى. لاۋجۇاڭ ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇنداق دىگەنلىگىنى بىلەلمىدى.

ئۇ لاۋجۇاڭنىڭ ئۈمىتسىزلەنگەنلىگىنى ھىس قىلغاندەك بولۇپ، ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالمىدى - دە، دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنگەن ھالدا قاراپ، يىغلىق كۈلۈپ قويدى.

بۇ پېڭ ئەرساۋنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى پەرۋا قىلماسلىق، غەم-ئەندىشىسىز ھەم مۇلايىم - مېھرى ئىسسىقلىق قىياپىتىتە كۈلگەن كۈلكىسىگە ئوخشايتتى.

لاۋجۇاڭ دەرھال ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى - دە،

www.uyghurkitap.com

— بوشاشماڭ. پارتىيە بىزنى قوللايدۇ! — دېدى.

پېك ئەرساۋ ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالمىدى، بىر ھازادىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— پارتىيە بىزنى قوللامدۇ؟ پارتىيە نىمىشقا چوقۇم بىزنى قوللايدۇ؟ ناۋادا مەن پارتىيە بولسام ئوغلىڭىز خەيبولارنى قوللىغان بولاتتىم!

پېك ئەرساۋدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكنىڭ ئارىلىغىدا بوشىشىش، مۇلايىملىق ۋە جىددىلىكتەك ئۈچ خىل تۈيغۇ كۆرۈلدى. ئەسلىدە لاۋجۇاڭ مۇنداق خىلمۇ-خىل روھىي ھالەتلەر ئەكس ئەتتۈرگەن مۇرەككەپ روھىي پائالىيەتلەرنى پىششىق بىلىشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇ بۇلارنى چۈشىنىشنى خالىمىدى، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئايال كىشىنىڭ بوينى قاتتىقلىغىدىن بولغان، كەسپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايالنىڭ مۇنداق بوينى قاتتىقلىق قىلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. بىراق، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ مۇنازىرە قىلىشقا مەيلى بارمىدى، ئۇ دەرھال لى شۇجىنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

— سىزنى ساقلايمەن! — پېك ئەرساۋ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋاقىرىدى.

ئۇ ئارقىغا قاراپ سورىدى:

— كېسەل كۆرسەتكىلى بارمامسىز؟

— بارمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى پېك ئەرساۋ. ئەسلىدە، "ھەي ئالجىغان قېرى!" دىگەن سۆز ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلدى-يۇ، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

كەچ كۈز ھاۋاسى، قۇياش تاغ ئارقىسىغا ئەگىگەن بولۇپ، قاش

قارايغان چاغ ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە كۆز كۆنلىرىنىڭ گۈگۈم ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يىراقتىكى تاغلار، يېقىندىكى دەل-دەرەخلەر ھال رەڭگە كىرىپ تاۋلىنىپ، يېتىلگەن، تىپ-تېنچ گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى. ئەپسۇسكى، رەسساملار بۇ يەرگە كەلمەيتتى.

يىگىت — جۇاڭ خەيبو خىش توشۇغىلى كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىم توشۇپ، خىش زاۋۇتىدىن باسقان خىشنى ناھىيە بازىرىدىكى بىر قۇرۇلۇش ئورنىغا چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئىش بېجىرىشكە كەتكەن ئىدى.

ئۇ، بىر تەرەپتىن، قايتاشىدا توشۇيدىغان مال چىقىپ قالارمىكىن دىگەن مەقسەتتە، يەنە بىر تەرەپتىن، سىرتقا بۇيرۇتۇپ قويغان كۆمۈر قۇيۇش ماشىنىسىنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى سوراش ئۈچۈن، تىراكتۇرنى پويىز ئىستانسىسىغا ھەيدەپ بارغان ئىدى. مال توشۇش ئىشخانىسىنىڭ گىزەكچىسى قېرىشقاندەك ئايال بولۇپ چىقتى. ئۇ يانچۇغىدىكى ”خۇڭشەنچا“ ماركىلىق تاماكۇنى ئۇ ئايالغا تۇتۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ، بىرئاز بوغنۇقتى. گەپنى ئىلاج بار يۇمشاقراق قىلىشتىن باشقا ئامال بولمىدى، لېكىن ئۇ ئايال بېشىنى كۆتىرىپمۇ قويماي، — كەلمىدى، — دەپلا جاۋاپ بەردى.

خەيبو ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيتتى، ئۇ يەرگە قاتتىق ئىككىنى تۈكۈرۈپ، غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى. تىراكتۇرنى شەھەر دەرۋازىسى سىرتىدىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىغا قويۇپ، ئۇدۇل پوچتىخانىغا بېرىپ، كۆمۈر قۇيۇش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھېلىقى زاۋۇتقا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەردى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن تېلېفون ساقلىدى. تېلېفوندا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپنى ئاڭلىغاندا،

www.uyghurkitap.com

ۋاقت چۈشتىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

نىمە ئۈچۈندۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ يۈرىگى ئويناپ تۇراتتى، ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنىدىن ھاياجانلاندىمۇ ياكى ئالغا بېسىش يولىدا ئۇنى قانداقتۇر بىر پېشكەللىك كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ بۇ يىگىت باغىرى قاتتىق، بىپەرۋا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق ئالدى-ئارقىغا قارىمايدىغان قارام قەھرىمانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغاندىن باشقا، ئۇ ئاساسەن ھېچنىمىگە ئېتىقات قىلمايتتى، بىراق، ئاز-تولا خۇراپى ئىدى. ئۇ رەمچىلەرگە ئىشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بەزى "ئالامەتلەر" بار ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە، ئۇ دادىسى بىلەن جېدەللىشىپ، خاپىلىق تارتقاندىن كېيىن، ئىش بېجىرىشكە ماڭغان ئىدى، شۇڭا، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماڭدامدا ئېھتىيات قىلاتتى.

ئۇ ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، كۆڭ قايرىلغان ئىدى. تىراكتورنى ماشىنا ساقلاش ئورنىدىن ھەيدەپ چىقىپ، شەھەر ئايلانمىسى يولىغا كىرىپ ئۈزاق ئۆتمەي، ئالدىدىن تۇيۇقسىز بىر جىپ ماشىنا چىقىپ كەلدى، ئۇ ئالدىراپ رولنى بۇراپ، تىراكتورنى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قايرىدى، كىم بىلسۇن، جىپ ماشىنا ئۇنىڭ ئارقىسىغا بېرىپلا توختىدى. ئۇ ھاڭ-تاڭ قېلىپ، نىمە ئىش بولغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭ يولىغا كىرىۋالغىنىم بىلەن، دەرھال بوشىتىپ بەردىم، ماشىنىنىڭ بىرەر يېرىگە تەككۈزۈۋەتكىنىممۇ يوق... لېكىن كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەر قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەرمۇ-تېخى! يەنىلا تىراكتورنى توختاتقىنىم توزۇلۇڭ، دەپ ئويلىدى-دە، تىراكتورنى يولنىڭ بىر چېتىدە توختىتىپ، ئارقىسىغا قارىسا، جىپ ماشىنىدىن

بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز ئىككى ئادەم چۈشتى. سەراچە كىيىنگەن، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى كىشىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۇنى خاتىرجەم قىلدى، ئۇ، قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭكىلەر ئەمەسكەن، سالاپىتىدىن قارىغاندا رەھبىرىي كادىردەك قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاۋۇ كىشى نىمە دىگەن سېمىز، — دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىۋالدى: ئاۋۇ ئورۇق كىشى يېزىلىق پارتكومىدىكى لى شۇجىغۇ! ئۇ شۇئان ئۆزىگە بىر سوئال قويدى: مېنى نىمىشقا ئىزدەيدىغاندۇ؟ ئىختىيارىي پاراكلىشامدىغاندۇ - يە؟

— يىگىت! نىمىشقا ئۇنداق تېز ھەيدەيسىز؟ — لى شۇجى ئالدى بىلەن گەپ ئاچتى.

— لى شۇجى! سالام سىزگە! — ئۇ لى شۇجىغا سالام بەرگەچ تىراكتۇردىن سەكرەپ چۈشۈپ، دەرھال تاماكۇ تۇتتى. لى شۇجى كونا تونۇشلاردەكلا بىرتال تاماكۇ ئالدى، ھىلىقى سېمىز كىشى قول ئىشارىتى قىلىپ، تاماكۇدىن ئالمىدى.

لى شۇجى ھىلىقى سېمىز كىشىگە:

— جۇاڭ خەيبو دىگەن يىگىت مانا مۇشۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

— ھە، جۇاڭ خەيبومۇسىز، يارايسىز!

بۇ مۇنداق ئاڭلىنىشقا ناھايىتى تۇتۇق سۆز ئىدى، بۇ يەردە "يارىتقانلىقى" ياكى "يارىتمىغانلىقى"نى ئايرىۋېلىش تەس ئىدى. ئۇ ئىلاجسىز كۈلۈپ قويدى، توختىماستىن پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر ئورنىدا جىم تۇرالمايتتى.

— ھەقىقەتەن ئوبدان قىپسىز، — دەپ كۈلدى لى شۇجى، — بىرەر ئىش تەۋرىتەلەيدىغان جىگىرىڭىز بار ئىكەن! ھا - ھا - ھا... ئەمما، دادىڭىز بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ، دەل شۇ چاغدا ناھىيە-

لىك پارتكومىدىن ۋاڭ شۇجىمۇ بار ئىدى، دادىڭىز ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلدى!

خەيبو شۇئان بىرئاز گاڭگىراپ قالدى. بىراق، ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى. ئۇ مۇشۇ ئىككى رەھبىرىي يولداشىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سەۋەپلىرىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى.

— ئەھۋال بىزگە ئايدىڭ بولدى، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى توستى لى شۇجى، — ئالدىنقى كۈنلىرى سىلەرنىڭ كەنت باشلىغىڭلار دادىڭىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا مەلۇم قىلغان ئىدى...كۆپ سۆزلەشىنىڭ ھاجىتى يوق، ۋاڭ شۇجى بۈگۈن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قايتىدىغان چاغدا ئىككى تۈرلۈك يولىيورۇق بەردى، — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ سۆزىنى توختىتىۋېلىپ، تاماكۇسىنى شورىغاچ، گويا قارشى تەرەپتىن، ئىككى تۈرلۈك يولىيورۇقنى بۇ يەرگىچە يەتكۈزەمدىمەن؟ دەپ رۇخسەت ئالماقچى بولغاندەك قىلىپ ۋاڭ شۇجىغا قارىدى.

خەيبونىڭ يۈرىكى ئېغىپ كانىيىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋالدى ھەمدە ئۆز ئۆزىگە، چوقۇم ماڭا پايدىسىز ئىش بولمايدۇ، دېدى.

— مۇنداق بولسۇن، — ۋاڭ شۇجى ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا قارىۋېتىپ، گويا ئۆزىنىڭ بۈگۈن قانداق يولىيورۇق بەرگەنلىگىنى ئەسلىگەندەك قىلدى، — سىزنىڭ ئىشىڭىزنى، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق بولىدۇ. بىرىنچىدىن، سىزنىڭ بېيىشقا جۈرئەت قىلىش روھىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش كېرەك، ھازىر ئىددىيىنى داۋاملىق ئازات قىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، بايلىق مەنبەسىنى كەڭ ئېچىپ، بېيىش يوللىرىنى كۆپرەك تېپىش لازىم.

ھا ـ ھا ـ ھا...يەنە چوڭراق ئويلاپ، چوڭـى بىلەن تۇتۇش قىلـمام-
سىز! ھالقا ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، تاۋار نىس-
بىتىنى ئۆستۈرۈشتە. ئىلىم ـ پەننى تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈ-
زۈپ، ماشىنىنى قول ئىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش يەنە بىر ھالقا!
ھا ـ ھا ـ ھا...يىگىت، سىزنىڭ ئويلىرىڭىز بۈگۈنكى سىياسەتكە
تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ! قارىغاندا، سىز پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق، سىيا-
سەتنى بىلىدىغان يىگىتتەك قىلىسىز... ئىككىنچىدىن، كەنتىڭىزلەردە
سىزنىڭ ئىشلىشىڭىزگە باپ كېلىدىغان يەنە باشقا ئىش بار ـ يوقلۇغى
ھەققىدە، سىز يەنە كاللا ئىشلىتىپ باقسىڭىز قانداق؟ بار، چوقۇم
بار، ھازىر بىيىش يولىدىكى يوشۇرۇن كۈچ تېخى ھېچقانچە ئېچىل-
غىنى يوق...ئەلۋەتتە، سىز ماشىنىلاشقان كۆمۈر زاۋۇتى قۇرسىڭىز
بولىدۇ، مەن، بولىدۇ، گەپ ـ سۆزسىز بولىدۇ! بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ!
دەۋاتىمەن. بۇرۇن، يېزىلاردىكى يېقىلغۇ قۇۋۋىتى مەسىلىسىگە ئەھ-
مىيەت بېرىشىمىز زادى يېتەرلىك بولماي كەلدى، بەزى ئىشلارنى
قىلغان بولساقمۇ، ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى، پاتقاق گازىنى
ئالايلۇق...پاتقاق گازىنى يەنە ئىشلىتىمىز، ئۇ بىر يۆنىلىش...
بىراق، يىگىت، سىزنىڭ ماشىنىڭىز ماڭغان ھامان كەنتىڭىزلەردىكى
قول ئىشى بىلەن ئىشلەيدىغان بار ـ يوق 3 كۆمۈر زاۋۇتى توختاپ
قالىدۇ، 30 نەچچە ئەمگەك كۈچىنىڭ چىقىش يولى مەسىلىسى...
لاۋلى، ئوبدانراق مۇزاكىرىلىشىپ بېقىڭىزلار، بۇ بىر يېڭى مەسىلە،
يېڭى ئەھۋال...

لى شۇجى دەرھال بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ـــ بۇنداق مەسىلىلەر باشقا يېزىلاردىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ناھى-
يىلىك پارتكوم بىر تۇتاش ئويلىنىپ، قارار چىقارسا، ـــ دېدى.

— ناھىيىلىك پارتكوم ئەلۋەتتە تەتقىق قىلىدۇ، — دىدى لى شۇجى، — بىراق، سىلەر تەشەببۇسكارراق بولۇڭلار، ئالدى بىلەن، دەسلەپكى پىكرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويساڭلار پارتكوم ئويلىشىپ كۆرسۇن، بولامدۇ؟

— ھەئە، بىز ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارىنى ئاڭلايمىز.

— "قارار" دىسىڭىز ئانچە ياخشى بولماس؟ ھازىر يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەتلەرنى كۆپلۈگەندىن ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قارار چىقارغىلى تۇرساق ئۈيغۇن كەلمەس؟ ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك پارتكوملار پىرىنسىپاللىق يوليورۇق چۈشۈرىدۇ، تۆۋەندىن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت مەسىلەلەرنى كونكرېت ھەل قىلىشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

— شۇنداق، ئوبدان مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش لازىم...

جۇاڭ خەيبو تىراكتورنى ئۈچقاندەك ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تۇرۇلگەن، كۆزلىرى قىزارغان، يۈزلىرىنى تەر ۋە چاڭ-توزاڭ قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

خەيبو ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئىككى ئايالنىڭ يول ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قوللىرىنى پۇلاڭشىتىۋاتقىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ تىراكتورنى توختاتقۇسى يوق ئىدى، شۇڭا، تىراكتورنى ئاستىلاتمىدى، ھىلىقى ئىككى چوكان "ۋايجان" دەپ ۋاقىرىغىنىچە، يولىنىڭ چېتىگە قېچىشتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ ئايالى، يەنە بىرسى ھەدىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ تىراكتورنى توختىتىپ، ئۇلار ئىككىسىنى كوزۇپقا چىقاردى.

— ئاستىراق ھەيدەڭ! سىز بۇگۈن ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نىمە! — دىدى گۈيجېن.

ئارقىدىنلا گۈيجېن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەي، بۈگۈن نىمە بولدىڭىز؟ تەرىڭىزنى تۇرۇۋالغىنىڭىزنى... يەڭگەم قايتىپ كەلدى، گەپمۇ قىلىپ قويمايسىزغۇ...ۋىيەي، ماۋۇ ئادەمنى، بۈگۈن بازارغا كىرىپ شەھەرنى ئۈتتۇرۇۋەتكەندەك قىلدىڭغۇ!

خەيبو ئايالىنىڭ كاپشىشلىرىغا قۇلاقمۇ سالماي، ئىككى شۈجىنىڭ يوليورۇغىنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى تېخى تازا ئىشلەپ كەتمىگەن بولۇپ، ئىككى رەھبىرىي يولداشنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئانچە ئىگەللىيەلمىگەن ئىدى، ئۇلار ماشىنىلاشقان كۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇشقا قوشۇلدىمۇ ـ يوق؟ قوشۇلمايدىغان سۆز قىلمىغاندەك قىلدۇ، مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى، دىگەن گەپنى قىلىۋاتامتى ـ نىمە... بۇلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

— نىمە بولسا بولمامدۇ، قۇرۇش كېرەك! — ئۇ كۆڭلىدە ئۆز ئۆزىگە مەدەت بېرەتتى، — ئۇلار ئۆز ئاغزىدا قوللايدىغان، مەدەت بېرىدىغان شۇنچە كۆپ سۆزلەرنى قىلغان ئىكەن، يەنە نىمىدىن قورقاتتىم؟ مۇزاكىرىلىشىمىز؟ سىلەر ئالدىرىماي مۇزاكىرىلىشىڭلار، مەن ئاۋۋال ئىشلەپ، ئاندىن مۇزاكىرىلىشەي!...

— توختىتات! توختىتات! — ھەدىسى ۋاقىرىدى. ئۇ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەستىن، دەرھال تورمۇز قىلدى.

— ھەدە، ئاز قالدۇق، — دىدى خەيبو ئارقىسىغا قاراپ.

لېكىن ھەدىسى ئۇنى پەقەت ئاڭلىمىغان ئىدى، ھەدىسى كوزۇپنىڭ شېلىنى تۇتۇپ، يېقىن جايدىكى تاغ باغرىغا قاراۋاتاتتى. خەيبو، گۈيجېنلارمۇ ھەيران قالغان ھالدا ھەدىسى كۆز تاشلىغان تەرەپكە قاراپ، ئۇ تۆپىلىكتىن كەچكى قۇياش نۇرىدىن ھاسىل بولغان، ئىنتايىن گۈزەل قىزغۇچ رەڭنىلا كۆردى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ دادىسى

بىلەن ئۇلار چۈشەنمەيدىغان ھېلىقى پېك ئەرساۋ بىرگە ئولتۇراتتى.

ئۇلار ئۈچىسى ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ كاللىلىرىدا تۈرلۈك خىياللار ئويناتتى، يەنە نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلدى...

لېكىن، كەچكى شەپەق ئىنتايىن گۈزەل ئىدى.

1984-يىل 14-ئاپرېل، چېڭدۇ.

## ئاپتور ھەققىدە

جۇ كېچىن، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جيەنياڭ ناھىيىسىدىن، 1936-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئۆز يېزىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى 50-يىللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئوت-گىياھنى ئۇنتۇماڭ» ۋە «ئاسماندىكى ئاي كۆكۈلدىكىنى بىلمەس» ناملىق ھېكايىلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 1980-يىلى ۋە 1981-يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر قاتارىدا مۇكاپاتلانغان؛ «شۇماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» ناملىق رومانى 1982-يىلى تۇنجى قېتىملىق ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. نەشردىن چىققان ھېكايىلەر توپلىمىدىن «تاشچى ئاكا-سىڭىل» ۋە «جۇ كېچىن ھېكايىلىرى» قاتارلىقلار بار.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984-يىللىق 4-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **مەھەممەت ئېلى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غولام غوپۇرى.**

www.uyghurkitap.com

# بىر رۇس ئايال

ليۇجېن

## 1

دىمىسىمۇ بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەلىتىلا ئىدى، ماشىنا تاققا يامىشىپ كېتىپ باراتتى، بىر دەم ئەگىيتتى، بىر دەم يامىشىپ ماڭاتتى، يەنە ئەگىيتتى. مۇشۇنداق ئەگرى-توقاي تاغ يولىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ نەگە بېرىپ قالغانلىغىڭىزنى راستىلا بىلەلمەي قالىسىز. توساتتىنلا تاغ چوققىسىغا چىقىپ قالدۇق، كۆز يەتكۈسىز ئىدىرلار، يەرلەر، ئوتلاقلار كۆرۈندى، مانا بۇ تۈزلەڭلىك ئىدى. مەن ئىختىيارسىزلا ”پاھ! نىمە دىگەن گۈزەل يەر بۇ!“ دەپ تاشلىدىم. بۇغداي، سۇلۇ، قىچا پىشىۋاتقان چاغ بولۇپ، ئۇلار كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پاقىراپ، كۆز يەتكۈسىز تۈزلەڭلىكنى ئەتراپتىكى ھەممە تاغ قاپتاللىرىغا، چوققىلارغا تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. كەڭ يېيىلغان كىمخاپقا كىشىلەرنىڭ دەسسەشكە كۆزى قىيمايۋاتقاندەك بۇ يەردە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن مۇشۇنداق ئادەم ۋە يېزا-قىشلاق ئاز جايلارنى ياخشى كۆرەتتىم. كۆپ-كۆك ئاسمان ناھايىتى ساپ ھەم پايانسىز ئىدى. پەقەت توپ-توپ بۇلۇتلارلا ئاسماندا يەرگە قاراپ تۇراتتى. مېنىڭ: ”گۈلدەك ئېچىلغان بۇلۇتلار، سىلەر

نىملەرنى كۆرۈۋاتىسلەر؟“ دەپ سورىغىم كېلەتتى.

ماشىنا خىببىي ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى بىر ناھىيىگە كېلىپ توختىدى. بۇرجەك دىسىلا كىشلەر بارغانسېرى تارىيىپ بارىدىغان تار بۇلۇڭلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ. بۇ بۇرجەك ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئادەمنى ماڭغانسېرى شۇنچە يورۇق، شۇنچە كەڭ يول بىلەن ئېچكى موڭغۇل چوڭ يايلىقىغا ئېلىپ چىقاتتى.

بۇ جاينىڭ ھاۋاسى يازدا سالقىن، لېكىن ئادەملىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قىزغىن ئىدى. ئۇلاردا يايلاقتىكى كىشلەرگە خاس بولغان ئالاھىدە يېقىملىق مىجەز-خۇلۇق ۋە خۇسۇسىيەت بار ئىدى. كىشلەر ماڭا بۇ ناھىيىدە خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا، موڭغۇل، مانجۇ، خۇيزۇلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇلارغا ھېچقانچە ئەجەپلەنىپ كەتمىدىم، يەنە بىر رۇس ئائىلىنىڭ بارلىقى مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. بۇ ئائىل ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىكەن. مەن بۇنى ئاڭلاپ، بۇ قانداق گەپتۇ، ئۇ يالغۇز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

«رۇس ئائىللىرى» — بۇ، بىر كىتاپنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ئاتاقلىق شائىر نىكراسوۋنىڭ ئېپىك داستانى. بۇ داستاندا دېكابىرىستلار چار-روسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئائىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئورنى ۋە مال-مۈلكىنى تاشلاپ، ئەرلىرىگە ھەمرا بولۇپ جاپالىق ئىشلارنى قىلىشقا ئاتلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شائىر بۇ ياش ئاقسۆڭەك ئائىللارنىڭ ئۇلۇغ روھى ۋە ئىسىل پەزىلىتىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا بولغان سادىقلىقىنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

مەن 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ داستاننى ئوقۇغان ئىدىم، شۇنىڭ-

دىن ئېتىۋارەن بۇ داستاندىكى "رۇس ئاياللىرى"نىڭ ئوبرازى مېنىڭ كاللامغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئاياللار ئېسىمدىن كۆتىرىلىپ قالغان ئىكەن، ئۆزىمىزنىڭ بۇ تۇزلەڭلىگىدە رۇس ئايال بارلىغىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇنىڭغا شۇ سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك!

ماشىنا ئۇچرىمايدىغان تەبىئى تاش يولدا جىپ ماشىنا ئۇچقاندەك ماڭاتتى، مەن ئاخىر ئۇنى قىچا ئورۇۋاتقان يەردىن تاپتىم. ئۇ بېشىغا يېشىل ياغلىق سالغان، ئۇچىسىغا ئوتتۇرا ياشلىق جۇڭگو ئاياللىرى كىيىدىغان ئادەتتىكى كىيىم كىيگەن، يۇپ ـ يۇملاق ئاپپاق يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزارغان، ئېگىز بوي، تىمەن ئايال ئىكەن. ئاپپاق يۈزى، كۆپ ـ كۆك كۆزى بولمىغان بولسا ھېچكىم ئۇنى رۇس دېمەيتتى. ئۇ «رۇس ئاياللىرى» دىگەن داستاندىكى ئاقسۆڭەك ئاياللارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ روسىيىدىكى نۇرغۇن ئاتاقلىق يازغۇچىلار تەسۋىرلىگەن رۇس دېھقان ئاياللىرىغا ئوخشايتتى.

بىز قىچىلار ئەمدىلا ئورۇلۇپ بولغان ئېتىزلىقتا ئولتۇرۇپلا بىمالال سۆزلەشتۇق. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرسى 18ياشقا، يەنە بىرسى 14ياشقا كىرىپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇل ھارۋىغا بېسىلغان قىچىنى يېزىغا توشۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلار ئاپىسىغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن، قۇيۇپ قويغاندەكلا دادىسىغا ئوخشايدىكەن. كېلىشكەن خەنزۇ يىگىتلىرىنىڭ تىپىدىن ئىكەن، بەلكى ئۇلار دىنمۇ چىرايلىقراق ئىكەن.

ـــ سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان؟ ـــ بىرئاز تەكەللۇپتىن كېيىن، مەن تەبىئى ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ئالدىرىمىدى، ئۇ: "ئۆيۈمگە بېرىڭلا" دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ يەر ئۇ تۇرۇۋاتقان يېزىدىن خېلىلا يىراق بولۇپ، كەم دىگەندە 5چاقىرىم

كبلىدىكەن. مەن ئەتراپقا قاراپ:

— مۇشۇ ئېتىزلىقتىلا سۆزلىشەيلى، مۇشۇ يەر ياخشىكەن، — دىدىم.

ئۇ كۆلۈپ قويىدى، ھەم ساھىپخانىغا خاس جىددى قىياپەتتە:

— ئولتۇرغىلى، ياكى تاماق يىگىلى، چاي ئىچكىلى بولمىسا، بۇ يەرنىڭ ئارزۇلايدىغان نىمىسى بار، — دىدى.

ئۇ تۇزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە سۆزلەيتتى، مەن ئۇنىڭدىن:

— رۇسچە سۆزلەشنى بىلىدىغانسىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— بىلىمەن، كىچىك ۋاقتىمدا ئۆگەنگەن ئەمەسمۇ، ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دىدى.

## 2

شۇ چاغلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان 1960 - يىل ئىدى. ئاچارچىلىق بەزى ئائىلىلەرنى چەكسىز، شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇرغاندەك تەرەپ - تەرەپلەرگە چېچىۋەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا خەيلاردىكى بىر رۇس ئائىلىسى كاناداغا كەتمەكچى بولدى، بۇ ئايالنىڭ چوڭ ئانىسى، چوڭ دادىسى بۇرۇنلا كاناداغا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى خەيلاردا تۆمۈر - يولدا ئىشلەيتتى. ئانىسى 3 قىزى بىلەن جۇڭگودا قالغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، 3 قىز جۇڭگودا تۇغۇلغان، جۇڭگو پۇقراسى ئىدى. جۇڭگونىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ باللىرى بىلەن بىرلىكتە چوڭ بولغان ئىدى. چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى لىنا بولۇپ، ئۇ كۆپ چاغلاردا ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئىككى سىڭلى-

سنى باقاتتى، ھىچكىم ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى. شۇ يىلى لېنا 20 ياشقا كىرىپ قالغان، بۇ ئائىلە كانادادا ماڭىدىغان چاغدا، لېنانىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئانىسىغا:

— ھەرنىمە بولسا، لېنا تېخى يىگىت تاپمىغان ئىكەن، تاتىشماي ھەممىمىز بىراقلا ماڭىدىغان بولدۇق، — دىدى.

كۆتۈلمىگەندە مۇنداق بىر ئىش بولدى، ئۇلار ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەننىڭ كىيىم - كېچەك ساندۇقلىرىنى پويىزغا بېسىۋاتقاندا، لېنا ئۆزىنىڭ كىيىم ساندۇغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— دادا، ئانا، ئەمدى دىمىسەم بولمىدى، سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن قېلىپ، يۈرۈۋاتقان يىگىتىم بىلەن بىللە بۇ دۆلەتنىڭ باشقا بىر يېرىگە كېتىدىغان بولدۇم، — دىدى.

ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قاتتىق ھەيران قېلىشتى، ئۇلار ئالاقزادىلىك ۋە ئازاپ ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىغان پېتى جايىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ بىردەملىك جىمجىتلىق ئىچىدە يالغۇز بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرلا ئەمەس، بۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلگەن خەنزۇ قېرىنداشلار، ئاچا - سىڭىللار، بوۋاي - مومايلارمۇ لېنانى تونۇمايدىغاندەك قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلار بۇ قىز ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ مەن تېخى كىچىك دەپ ھىچقايسىسىغا ئۇنىمىغان ئىدى. لېنانىڭ دادىسى باشقا تەرەپكە قاراپ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزدىنلا:

— مەن چۈشەندىم، ساۋاقداشلىرىدىن، ھەدە - سىڭىللىرىدىن، بۇ يەردىكى ھەممەيلەندىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ. لېنا، ئۇلار بىلەن خوشلاشقىن، بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز، تېز بول،

www.uyghurkitap.com

ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقىن، ــ دېدى.

بۇ گەپلەر ھەدە ـ سىڭىللارنى، قېرىنداشلارنى، باللارنى، بوۋاي ـ مومايلارنى يىغلىتىۋەتتى. ئۇلار بۇ ياخشى قىزدىن قانداقمۇ ئايرىلالىسۇن، ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بەرگەن، بوۋاي ـ مومايلارغا ياردەملەشكەن، باللارغا قارىغان، مېيىپلارنى يۆلىگەن ئىدى. لېنا بۇ يەر ئۇچۇن قان ـ تېرىسىنى ئاققۇزغان، كىشلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن قىز ئىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆزى قىيمايتتى. لېنانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ ئوبدان قىزىم، ئوبدان ئوقۇغۇچىم، مېنىڭ، كانادادا ئۇنىۋېرسىتىتنى پۈتتۈرۈپ، تېخىمۇ ياراملىق ئادەم بولۇپ قايتىپ كېلىشىڭ، ۋەتىنىمىز سىزنى جەزمەن قارشى ئالىدۇ، ئۇ چاغدا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، قوساق تويىدىغان بولىدۇ، تېز بولۇڭ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىڭ، ــ دېدى.

ئوقۇتقۇچى تارتىۋىدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈكۈرگەن پېتى بېرىپ، دادىسىنى، ئانىسىنى، ئىككى سىڭلىسىنى قۇچاقلىۋالىدى ۋە كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ:

ــ خەير ـ خوش، بىز يەنە كۆرۈشىمىز، ــ دېدى.

لېنانىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ قەلبىنىڭ گۇۋاچىسى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى، بۇ راست ئىدى، ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسۇن! ئۇنىڭ دادىسى سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇ قولىنى شىلتاپ تۇرۇپ:

ــ سېنىڭ يۇرىدىغان يىگىتىڭ كىم ئۇ؟ سەن بۇ ھەقتە زادىلا

ئېغىـز ئېچىـپ باقمىـغان ئىدىـڭغا؟ بىز ئۇنى ئۇقمايىـمىز، كۆرگەنـىمۇ
ئەمەس، سەن يالغان سۆزلـىمە، يەنە يالغان سۆزلەيدىـغان بولساڭ،
تەستىگىڭگە سالىمەن، ــ دەپ ۋاقىرىدى.
لېنانىڭ ئاپىسى ئېرىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، بېرىـپ قىزىـنىڭ
قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
ــ ئۇبـدان قىزىـم، كىـم ئۇ، سىز دەڭ، بىز ئۇنى كۆرگەنـدىن
كېيىن كەتسەكمۇ خاتىرجەم بولالايمىز، ــ دىدى.
لېنا يەرگە قارىماستىن، قۇتۇلدۇرۇشـنى تەلەپ قىلىۋاتقانـدەك،
ئۇزاتقىلى كەلگەن چوڭلارغا، بالىلارغا بىرمۇ ـ بىر تىكىلىپ قارايتتى.
ئادەملەر لېنا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قۇلىغىـنى دىڭ تۇتۇپ جىم تۇرۇۋ-
شاتتى. مومايلار: "ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىـپ قالسا، كۆك كۆز،
چىرايلىق نەۋرىدىن بىرنى باقسام، نىمىدىگەن ياخشى ئىدى" دىگەننى
خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كوماك ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىشىپ كۈلشەتتى،
كۇتۇشەتتى. يىگىتلەر بولسا: "مېنىڭ ئىسـمىـنى چىقارسىـكىـن،
ياكى مېنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارسىكىن" دەپ ئويلاپ،
دادىللىق بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتـتى،
تارتىنچاقلىرى يەردىن بېشىنى كۆتىرىشمەيتتى. بالىلارمۇ ھېچقاندىلىق
قىزغا ئوخشاتقىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق بىر يەڭگىسىنىڭ بولۇشىنى
ئۈمىت قىلىشاتتى. لېنانىڭ ئاتا ـ ئانـىسى بولسا ئۇنىڭ ھېچكىمنىـمۇ
ئاغزىدىن چىقارماسلىغىنى ئۈمىت قىلاتتى ۋە: "لېنا ئۆزى تۇغۇلغان
جايـدىن ئايرىلىشـقا كۆزى قىيـماي، مۇشۇنـداق گەپـلەرنى توقۇپ
چىقىـقان ئوخشايـدۇ، ئاخىر ئۇ بىز بىلەن بىللە يولغا چىقىـدۇ" دەپ
ئويلايتتى. لېنا يۈزىدىكى ياشنى سۈرتىۋېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان
ھالدا، پەس ئاۋاز بىلەن:

www.uyghurkitap.com

— بىر چېكرا مۇداپىئە جەڭچىسى، — دېدى.

— ھە! — لېنانىڭ دادىسى ۋاقىرىۋەتتى.

— نىمە دېگەن ياخشى! تېخى ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئىكەن، — مومايلار كەڭ قوساقلىق قىلغاندەك ئېلىپ، لېنانى ئوتتۇنۇۋەتتى. يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى بەلدىڭدە ئولتۇرۇپ قىلىشتى، بەزىلىرى ئىشكتىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشكنىڭ سىرتىدا كەتكۈسى كەلمەي چۆگىلەپ يۈرۈپ گەپ تىڭشايتتى، باللار چاۋاك چېلىپ كۈلۈشەتتى.

— ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئالايلى، چېكرا مۇداپىئە جەڭچىسىنى قارشى ئالايلى! — ئۇلار ئۆز ھەدىسىنىڭ يىگىت تاللاۋاتقانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشىپ، بىر چېكرا مۇداپىئە جەڭچىسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىشىپ قالغان ئىدى.

لېنانىڭ دادىسى ئالدىراپ:

— سىلەر لېناغا ھەمرا بولۇپ تۇرۇڭلار، مەن پويىزغا قاراپ باقاي، ئايرۇپىلانغا ئۈلگۈرەلمەي قالساق بولمايدۇ، — دېدى.

مومايلار لېنانىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىسسىق چىراي بىلەن، تەرەپ-تەرەپتىن ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— دەپ بېقىڭا، ئۇ چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى كىم؟ كادىرمۇ ياكى جەڭچىمۇ؟ بىر بالا:

— مەن بىلمەن، لېنا ھەدەمنىڭ ئۇنىڭ يوتقىنىنى سۆكۈپ يۇيۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەنمەن، — دېدى.

قىزلار تەڭلا ئۇنىڭغا:

— يالغان ئېيتما، بىز ھەممىمىز چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ

يوتقان ـ كۆرپىسىنى سۆكۈپ يۈيۈپ بەرگەن، لىنا ئۆز ئالدىغا قىلمىغان، بىرەرسىگە باشقىچىرەك قىزغىنىپ ياردەملەشكەن ئەمەس، ئۇ ھەممىمىز كوللىكتىپ قىلغان ئىش، ــ دىدى.

ــ كوللىكتىپ، كوللىكتىپ دەۋېرىدىكەنسىلەر، كوللىكتىپ ئىچىدىمۇ ئايرىملىق بولىدۇ، بولىدى، تالاشماڭلا، لىنا ئۆزى دەپ باقسۇن، ــ بۇ گەپنى تاماكا چېكىۋاتقان كۈلگۈنچەك بوۋاي دىدى، بۇ بوۋاي ئەسلىدە زوڭ ئولتۇرۇپ، گەپ كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەمدە ئۆكسىلى يوق ھالدا:

ــ ئاپلا! ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان چاغدا شۇ جايدىن لايىق تېپىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى لىنانىڭ دادىسى بىلىدۇ. ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا ئەمەس، چوقۇم گەزەرمىنى قوچىغلى كەتتى، ــ دىدى.

ــ ۋاي، ــ لىنا تووۇلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يۈگۈردى، بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەتتى.

ليەن ئىشتاۋنىڭ ھويلىسىدا جەڭچىلەر جەڭ مەيدانىغا بېرىپ ئاتاكىغا ئۆتىدىغاندەك مىلتىقلىرىغا نەيزىلىرىنى قاداپ تىزىلىپ بولغان ئىدى. لېكىن جەڭچىلەردىن بەزىلىرىنىڭ كاللىسى چۈشكۈلۈك ئىدى، بەزىلىرى بولسا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا سەپ سېلىپ قارايتتى. بۇنىڭدىن ليەنجاڭ بىلەن جىداۋيۈەنىنىڭ بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلغانلىقى، جەڭ مەيدانىغا بېرىلمايدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لىنانىڭ دادىسى ئىنتايىن جىددى قىياپەتتە كۆزلىرىنى تىكىپ، كادىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ چىرىيىغا تىكىلىپ

www.uyghurkitap.com

قاراۋاتاتتى.

— ليەنجاڭ! مەن ئۇ قىزغا زادىلا گەپ قىلىپ باققان ئەمەس، ئۇ جۇڭگولۇقـقا ئەمەس، ئىشپىيۇنغا ئوخشايدىغان تۇرسا، قېچىپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتسام، قانـداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈرسەن، مەن ماۋجۇشى ئالدىدا قەسەم ئىچىپ بېرىمەن.

— ليەنجاڭ! مەنمۇ شۇنداق.

ھەممەيلەن تەڭلا:

— ليەنجاڭ! ھەممىمىز شۇنداق، — دېيىشتى.

— ۋاڭ سەنشى! سەن بېشىڭنى كۆتەرمەيسەنغۇ؟ يۈزىڭمۇ قىزدىرىپ كېتىپتۇ، سەن ئوخشىمامسەن؟

ليەنجاڭ شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ۋاڭ سەنشى ھولۇقۇپ دۇدۇقلاپ قالدى ۋە ئالدىغا چىقىپ:

— لـيەن...جاڭ، مەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم قاراپ سالـغان، مەن قورقۇپ كەتتىم، باشقا ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، — دېدى.

— ليەنـجاڭ ئۆرۈلۈپ، لېنانىڭ دادىسـىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— قاراڭ، بۇ بالىنىڭ تۇرقىغا، ئۇ ئەمدى 17 ياشـقا كىـردى. بۇ بالا يېشىنى يالغان ھالۇم قىلىپ ھەربىيگە كىرگەن. بويى قىزىڭىزنىڭ بويىدىن خېلىلا پاكار، ئۆزى سىچۇەنلىك، بۇ بالا ئەمەستۇ؟ — دېدى.

لېنانىڭ دادىسى بېشىنى چايقاپ:

— بۇ بالا ئەمەس، ئۇ ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس، — دېدى.

— نىمە ئۈچـۈن تېخىچە جايىڭغا كىرىپ كەتـمەي تۇرىسەن، بۇ كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ كۆپچىلىك ئىقرار قىلمىدى،

سىز ئالدىراۋاتىسىز، سىزگە ياردەملىشىپ نىمە ئىش قىلىشىپ بەرسەك بولار؟

— قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانلارچۇ؟ سىرتتىكىلەر، پەيجاڭدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار، كاتىپ، ئاشپەز، ماخوچىلار...چۇ؟

— كادىرلار؟ كادىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، ئىقرار قىلغىنى يوق، باشقىلار ئىچىدە، مېنىڭچە بولمىسا كېرەك.

— قىزىم يالغان ئېيتمايدۇ.

— باشقا ليەندۈيلەردىچۇ؟

— باشقا ليەندۈيلەر؟ راست گەپنى دەي، سىزنىڭ بۇ ليەنىڭىزغە يېقىن، باشقا ليەندۈيدىكىلەرگە قىزىم يېقىنلاشقان ئەمەس. ھەر يىلى "1 ـ ئاۋغۇست" كۈنى قىزىم ساۋاقداشلىرى بىلەن سىزنىڭ ليەنىڭىزگە ھال سوراپ كېلەتتى. ئۇ ئادەم چوقۇم سىزنىڭ ليەنىڭىزدىكى ئادەم، خاتا چىقمايدۇ.

ليەنجاڭ بىلەن جىداۋيۈەن بىر نىمە دەيلى دەپ تۇرۇشىغا، لىنا يۈگۈرۈپ كېلىپ قالدى. ئۇ دادىسىغا بىر قاراپ قويۇپلا، تىننىغى ئىچىگە چۈشمىگەن ھالدا بارلىق جەڭچىلەرگە ئېگىشىپ سالام بېرىپ:

— ليەنجاڭ، جىداۋيۈەن، بارلىق يولداشلار! مەن بايا ئۆيدە دادامنى گوللىغان ئىدىم، مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىم سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئەمەس. ھە! ياق ـ ياق! مەن ھەممىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن، مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىم، مېنىڭ يىگىتىم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەمەس، ئۇ باشقا ئادەم، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ئەمەس، — دىدى.

ئۇنىڭ دادىسى تېرىكىپ كەتتى:

— سەن يالغان ئېيتسەن، هازىر دىگەن كېپىڭنىڭ ئۆزى يالغان، ئېيتقىنا! ئۇ كىم، ئۇ ئادەمنى ماڭا كۆرسىتىپ قوي!

— يولداشلار! مېنى كەچۈرۈڭلار! — دىدى لېنا ۋە بوكۇرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. دادىسى:

— لېنا، لېنا...! — دەپ توۋلىغان پېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىپ كەتتى. ئەگىشىپ كەلگەن ئەر-ئايال، ياش-قېرىلار نىمە بولغىنىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى-دە، نىمە ئىش بولغانلىغىنى بىلىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئۇلارمۇ ئەگىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

لىيەندۈيدىكىلەر تارقالغاندىن كېيىن، بەزىلەر غودۇڭشىغىلى تۇردى:

— يوقلاڭ ئىش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۈرۈشتىگە قالدىغانلىغىمنى بىلگەن بولسام، ئاللىقاچان ئۇ قىزغا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قويىدىكەنمەن، ئۇ ھەم ئىشچان، ھەم كېلىشكەن قىز ئىدى، ئۇنىڭ ئىشپىيۇن ئىكەنلىگىگە ئىشەنمەيمەن. مۇشۇنداق پەرەڭ ئايىلىم بولدىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلىسەم، تاياق يىسەممۇ مەيلى ئىدى.

— قاتار تىزىپ قويۇپ، بۇنداق سۈرۈشتۈرگەننى كۆرگەن ئەمەس.

لېنا ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئاتا-ئانىسى ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلىغان پېتى:

— دادا، ئانا! سىلەر كېچۈرىڭلار، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقارسام بولمايدۇ، ئاغزىمدىن چىقىرىدىغانلا بولسام، سىلەر مېنى پويىزغا، ئايرۇپىلانغا سۆرەپ چىقىسىلەر، مەن كەتمەيمەن، — دىدى.

— دىمىسەڭمۇ چۈشەندۇق، بىزمۇ كەتمەيمىز، ئاچقا ئۆلسەكمۇ كەتمەيمىز، — دېدى دادىسى.

لىپانىڭ ئىككى سىڭلىسى توختىماي يىغلايتتى. سىڭلىسىنىڭ بىرى 16 ياشقا، يەنە بىرى 14 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇلار بىر بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبى چىگىش ئىدى، ھەم بۇ يەرگە تارتىشاتتى، ھەم بۇ يەردىن ئايرىلىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇلار ئاچىسىنىڭ نىمە بولغانلىغىنى بىلمەيۋاتقانلىغى ئۈچۈن تېخىمۇ يىغلايتتى. خولۇم-خوشنىلار لىپاغا تەسەللى بېرەتتى، ئۇنى قوزغىلىشقا دەۋەت قىلاتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنچىقماي تامغا قارىغىنىچە تۇراتتى.

ھىلىقى بوۋاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، لىپانىڭ ئاتا-ئانىسىغا:

— سىلەر خاتىرجەم كېتىۋېرىڭلار، بىز ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز. بۇ تۇرقىغا قارىغاندا، ئۇ نىيىتىدىن ياندىغاندەك ئەمەس، — دېدى.

لىپانىڭ دادىسى ئاچچىغىغا چىدىماي، ئايىلىغا:

— ماڭ! بىز كېتىۋېرەيلى، ئۆلسىمۇ چاتىغىمىز يوق، جامائەت، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى بېسىشىپ بېرىڭلار، لىپانىڭ نەرسىلىرى قالسۇن.

لىپا بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە:

— سىلەر كاناداغا بېرىپ، چوڭ دادام، چوڭ ئانام، ھاممامىلار بىلەن كۆرۈشكەن چېغىڭلاردا مېنىڭ خېتىم قولۇڭلارغا تېگىدۇ، شۇ خەتتە سىلەرگە ئۆزەمنىڭ ئادرىسىنى يازىمەن. دادا، ئانا، سىڭىللىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار!

لىپانىڭ ئاتا-ئانىسى ئاچچىغىدا لىپا گويا ئۆزى بېقىپ چوڭ

قىلغان بالا ئەمەستەك، ئۇنىڭغا قارىمىدى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمۇ بولمىدى. ئۇلار ئىككى كىچىك قىزىنى ھەدەپ تىللايتتى، بۇ 4 جان ئادەم شۇ پېتى بوخچىلىرىنى كۆتىرىپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار قالغان نەرسىلەرنى يۇرتداشلىرىنىڭ كۆتىرىشىپ ئەپچىقىپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇق يۇرتداشلىرى، خولۇم-خوشنىلىرىنى بىلەتتى.

پويىز قوزغىلىش ئالدىدا، ئىككى دېرىزىدىن 4 جۈپ قول سىرتقا سوزۇلدى ۋە يىغا ئاۋازى، "لىنا..." دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز...

— قانداق خاتىرجەم بولالايمىز، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتساڭلار...

پويىز قوزغالدى، لىنا پويىزنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەن پېتى:

— دادا، ئانا...، — دەپ ۋاقىرايتتى.

— پويىز توختىمايدۇ، ئەمدى كېيىنكى قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ مېڭىڭ، قولىڭىزدا پۇل بولغاندىكىن...

پويىزنىڭ تاق-تۇق قىلغان قاتتىق ئاۋازى ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، ئانىسى يەنىلا سۆزلەۋاتىدىغاندۇ؟

شامال لىنانىڭ كۆينىكىنى لەپىلدىتەتتى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان ئىدى، ياش ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. بىر موماي:

— ئىست، ھەممىنى قىلغان ئۆزەڭ، سەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى دەپ، ئۇنىمۇ قوشۇپ ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىللىلا چىقىپ كەتكەن بولساڭ ياخشى بولماسمىدى، — دىدى.

— سەن ئېلىشىپ قاپسەن، جوڭگولۇقلار چەتئەلگە چىقسا بولمايدۇ، چەتئەلگە چىقسا خائىن ھىساپلىنىدۇ، بۇنى بىلمەمسەن؟ — دىدى ھىلىقى بوۋاي.

لىنا قاتتىق بىر يىغلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ ۋوگزالنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. كۆپچىلىك ئۇ يۈرىدىغان يىگىتنى قەيەرگە بېرىپ ئىزدەيدىغاندۇ دەپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتى.

ئۇ يەنە ھەربى گازارما تەرەپكە ماڭدى، ئازراق ئارىلىق قالغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆز-چۆچەك چىققىلى تۇردى:

— قاراڭلار، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسمىكەن؟

— قايسىسىدۇ، جەزمەن كادىر، جەڭچىلەر تېخى كىچىك، توي قىلىش يېشىغا توشمىغان، لېنا ئۇلاردىن بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇنى ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ.

— جەزمەن جەڭچى ئەمەس، لېنا كادىرغا تېگىپ، بىللە يۈرۈيدىغان ئائىلە تاۋاباتى بولماقچى.

3

لېنانىڭ يەنە بىر قېتىم ھەربى گازارمىغا بېرىپ، يەنىلا كەچۈرۈم سورىشىنى، تېخىمۇ ئەستايىدىل كەچۈرۈم سورىشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئويلانمايلا "چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى" دەپ قويۇپ، جەڭچىلەرنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىشىغا سەۋەپچى بولغان. ئۇ بۇنى ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ يۈزىگە كېلەلمەيدىغانلىغىنى، ئۇلارغا داغ تەككۈزۈپ قويغانلىغىنى ھىس قىلدى. لېنا نىمە ئۈچۈن شۇنداق دىگەن؟ بىرىنچىدىن،

ئاتا-ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش، ئىككىنچىدىن، دادىسىنى غەۋغا كۆتىرەلمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىدى، لېكىن دادىسىنىڭ ھېچنىمىگە قارىمايدىغان قارام ئادەم ئىكەنلىكىنى لىنا ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

لىنا ليەنجاڭ، جىداۋيۈەنلەرگە بۇ ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى پاراڭ قىلىپ بەرگەندە ئۇلار سەممى ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، جەگىچىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. بۇ گەپلەر تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭدىن بۇندىن كېيىن قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشى زۆرۈر-زۆرۈر ئەمەسلىكىنى سورىدى ھەم ئۇنىڭدىن راست گەپ قىلىشنى، نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە كەتمىگەنلىكىنى، زادى كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

لىنا ئازاتلىق ئارمىيىگە ماڭا ھېچقانداق ياردەم لازىم ئەمەس دەپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— زادى كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ۋاقتى-سائىتى كەلمىگۈچىلىك زادى ئاغزىمدىن چىقارمايمەن، ھېچقايسىڭلار ئويلاپمۇ كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرەلمەيسىلەر، — دېدى.

ليەنجاڭ:

— ۋاي-ۋۇي! تازا سىر ساقلايدىكەنسىز-دە، — دېدى.

جىداۋيۈەن تالادىكى ئەر-ئايال، ياش-قېرىلارنى مەجلىسخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭلار دەپ چاقىردى، كۆپچىلىك ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكتىن لىنانىڭ زادى كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى تېپىپ بېقىشنى سورىدى.

مەن گەپنىڭ داۋامىنى ئاڭلاي دەپ تۇرسام، 42 ياشقا كىرگەن لىنا دالاغا، يايلاققا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ:

ــ ھېكايەم تۈگىدى، ــ دەپ ئۇنچىقماي قويدى.

ــ تۈگەپ كەتتى؟ تۈگىمىگەن تۇرسا، نېمىشقا تۈگىدى دەيسىز، سىز زادى كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىڭىز؟

لىنا توختىماي ئۆيگە قىچا توشۇۋاتقان ئىككى ئوغلىغا قاراپ قويۇپ:

ــ ئاشۇلارنىڭ دادىسىنى، بۇنى دېمىسەممۇ بولار، ئۇنىڭ پەملىسى جاۋ، مەنمۇ ئۆزەمگە جۇڭگوچە ئىسىم قويدۇم، كىشىلەر مېنى جاۋ لىنا دەپ چاقىرىدۇ، ئەمدى ئېنىق بولغاندۇ؟

ــ ياق! ــ دېدىم، مەن، ــ تېخى ئېنىقلانمىدى، شۇ چاغدا ئۇ جەزمەن خەيلاردا بولۇشى مۇمكىن، ئۇ زادى نېمە ئىش قىلاتتى؟

ــ ھا...ھا...! ــ دېدى لىنا قولىنى قولىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ــ ئۇ "قارا نوپۇس" ئىدى، ۋوگزالدا ۋاقىتلىق ھامماللىق قىلىپ قوسىقىنى باقاتتى، كېچىسى ۋوگزالنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە ئۇزۇن ئورۇندۇق ئۈستىدە ياتاتتى، تىلەمچىگە ئوخشايتتى.

مەن بىرئاز ھاڭ ـ تاڭ قالدىم، بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر چوڭ سىر بار، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم:

ــ سىلەر بىر بىرىڭلارنى قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈشۈپ قالغان؟

ــ بىز؟ بىر بىرىمىزنى؟ ئۇ پېتىنالامدۇ؟ مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم، بۇنى ئۇ بىلمەيتتى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرگىلى بارغان ئىدىم. ئۇ ئورۇندۇقتىن

قوپۇپ كېتىشكە تەمشىلىپ ماڭا: "لېنا، مەن "قارا نوپۇس" بولۇپ قېلىپ كۆرمىگىنىم قالمىدى، ئەمدى "لۈكچەك" بولۇپ قالسام زادىلا بولمايدۇ، ئۆيۈڭلەردە قىلىشىدىغان ئىش ـ كۈش بولسا تېزرەك دەڭ، ئەتە بىرىپ قىلىشىپ بېرەي" دەپ بولۇپلا، ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، دىدى.

ـــ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە قايتقىڭىز كېلەمدۇ؟

ـــ بىزنىڭ ھېلىقى نامرات يېزىمىزغىمۇ؟

ـــ ھەئە!

ـــ ياق! قايتقۇم كەلمەيدۇ، قېرى ئانامنىڭ ھالىدىن ئاكام خەۋەر ئالىدۇ، ئۆيىدە يەنە ئازراق كېپەك، ئازراق سۆك بار، ئۇلار شۇنى يەيدۇ.

ـــ مەن سىز بىلەن بىللە قايتسام، سىز قايتامسىز؟

ـــ سىز؟ نېمىشقا؟

ـــ نېمىشقا؟

ـــ ھە، نېمىشقا؟

ـــ سىز بىلەن بىللە قايتىپ، بىرگە كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن. ھەر كۈنى بۇ يەردە خەقلەر سىزنى قوغلايدىكەن، تۇتۇپمۇ ئالىدىكەن، بىرسىنىڭ بىر نېمىسى يوقىلىپ كەتسىمۇ سىزدىن گۇمان قىلىدىكەن. مېنىڭ سىزگە سەپسېلىپ يۈرگىنىمگە خېلى بولدى. سىز ئوغرىلىق قىلمايسىز، لام ـ جىم دىمەي، يۇۋاشلىق بىلەن ۋوگزالدا ھامماللىق قىلىۋاتىسىز، ھېچكىم سىزدىن خەۋەر ئالمايدىكەن، ھېچكىم سىزنى چۈشەنمەيدىكەن، سىزنى ئىشلىتىشتىن باشقا، ھېچكىم سىزگە نەزەر ـ بۇزىرىنىمۇ سالمايدىكەن، قىش كېلىپ قالسا مۇزلاپ قالىسىز، يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ، مەن سىز بىلەن بىللە كېتەي.

— ياق! لىنا، مەن شۇ دەرىجىدە نامراتمەنكى، ھەتتا باش تىققۇدەك يېرىممۇ يوق.
— مېنىڭمۇ بارىدىغان يېرىم يوق، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كانادادا ماڭماقچى، مەن سىزنى دەپلا بارمايدىغان بولۇۋاتىمەن.
— بۇ، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟
— سىز ياخشى بولغانلىغىڭىز ئۈچۈن، ھەممىدىن ياخشى بولغانلىغىڭىز، سىزگە خەيرىخالىق قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمىغانلىغى ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن.
— مەن بىلىمەن، سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىسىز.
— توغرا، ئۇنىڭدىن باشقا سىزنى ياخشى كۆرىمەن.
— ياق! سىز مېنى ياخشى كۆرمەيسىز.
— سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بارلىغىغا ئىشەنمەيدىغانلىغىڭىز ئۈچۈن، قىرىشقانداق سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.
— مەندە پۇل يوق، ئىشەنمەيمەن.
— مەندە پۇل بار، مەن ئۆزەمگە ئىشىنىمەن.
— سىز تازا قىزىق ئىكەنسىز، سىز دىگەن ئاق تەنلىك، كۆك كۆز، ئوبدان قىز بالا، غەلىتە قىلىغىڭىزنى مەن ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.
— سىز مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟
— ...
— مەن سىز بىلەن بىللە يۇرتىڭىزغا قايتسام بولامدۇ؟ يۇرتداشلىرىڭىزنىڭ مېنى غەلىتە مەخلۇق ئىكەن دەپ قېپىلىشىدىن قورقۇۋاتامسىز؟

لېنا ئاغزىنى يۇمۇۋېلىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ گېپىنى توختىتىۋالدى. مەن سوراشقا مەجبۇر بولدۇم:

— نەتىجىسى قانداق بولدى؟

ئۇ قايتىپ كېلىپ ئىتىزلىقتا كىرىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئوغلىنى كۆرستىپ تۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

— بالىلارنىڭ چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرى ۋە ھامىلىرىدىن خەت كېلىپ تۇرامدۇ؟

— كېلىدۇ، پات-پات خەت كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جۇڭگونىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئائىلىمىزدىكى تۆت جاننىڭ ھەممىسىنى كېلىپ كۆرۈپ كەتسۇن دەپ تەكلىپ قىلدى، يول راسخودى ئەۋەتمەكچى.

— قاچان يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— يەنە بىر-ئىككى يىل ئۆتسۇن، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، تۈزۈكرەك بولۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى كۆرگىلى بارىمىز.

جىپ ماشىنا دالا ۋە يايلاقتا ئۇچقاندەك چاپماقتا، مەن ئالدىمدىكى يولغا قاراپ، بۇ رۇس ئايالنىڭ بىز بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى خىيالىمدىن كەچۈرۈۋاتىمەن، كاللامدا سۈرەت سىزىۋاتىمەن، جاۋاپ ئىزلەۋاتىمەن: ئۇ كىمگە ئوخشايدۇ؟

بۇ يېزا نىمىدېگەن گۈزەل! نۇرغۇنلىغان ئەدىبىي ئەسەرلەردىن كۆرگەنمەن، روسىيىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئاشۇنداق يايلاق ۋە دالىلار بار....

1984 - يىل، 19 - ئۆكتەبىر، جىنگاڭشەن.



www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە

ليۇ جېن، ئەسلى ئىسمى ليۇ چىڭلىيەن، ھازىرقى زامان ئايال يازغۇچىسى. 1930 ـ يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شياجىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1939 ـ يىلى ئىنقىلاپقا قاتناشقان. قىسىمدا ئۇزاق مۇددەت مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1952 ـ يىلى مەركىزىي ئەدەبىيات سېمىنارىيىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. 1956 ـ يىلى كەسپ ئالمىشىپ، ئاۋال خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە، كېيىن خەندەن شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدا ـ رىسىدە ئىشلىگەن، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى خېبېي ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى. ئۇنىڭ نۇرغۇن خەۋەر، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1963 ـ يىلى «ئۈزۈلمەس ئېقىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. 1977 ـ يىلدىن بۇيان «ئىزدەش»، «قارا بايراق» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات، نەسر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە «بىر تال يېشىل يوپۇرماق» دېگەن ئەسىرى ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك (1981 ــ 1982) ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھۆرنىسا مامۇت.**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئاخىرقى چىراق

جاڭ جيې

ئۇنىڭ قولىنىڭ بۇ قەدەر نازۇكلۇقىغا قارىغاندا، جىيا باۋيۇنىڭ ئاياللار سۇدىن يارالغان دىگىنى ئەجەپلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

ئەمدى ئۇ بولسا ياش باللار مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈشكەندىكىدەك ئۇنداق قۇچاقلىشىپ-قولتۇقلىشىپ، ئۇ ياقتىن تونۇشۇپلا، بۇ ياقتىن ماھىيەتلىك باسقۇچقا ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى ناۋادا ئەپلەشمەي قالسا، كېيىنكى كۈنلەردە يېنىۋېلىشقا يول قالمايدۇ-دە.

ئۇ يەنە ئېغىزدا گېپى بولغىنى بىلەن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان زىياللارغا ئوخشىمايتتى. ئايىغى تۈگىمەيدىغان مۇھەببەت خېتىنى نەچچە يىللاپ يېزىشىدىغانغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟

بۇ دىڭ يۈەنفاڭنىڭ خەت يازمىغىمۇ تەس ئىدى. ناۋادا كونا سەپداشلىرىدىن ئامان-ئېسەنلىك سوراپ، خەت يازماقچى بولسىمۇ بىر بەتكە تولمايدىغان خەتنى ئاز دىگەندە يېرىم سائەت يازاتتى. چۈنكى، كېيىن ھەر خىل ۋەقەلەر تۇغۇلسا ئاق قەغەزگە يېزىلغان خەت دەلىل-ئىسپات بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتى.

ئۇنىڭچە پەقەت قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىلا بولاتتى. قول ئېلىشقانغا كىم بىر نەرسە دىيەلىسۇن؟ يولداشلار دائىم قول ئېلىشىدىغۇ؟

شۇغىنىسى شيۇمېي بىلەن قول تۇتۇشقان ۋاقىت ئادەتتىكى يولداشلار بىلەن قول تۇتۇشقان ۋاقىتتىن سەل ئۇزۇنراق بولاتتى، يەنە كېلىپ ئىككى سېكۇنت ئىچىدە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ شيۇمېينىڭ بارماقلىرىنى بىر قۇر سىلاپ ئۈلگۈرەتتى.

شيۇمېي بىلەن قول ئېلىشقاندىلا دېلىك يۈەنفادىكى ئارىسالدىلىقلار يوقىلاتتى. ئەگەر ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا "توي قىلايلى" دىگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ قالاتتى. بىراق، شيۇمېينىڭ قولىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئېسىنى يىغىپ توي قىلىش كېرەكمۇ ياكى توي قىلماسلىق كېرەكمۇ؟ دىگەننى قايتا ـ قايتا دەڭسەپ كۆرۈپ تازىمۇ تەڭلىكتە قالاتتى. ئۇ توي قىلمىسا، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىدى.

ئوغۇللار چوڭ بولۇپ، ھەر بىرسى بىر ئېغىزدىن ياخشى ئۆينى ئىگەللىگەن، تەسكەيدىكى ئەڭ كىچىك ئۆي دېلىك يۈەنفاغا قالغان ئىدى. "سىز ھامانەم بىر ئادەم بولغاندىكەن" دېيىشكەن ئىدى ئۇلار.

چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى تازىمۇ ھازازۇل ئىدى، ئۇ ھەتتا كېچىدە ئىشلىتىدىغان لاتىسىنىمۇ بالا باققۇچى ئايالغا يۇدۇراتتى. قېيناتىسىنىڭ ئالدىدا ئاسما مايكا، كۇسار بىلەنلا ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئۆتۈۋېرەتتى. بۇرۇن قېرىلار: پاسكىنا نەرسىگە قاراپ سالسا، كۆزىگە يىڭنە ئاسقۇ چىقىدۇ دەيدىغان، شۇڭا دېلىك يۈەنفا كۆزۈم چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، ئۆز ئۆيى تۇرسىمۇ خالىغانچە ئۇ ياق ـ بۇ ياققا قارىيالمايتتى.

ئىككىنچى ئوغۇلنىڭ يۈرۈۋاتقىنىمۇ ئانچە ئېپىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخى كېلىن بولۇپ كىرمەي تۇرۇپ بوخچا يىققىلى باشلىدى.

كېلىنلەرنىڭ كېيىنكى ئىناقسىزلىغىنى ھازىردىلا كۆرۈپ بىلگىلى بولاتتى. بۇ ئائىلە روناق تاپارمۇ؟

نەدىكىنى، مىق بىلەن زىق ئۇچمۇ-ئۇچ ئۇرۇلۇشى مۇمكىن ئىدى.

ناۋادا تاماق شەرەسىدە ياخشىراق سەي بولسا، چوڭ ئوغۇل ئائىلىنىڭ قاچىسىغا سالاتتى، ئىككىنچى ئوغۇل مەشۇغىنىڭ قاچىسىغا بۆلەتتى، بوۋايغا بولسا قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ھەركىتى ئاستىراق بولۇپ قالسىلا، ئىككىنچى قاچا ئاشنى يەيدىغان ۋاقىتتا تەخسىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالاتتى. دېڭ يۈەنفاغا تەخسىنىڭ تېگىنى يالاش رولىنى ئويناشقا توغرا كېلەتتى. ئامالى قانچە، ئۇنىڭدىن تېز بولالمايتتى، ئۇنىڭ چىشى ئەپلەشمەيتتى، ئۇ چىشلىرى ئۆتكۈر ھىلقى تۆتەيلەنگە يېتەلمەيتتى.

ھەي خۇدا، بوۋاي بولمىغان بولسا، مۇنداق ئاسايىشنى ئۇلار نەدىنمۇ تاپاتتىكىن؟

ئۆي ئىجارىسىنى ئۇ ئۆزى تۆلەيتتى، بالا باققۇچىنىڭ ھەققىنى ئۆزى چىقىراتتى، سۇ، توك پۇلىنى ئۆزى تۆلەيتتى، ھەتتا سوپۇن پاراشوكى، تازىلىق قەغەزلىرىنىمۇ ئۆزى سېتىۋالاتتى. خۇددى ئۇنىڭ يۈز نەچچە يۈەن مۇئاشى تۈگىمەيدىغاندەك، ياكى بولمىسا ئۇ بايلىق ئىلاھىسىدەك؛ تاماققا كەلگەندىلا ھەر بىر ئوغۇل سىمۋۇل سۈپىتىدە ئون يۈەندىنلا پۇل تاپشۇراتتى. مال باھاسى ئۆرلەۋاتسا، ئون يۈەن پۇل نىمىگە يەتسۇن.

دېڭ يۈەنفا ئاغرىپ-تارتىپ قالسا، ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا "دادا! ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟" دەپ قوياتتى، ياكى "بولمىسا، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقسىڭىز

بوپتىكەن" دەپ قويپتى. ئۇلاردىن دەردىگە يەتكۇدەك ھال سوراشنى كۈتكىلى بولمايتتى. بىر قېتىم دېلى يۇەنفا ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ قارا بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن جۇۋاۋا يىگۈسى كېلىۋىدى، لېكىن ئۇنى كىمگە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

باللار ئۆيلەنگەندىن كېيىنلا ئاتا-ئانىسىنى ئۇنتۇيدىكەن! دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

قاراڭ، كەچمۇ بولىدۇ، ئۇلار جۈپ-جۈپى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشىدۇ. بىر ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن قىزغۇچ ھال رەڭلىك چىراق نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، يەنە بىر ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن سۇس يېشىل رەڭلىك چىراق نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گويا ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك كۇسۇرلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ، نىمىلەرنى دېيىشىدىكىن-تاڭ، گېپى زادىلا تۈگىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاراڭغۇ مېھمانخانىدا تەنھا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىدۇ.

تېلېۋىزور نومۇرلىرىمۇ دائىم بىر خىل نەرسىلەر؛ يەنى ئاياللارنىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەنلىكى، يالىڭاچ بىلەكلىرىنى چىقىرىۋالغانلىقى، 70 — 80 ياشقا كىرگەن موماي‌لارنىڭ كىرپىگى ئۈستىگە چاپلىۋالغان يالغان كىرپىكلىرى، خۇددى سەكسەن پۇتلۇق قۇرۇتقا ئوخشاپ قالسىمۇ يەنىلا ياش قىزلاردەك ياسىنىۋالغانلىقى؛ ئەرلەرنىڭ بولسا چاچلىرىنى مايلاپ يۈزىگە ئۇپا سۈركىۋالغانلىقى، قاش-كۆزلىرىنى ياسىۋالغانلىقى، ئۇلار ئەر دېسە ئەر ئەمەس، ئايال دېسە ئايال ئەمەس، ھەممىسىلا ئادەم ئالدايدىغان نىمىلەر ئىدى. لېكىن تېلېۋىزور كۆرمەي نىمە قىلىش كېرەك؟ ھەتتا مۇڭداشقىلى ئادەم بولمىسا، بۇنىڭ قەيىرى ئائىلىگە ئوخشىسۇن؟ دەڭگىمۇ ئوخشىمايدۇ تېخى.

www.uyghurkitap.com

توي قىلاي دىسە، شيۇمېيىنىڭ بىرسى ئۇتتۇرا مەكتەپتە، بىرسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى بالىسى بار ئىدى، ئۇلارنى قاچانمۇ قاتارغا قوشقىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى. شيۇمېي ئۆزى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. مۇئاشى ئاران 40 — 50 يۈەن بولۇپ، پۇتۇنلەي بۇنىڭغا تايىنىدۇ-دە.

دېڭ يۈەنفا بەزىدە شيۇمېي مېنىڭ يۈز نەچچە يۈەن مۇئاشىمنى كۆزلەۋاتامدۇ-قانداق؟ ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشلىرى، كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بېرىشى، پوپايكا توقۇپ بېرىشلىرى، يېپىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ چوڭ بېلىق تۇتىدىغان قارماقمۇ-قانداق دەپ گۇمانلىناتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر ئايلىق مۇئاشى يۈز يۈەندىن يۇقۇرى بولغان بىرئاز ياشانغان كىشىلەرنىڭ خوتۇن تېپىشى ياش يىگىتلەرگە قارىغاندا ئوڭايراق ئىكەن.

ئوغلى، كېلىنى قانچىلىك قىسسىمۇ، ھامانەم ئۆزىنىڭ ئوغلى ۋە ئۆزىنىڭ كېلىنى-دە. ئۇ نىمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىپ بېرىدىكەن؟ كىچىك ۋاقتىدا تەرەت قىلغۇسى كەلگەندە، دادىسىنىڭ: "چىڭ قىسۋال، ئۆز يېرىمىزگە بېرىپ تەرەت قىل" دىگىنى، شۇنىڭ بىلەن چىدايمەن دەپ ئارقا پېشاپ ئېغىزىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتكەنلىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. دىخانلار دائىم سۇيدۇگۈك باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقىغا ئاقمىسۇن، دەيتتى.

شيۇمېينىڭ ئېرىنىڭ قانداق قارا يۈز ھارامزادىلىگىنى كىم بىلسۇن، ئۇ ئۆزى لاغايلاپ يۈرىدىكەنۇ — بالىسىنى دېڭ يۈەنفا باقىدىكەن. بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار دېڭ يۈەنفاغا ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار يەنىلا ھېلىقى ھارامنىڭ بالىسى-دە. ئۇنىڭغا نىمە جاپا؟ پۇلنى خەجلەيدىغان يەر يوقمىدى؟

ئۇنى هارىمى دىسە خاتا كەتمەيدۇ. دېمەك يۈەنفا خېلى بۇرۇنلا كادىرلار بۆلۈمى ئارقىلىق شيۇمېينىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىگەللىگەن ئىدى. خۇسۇسەن ئاجرىشىش مەسىلىسىنى ئېنىق ئۇقۇش-مىسا زادى بولمايتتى. ناۋادا ئۇژمە كۆڭۈللۈك قىلىپ، ۋاقتانى-ۋاق كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاجراشسا قانداق بولىدۇ؟ ئەسلىدە بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى نىكالىنىشى بولاتتى، يەنە ئاجرىشىپ كەتسە، كىشلەرنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ بەك كۈلكىگە قالامدۇ؟

شيۇمېي سىياسى جەھەتتە ئىشەنچلىك، كەسپىي جەھەتتىمۇ قەدىرئەھۋال ئىدى. ئاجرىشىش مەسىلىسىدە ھەممە گۇنا ئەردە ئىدى.

بىچارە شيۇمېي!

ئۇنىڭغا بىر يۆلەنچۈك كېرەك ئىدى. ئاياللار شۇنداق بولىدۇ، ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسا، ئۇلارنىڭ كۈنى سوغاقچىلىق ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. خۇددى توپتىن ئايرىلىپ قالغان قوزا مەرەپ، بىرەر قوينى تېپىپ پانالانماقچى بولغاندەك قىلىدۇ.

شيۇمېينىڭ ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىش تەس ئىدى. ئېغىزدىن چىقارغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ-دە. دېمەك يۈەنفا بولسا گېپىدە تۇرىدىغان، دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ھەرگىز مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمايتتى، ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ شۇنداق ئادەملەرنىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەپداشلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئاشۇنداق ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە ئاغ-زىنىڭ ئۇچىدىلا ۋەدە قىلىپ، ئىككى كۈن قىزغىن بولاتتى، ئۇ يەر-دىن كەتكەندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى! ئاياللارغا ئىچ

ئاغرىتىش لازىم. ئاياللارغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. سەن بۇ يەردە كاللاڭ قىزىپ كېتىپ، مەيلىڭچە ھە دەپ قويغىنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ بىلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆلگۈدەك چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ، ئۇ چاغدا تاشلىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟

پويىز مېڭىشقا قوڭغۇراق چېلىندى. پويىز خىزمەتچىلىرى: يولۇچىلار تېزرەك پويىزغا چىقىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى ئۇزىتىپ كەلگەن يولداشلار پويىزدىن چۈشۈپ كېتىڭلار، دېگىنىچە تۇردى.

شيۇمېي دۇپ-دۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن دېڭ يۈەنفاغا ئۇزاق بىر قارىۋېلىپ:

— پويىزغا تېزرەك چىقىۋېلىڭ، — دېدى.

شيۇمېي سېمىز بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى دۇپ-دۈگىلەك كۆرۈنەتتى. ھەتتا كۆزىنىڭ قارچۇغىسىمۇ دۈگىلەك ئىدى. بۇ ھال دېڭ يۈەنفادا ئۇنى چىمدىۋېلىش، شاپىلاقلاپ ئۇرۇۋېلىش، تۇتۇۋېلىپ سىلىۋېلىش ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا شيۇمېي بىلەن قول ئېلىشىپ، مېھرىنى ئۇزەلمىگەن ھالدا:

— قايتىپ كەلگەندە كۆرۈشەرمىز، — دېدى.

دېڭ يۈەنفا شيۇمېينىڭ قولىنى تۇتۇش بىلەنلا قويۇپ بەرگۈسى كەلمىدى. شيۇمېي قىزىرىپ، ھاسىراپ كەتتى، ئۇ قولىنى تارتىپ ئالالمايتتى، چۈنكى ئۇنداق قىلسام دېڭ يۈەنفا خىجىل بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقاتتى. شۇڭا ھېچنىمىنى سەزمىگەن بولۇۋېلىپ:

— پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرسىڭىز، يەنە سىزنى كاماندى-

روپكىغا ئەۋەتكىنى ىىمىسى...، ئاڭلىسام ئۇ يەردە جىگەر كېسىلى تارقىلىپتۇدەك...، ۋاقتىڭىز يەتسە خەت يېزىڭ...، — دەپ باش-ئايىغى يوقلا گەپلەرنى قىلدى.

هەي ئاخماق! پات ئارىدا پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرمىغان بولسا، ئۇمۇ كاماندىروپكىغا چىقمايتتى! مۇنداق پۇرسەت ئەمدى كۆپ ئەمەس، بىر قېتىم چىقسا، چىقىۋالغىنى قالدۇ-دە.

بۇرۇن دېڭ يۈەنفا كاماندىروپكىغا چىقىشنى خالىمايتتى. گەرچە يەرلىك ئورۇنلاردىكى يولداشلار كەلگەندە ئالدىغا چىقىپ قولتۇقلاپ يۆرۈپ كۆتكەن، چىرايلىق ئۆزىتىپ قويغان، شۇنداق ياخشى كۆتۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دائىم: ئۇنداق ئاتاقلىق تاغ-دەريالار، تاغ بايلىقلىرى، دېڭىز نېمەتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دائىم بار نەرسە، قېچىپ كەتمەيدۇ، ئاستا-ئاستا كۆرمەمدىمەن، ئالمامدىمەن، دەپ ئويلايتتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىدىكى باقۇەندىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى كىم بىلسۇن، بۇ ھىلىقىنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى بىر گەپ بىلەنلا يوقىتىۋەتتى.

مىش-مىش گەپلەرگە قارىغاندا، بۇ يىل يىل ئاخىرىدا يېشى توشقان كادىرلارنىڭ ھەممىسنى قىلچە ئىككىلەنمەي بىر ۋاراقى بىر تەرەپ قىلارمىش. بەزىلەر:«30 ياشلىقلار ئۆزى تاللايدۇ، 40 ياشلىقلار يۇقۇرىغا ئۆرلەيدۇ، 50 ياشلىقلارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەيدۇ، 60 ياشلىقلار قىرقىلىپ كېتىدۇ، 70 ياشلىقلار ئوتتۇن بولۇپ كۆيىدۇ“ دەپ قوشاق قېتىۋاپتۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز چوڭقۇر گەپ-تە!

3-ئومۇمى يىغىندىن ئىلگىرى دېڭ يۈەنفا دوكلاتلارنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەيتتى. قىزىل سەرلەۋھەلىك ھۆججەتلەرنىمۇ ئانچە

ئىخلاس بىلەن ئۇقۇمايتتى. ئۇ ئۇنداق دوكلاتلارنى ئاڭلىمىغان، هۆججەتلەرنى كۆرمىگەننىڭ ھېچقانداق كارايىتى يوق، ئۇ نەرسىلەر نەچچە ئون يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتىمنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ. سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كەلسەك، پەقەت تېخىمۇ سولراق بولۇپ، ئومۇمەن سىزىقتىن چىقمىسىلا بولمىدىمۇ، دەپ ئويلايتتى.

3 ـ ئومۇمى يىغىندىن كېيىن، ئۇ ئۆزگەردى، دوكلات بولسىلا جەزمەن ئاڭلايدىغان، قىزىل سەرلەۋھىلىك هۆججەت بولسىلا چوقۇم كۆرىدىغان بولدى. ئۆزىلا ئۆزگىرىپ سەزگۈرلىشىپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ سەزگۈرلىشىپ قالدى. چۈنكى بۇ دوكلات ـ هۆججەتلەردىن هامان "يېڭى روھ" تېپىلاتتى. بۇنداق "روھ"لار ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتلىرىنى بىر تالدىن ـ بىر تامچىدىن ئاستا ـ ئاستا يوققا چىقىرىۋاتاتتى. مەسىلەن، كادىرلارنى "تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى"نى ئالساق، گەرچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەھدىت سالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىغا نىسبەتەن ھازىرچە تەكلىپ قىلغىلى ئادەم چىقماسلىق خەۋپى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە قارىتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان خەۋپتىن ئەنسىرەيتتى.

يەر ئاستى يولىدىن گىرەلەشكەن ئىككى يولۇچى چىقىپ كەلدى، ئۇلار دۈمبىسىگە ۋە مۈرىسىگە چوڭ ـ كىچىك سومكىلارنى ئارتىۋالغان ھالدا پاراۋۇزغا ئوخشاش قاتتىق پۇشۇلداپ، قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان پويىزغا ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار پويىز ۋاگوننىڭ نومۇرىغا قاراپمۇ قويماي كۆرۈنگەن ئىشىكتىن چىقماقچى بولۇشتى.

يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوننىڭ ئىشىگىدە تۇرغان ئايال پويىز خىزمەتچىسى كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ نەزىرى بىلەن ئۇلارغا بىر قاراپ، ئۇلارنىڭ يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگونغا چىقىدىغان يولۇچى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلدى ـ دە، تۇرۇپ قىلمايلا ئۇلارنى توسۇپ:

— ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، بۇ يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگون، — دېدى.

گىرەلىشىۋالغان ئىككى يولۇچى پويىزنىڭ يىراقتىكى قۇيرۇق تەرىپىگە قاراپ قويۇپ، يەنە قايتىپ كېلىپ ئايال پويىز خىزمەتچىسىدىن:

— يولداش، پويىز مېڭىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئاۋال پويىزغا چىقىۋېلىشىمىزغا يول قويسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ يېلىندى.

— بولمايدۇ. پويىز مېڭىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نىمىشقا بۇرۇنراق كەلمىگەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ غادايغان پېتى، قىلچە تەۋرىنەمەستىن، گويا ھېچنىمە كۆرمىگەندەك ئالدىنقى تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆكەمە چىرايى خۇددى ھەم ئاچچىق ھەم قاتتىق ئۇرۇك غورىسىغا ئوخشايتتى. ئۇ خىيالىدا، ئۆزەم يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوننىڭ خىزمەتچىسى، كۇتىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مۆتىۋەرلەر، شۇڭا ئالدىمدىكى بۇ ئىككەيلەن بىلەن گەپ تالىشىپ نىمە قىلاي، ئۇنداق قىلسام ئابرويۇم چۈشۈپ كەتمەمدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى.

ئىشىك ساقلاش — بەلكىم ھوقۇقلار ئىچىدە ئەڭ كىچىگىنىڭ كىچىگى بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ بەزى كىشىلەر ئۆزىگە قولايلىق ئىزدەپ، ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلىدۇ، يالۋۇرىدۇ، ئۇ بولسا گاچ ـ گۇچلا رەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازراق بولسىمۇ ھوقۇقنىڭ لەززىتىنى كۆرۈۋالىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگون-

دىكى يولۇچىلارنىڭ سېھرىي كۇچى ۋە سىرىنى كۆرۈپ قالدى.

ئىككى ۋاگوننىڭ تۇتاشقان يېرىدە تۇرغان چىن تېيېدەن ھىلىقى پويىز خىزمەتچىسىگە:

— شاكىچىك يولداش، بولدى، ئۇلار چىقىۋالسۇنچۇ، — دېدى. بايىقى تولۇق غورا گويا بىر دەمدە پىشىپ قالغاندەك شۇنداق شىرىن، ھەم قىزىل، ھەم يۇمشاق بولۇپ كەتتى، گويا شىرىنلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزگەندەك ھېجىيىپ تۇرۇپ:

— بىز رەھبەرلەرنىڭ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك - تە! — دېدى.

— بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش دەپ نىمىگە ئېيتىمىز، نە - دىن كەلگەن شۇنچە كۆپ خەتەرلىك ئاملىكەن؟ يېڭىدىن شەھەرگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا كۆن بويى كوچىدا مېڭىپ يۈرەتتۇق. ھازىرچۇ، پىكاپقا چۈشۈۋالدۇق، ئۈنىڭ ئۈستىگە يەنە دېرىزىسىگە پەردە تار - تىپ قويدۇق.....بۇ بىزنى ئاممىدىن ئايرىپ بارغانسېرى يىراقلاش - تۇرۇۋەتتى، — دېدى چىن تېيېدەن.

ئايال پويىز خىزمەتچىسى: ”بۇ تازا غەلىتى قېرى ئىكەن، ئىشنى تەييار نەسەپىنامىگە چۈشۈرۈشنى بىلمەيدىكەن، ئالدىغا كەلگەن ھالا - ۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنىمۇ ئۇقمايدىكەن. خەقلەر ئارزۇلاپمۇ يېتەلمەيۋاتسا، بۇ تېخى پىكاپقا ئولتۇرۇشتىن، دېرىزىسىگە پەردە تارتىپ قويۇشتىن ئاغرىنىپ يۈرمەكتە“ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ھىلىقى ئىككى يولۇچى، ئاخىرى ئېغىر يۈكىنى كۆتەرگەن پېتى پويىزنىڭ يىراقتىكى قۇيرۇغى تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە ئارتىۋالغان سومكىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن دېلىڭ

يۇەنفاغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ ئۇنى مۆدۈرىتىۋەتتى.

— ۋايجان، ئادەمگە ئىمانچە سوقۇلۇپ يۈرىدىغاندۇ، — دىدى شيۇمېي ۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېڭ يۇەنفانىڭ ئوتتەك ئىسسىق پەنجىسىدىن ئۆزىنىڭ ئاپپاق، يۇمشاق قولىنى چىقىرۋالدى.

ئۇنىڭ دېڭ يۇەنفانىڭ سوقۇلۇپ كېتىپ ئاغرىۋاتقان دۈمبىسىنى سىلاپ-ئۇۋۇلاپ قويغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆتىرىلگەن قولى توختاپ يەنە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دېڭ يۇەنفا بايقاپ قالدى.

بۇ ئىچ ئاغرىتىشنى بىلىدىغان، شۇنىڭدەك كۆيۈنۈشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئايال ئىكەن، ئۇ چوقۇم ئەدەپ-قائىدىلىك ئايال بولالايدىكەن. دېڭ يۇەنفا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا قاتراپ يۈرىدىغان، ۋاقىراپ-جاقىراپ، قول شىلتىپ يۈرىدىغان ئۇنداق ئاياللارنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنداق ئاياللار خىزمەت ئىشلەشتە بەلكىم ناھايىتى تەجرىبىلىكتۇر، لېكىن، خوتۇن بولۇشقا يارىمايدۇ. ئۇنداقلار ئۆي ئىشلىرىنى چوقۇم قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. تاماقنىمۇ ۋاقتىدا يىگۈزمەيدۇ، ئۇلار قايناق سۇغا موما چىلاپ بېرىدۇ، ياكى تەييار چۆپنى قايناقسۇغا چىلاپلا بېرىدۇ. بۇ ئاشقازان كېسەللىگە گىرىپتار قىلماي قالامتى! پەسىلگە قاراپ كىيىم يۆتكەش ۋاقتى بولغاندا، يۆتكەيدىغان كىيىمنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، قىرو چۈشكەندىن كېيىنمۇ يەنە ساڭا دىچۆلياك بۇرۇلكا كىيگۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. كۈز شامىلى بىر ئۇرسا، راسا سالقىنداپ قالىسەن. تومۇز كىرگەندە، كىيگۈدەك تۈزۈك كۆينەكمۇ چىقماي، يامىنىغا كەلسە قىرىلار كىيىدىغان پاختىلىق خەينى — "قىرىلار خوشلۇغى"نى كىيىپ ئىشقا بېرىشىڭ مۇمكىن. ئۇنداقلارنىڭ

سىنىڭ قوينۇڭدا يېتىپ تۇمشۇغىنى ئۇچلاپ ئەكىلەپ ناز ــ كەرەشمە قىلىشىدىن تېخىمۇ ئۇمىت كۆتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىداق خوتۇنىنىڭ بولغىنى بىلەن بولمىغىنىنىڭ نىمە پەرقى بار؟!

ــ ئەمىسە مەن ماڭدىم، ــ دېدى دىلىڭ يۈەنفا پويىزغا چىقىپ. پويىز ”غاچ“ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىش بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى. شيۇمېي قىزىل گۆللۈك قول ياغلىقىنى پۇلاڭلاتقىنىچە، ۋوگزال سەھنىسىدە پويىزغا ئەگىشىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە غايىپ بولدى.

دىلىڭ يۈەنفا بۇرۇلۇپ ئىككىنچى بۆلمىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۆلمە ئىشىكى ئالدىدا چۆچۈگەندەك توختاپ، بىر ھازاغىچە بۇ يۈمشاق كارۋاتلىق ۋاگوننىمۇ ــ ئەمەسمۇ دەپ گۇمانلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

يوللۇق كاستيۇم كىيگەن ياش بىر بالا ۋاگون دېرىزىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كاستيۇمىنىڭ رەختى ۋە تىكىلىشى ھازىر ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پوسۇندا ئىدى. گالاستۇكىنىڭ رەڭگى ناھايىتى كۆركەم بولسىمۇ، بىراق، ئاق كۆينىكىنىڭ ياقىسى ۋە يېڭىنىڭ ئۇچىدا ساغۇچ ــ كۇلرەڭ كىر داغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قولىغا خېلىلا ۋەزنى بار ئىككى دانە ئۇزۇك سېلىۋالغان، پۇتىدىكى شىبلىتى بولسا ئادەمگە تېگىپ كەتسە تېشۇۋېتىدىغاندەك ئۇچلۇق ئىدى. قولتۇغىغا بىر كىچىك رادىيولۇق ئۇنئالغۇنى قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىستىرولۇق نائۇشنىك سانچىغلىق تۇراتتى، ئۇ كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا، مىنگەشتۈرگەن پۇتلىرىنى مۇزىكا ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى كارۋاتتا سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر قىز يېتىپتۇ. ئۇ قىز دىلىڭ يۈەنفاغا تىكىلىپ قارايتتى. قىز بالىمۇ خەققە مۇشۇنداق تىكىلىپ

قارىغان بارمۇ؟ دىلى يۈەنفا كۆزىنى دەرھال ئۇنىڭدىن يۆتكىدى، لېكىن يۈرىكى ئىختىيارسىز بىر ئاغدى. دىلى يۈەنفا بۇ قىزنى قەيەردىدۇر بىر كۆرگەندەك قىلىپ، بۇ ھىسسىياتنى ئىسپاتلىماقچى بولدى-يۇ، قايتا بېشىنى كۆتىرىپ ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ تېخىچىلا ئۆزىگە قاراۋاتقانلىغىنى سەزگەن ئىدى. ئاجايىپ ئىش، ئۇنىڭ كىشىلەر دىققىتىنى جەلىپ قىلىغۇدەك نەرى باركىنە؟ بىر قىز ئاشۇنداق تىكىلىپ قاراپ تۇرسا، پىسەنت قىلماسلىق ئۈچۈنمۇ، راستىنلا خېلى ماھارەت كېرەك ئىكەن.

ئۇ قانداق قىزدۇ؟ شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشمۇ، ياكى چەتئەل تەۋەلىگىدىكى جۇڭگولۇقمۇ؟ ھېچ ئوخشىمايدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى قىز-ئاياللارنى ئۇلار ھەرقانچە پۇزۇر كىيىنىۋالسىمۇ تونۇۋالغىلى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بويىندىكى ۋالىلداپ تۇرغان مارجىنى، ئۇنىڭ زادىلا ئۆز ئىچىمىزدىكى ئايال ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ھەي، بۇنىڭغىمۇ ھېچنەرسە دەپ بولمايدۇ، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە پىشقەدەم سەپداشلارنىڭ قىزلىرىمۇ بوينىغا ئاشۇنداق بىر نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

ھىلىمۇ ياخشى، دىلى يۈەنفا شيۈمىڭ يوللۇق تۇتقان بىر سومكا يىمەكلىكنىڭ شىرە ئۈستىدە تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ نەرسىلەر دىلى يۈەنفانىڭ ئورنىنىڭ مۇشۇ بۆلۈمدە ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايتتى. بولمىسا، ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولغان ئىدى.

دىلى يۈەنفا ئىنتايىن پەرىشان ھالدا بۆلمىگە كىرىپ قەتئى، لېكىن دەخلىسىز ھالدا ئۆز كارۋىتىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ نىمىگە خاپا بولىدۇ؟ بۇنى بەلكىم ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇنى يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگونغا چىقىشقا تېگىشلىك بولمىغان ھەممە روشەن

ھالدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولمىغان بۇ ئىككى ئادەم بىلەن بىر بۆلمىگە تىقىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئورۇنۇدا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇنۇدا ئولتۇرىدىغان قانداق سالاھىيىتى بار كىنە؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يۇرۇپ ئىنقىلاپ قىلىشى مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوندا ئولتۇرۇشى ئۈچۈنمىدى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى خارلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. مۇنداق ئەھۋال، خۇددى بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ئاۋامنىڭ ئاقسۆڭەكلەر كىلۇبىغا تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇسۇپ كىرىپ قېلىپ، ئاقسۆڭەك ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ قالغان نەرسىلەرنى بۆلۈشۈپ ئېلىۋاتقانلارنىڭ قىيا ـ چىياسى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىۋەتكىنىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەرتىۋە تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق بولغان ئەنگلىيىدە ھەر بىر دەرىجە ـ قاتلامنىڭ، ھەر كەسىپ ـ ساھەنىڭ قانداق كىيىم كىيىشى قاتتىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدىكەن. كىشىلەرنىڭ كىيگەن كىيىمىدىنلا ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئالىجاناپ ياكى پەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدىكەن.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا چېن تېيدەن كىرىپ كەلدى.

دىڭ يۈەنفا چېن تېيدەننى كۆرۈپلا سەل ئوڭايسىزلاندى. ئۇ چېن تېيدەننىڭ ئۆزى بىلەن بىر بۆلمىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ بايام شيۇمېي ئىككىمىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋۇ يېرىم يۇمۇق تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ناھايىتى مۇلايىم دەپ قالمىغۇلۇق، ئىچىگە راسا سىنچىلاپ قارىسا ئۇ كارامەت يامان نىمە، دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

چېن تيېدەن دىڭ يۈەنفاغا كۆلۈپ قاراپ قويدى ھەم باشقا ئىككى يولۇچىغىمۇ كۆلۈپ قارىدى. بىر كۆرۈپلا كونا دوستلاردەك ھەممەيلەن بىلەن باش لىڭشىتىپ كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرىنى بىر-بىرلەپ ئۇقۇشتى.

— سودا-سېتىق قىلغىلى ماڭدىم، — دەپ ئوچۇقلا ئېيتتى يوللۇق كاستيۇم كىيگەن كىشى.

ۋاي خۇدا، ماۋۇ سولتەك ھېچ بىر قورۇنمايدىغۇ! دىڭ يۈەنفا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قارىمسا بولمايدىغان نەزەر بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى. ھەم، ئېلىپ-ساتار ئىكەنغۇ، دىڭ يۈەنفا تېخىمۇ نارازى بولدى. كادىرلارنىڭ پەرزەنتى بولسىچۇ كاشكى، ئۇنىڭ ئاۋۇ يوللۇق كاستيۇم، ئالا-بۇلماچ گالاستۇگى، قولىدىكى 2 تال ئۈزۈگىگە دىڭ يۈەنفا ئاران چىداپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ دىڭ يۈەنفا بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىرەر كادىرنىڭ پەرزەنتى بولسىچۇ كاشكى، ئۇ چاغدا دىڭ يۈەنفا بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە بولسىمۇ ئىگە بولغان بولاتتى-دە!

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدى چېن تيېدەن دىڭ يۈەنفادىن.

— E شەھىرىگە كاماندىروپكىغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى دىڭ يۈەنفا ئولتۇرغان يېرىدە ئىختىيارسىز ئالدىغا ئېگىلىپ.

چېن تيېدەننىڭ كۆمۈشتەك چاچلىرى؛ ياشانغان بولسىمۇ ئەمما كۈچلۈك، ئۆتكۈر كۆز نۇرى؛ گەپ-سۆزلىرىدىكى ئاشۇنداق چۈشىنىشكە بولمايدىغان، چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغان سالاپىتى دىڭ يۈەنفانى: چېن تيېدەننىڭ دەرىجىسى ئاز دېگەندە مەندىن 3 دەرىجە يۇقىرى ئىكەن، ئۇ قايسى بىر ئورۇننىڭ باشلىقى ئوخشايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بايىقى شيۇمىپى بىلەن قول تۇتۇشقىنىم تازىمۇ ئەدەپسىزلىك بوپتۇ، مۇندىن كېيىن زادىلا مۇنداق قىلماسلىغىم كېرەك. ناۋادا ئۇ ياكى ئۇنىڭ سەپداشلىرى مېنىڭ باشلىقىم بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا چاتاق بولىدۇ، دىگەن ھىسسىياتقا كەلتۈردى. دېڭ يۈەنفانىڭ مۇشۇنداق ئويلاش ماھارىتى، تەدرىجى ھالدا ئۈستىگە نىقاپ كىيگۈزگەندەك بولدى.

— مەن ئاخىرقى بىكەتكە بارىمەن، — دەپ تارتىنىش ۋە مۇجمەللىك بىلەن جاۋاپ بەردى ئۈستۈنكى قەۋەتتە ياتقان بيەن ۋېنيۈ.

— كاماندىروپكىغىمۇ ياكى ساياھەتكىمۇ؟

— ھاممامنى كۆرگىلى بارىمەن، ئاندىن ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا بارىمەن.

"ئامېرىكا" دىگەن سۆزنى ئاڭلاپلا، يوللۇق كاستيۇملۇق كىشى بېشىدىكى ئىسترولۇق نائۇشنىكنى ئالمان ـ تالمان ئېلىۋېتىپ، ئالماپ ئولتۇرغان پۇتلىرىنى يىغىپ، ئاستىنقى قەۋەتتىن بېشىنى چىقىرىپ بيەن ۋېنيۈگە خۇددى ئامېرىكىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭقىيىپ قاراپ قالدى. لېكىن ئۇ دەرھاللا "مەندىن ھېچنىمە يوشۇرۇپ قالالمايسەنغۇ" دىگەندەك كۈلۈمسىرەپ، بارمىقىنى بيەن ۋېنيۈگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ھەدە، سىز ھېلىقى ياپونىيىلىك كىنو چولپىنى "جېن يۇمېي"غۇ دەيمەن؟ — دىدى.

بۇ گەپ ھەممەيلەننى سەگەكلەشتۈردى، كۆپچىلىك بىر ـ بىرلەپ بيەن ۋېنيۈگە ئەستايىدىللىق بىلەن سىنچىلاپ قاراشتى.

بيەن ۋېنيۈ قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— سىز خاتا پەرەز قىلدىڭىز، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس؟ — دېدى يولـلۇق كاستيۇم كىيـگەن كىشى ئازراقمۇ خىجىل بولماي.

دىلى يۈەنفا: ئۇنى قەيەردىدۇ ئۇچـراتقانلىـقىم ئەجەپلىـنەرلىك ئەمەسكەن، ئۇ راستىنلا "جىن يۈمىـي"غا ئوخشايدىـكەن، دەپ ئويـلىدى. ئۇ «قوغلاپ تۇتۇش» دېگەن كىنونى كۆرگەن ئىدى.

روشەنـكى، دىـلى يۈەنفا ئۇنى تونۇمـىدى، گەرچـە ئۇلار بىرلا قېتىم ئۇچراشقان، ئۇن مىنۇتچە سۆزلەشكەن بولسـىمۇ، لېكىن بىەن ۋېنيۈ دىلى يۈەنفانى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالغان ئىدى.

دىلى يۈەنفا راسـتىنلا ئۇنى تونۇمىدىـمۇ، ياكى ئەتەي گالۋاڭ بولۇۋالدىمۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ ئۇنى راستىن تونۇيالمىغانلىقى ياخشىراقتۇ؟ لېكىن مەيلى قايسى خىل ئەھۋالدا بولمىسۇن، ھەممـىسى ئادەمنىڭ كۆڭلـىنى قايـتۇرىـدۇ. ئەگەر كېيىنكـىسى بولسا تېخـىمۇ شۇنـداق بولىدۇ. ئۇ قىزنىڭ ھەممىنىڭ كامالەتكە يەتـكەن بولۇشـىنى ئۈمىت قىلـىش ئارزۇسى نـىمە دېـگەن قاتتىـق ۋە ئەمـىلـىيەتـكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا يەنە شۇنداق كۈچلۈك - ھە؟

— سىز ئامېرىكىغا بېرىپ نىمە ئىش قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى چېن تيېدەن.

— ئۆز يېنىمدىن راسخوت چىقىرىپ ئوقۇيمەن.

— چەتتە ئۇرۇق - تۇققان، دوست - يارەنلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، ئـۇچـىنـچى تاغام ۋە بىر نەۋرە ئاكام بار، — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىەن ۋېنـيۈ قەسـتەن ئاۋازىـنى كۆتەردى، — بىر نەۋرە ئاكام مۇندىن بىرنەچـچە يىل بۇرۇن چىقىـپ كەتـكەن، ئۇ ئەسلىدە × × دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيتتى.

دەرۋەقە بۇ سۆز دېك يۈەنفانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى:

— ئاكىڭىز XX دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەنمىدى؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى دېك يۈەنفا گويا دوختۇرخانىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى يانچۇقىغا سېلىۋالغاندەك.

بيەن ۋېنيۈ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى خېتى بويىچە ئېيتىپ بەردى.

— ھە — ھىم، ھىم، — دېك يۈەنفا ئىخلاس بىلەن ئەسلەپ كۆردى، لېكىن قانداقراق ئادەملىكىنى زادىلا ئەسكە ئالالمىدى. بيەن ۋېنيۈ بىلەن بولغان ھېلىقى 10 مىنۇتلۇق سۆھبەتنى بولسا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمەيتتى. بيەن ۋېنيۈ بىر نەۋرە ئاكىسى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئازار يېدى.

— بىر ئادەم چەتتە تەنھا يۈرگەندە، ھامان نۇرغۇن قىينچىلىققا ئۇچرايدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولسا ياخشى بولىدۇ. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلەمسىز؟

— قايتىپ كېلىمەن، ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىمەن.

— يارايسىز، — دېدى يوللۇق كاستيۇملۇق كىشى تەسىرلىنىپ، — چەتكە چىقىپ ئارىلاپ كېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەيمەن دېگۈچىلەر يالغان سۆزلەيدۇ. ئۆزەمنى ئېيتسام، چەتئەللەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلگۈم بار. نەزەر-دائىرىسى ئېچىلىدۇ-دە. ئازراق تۇرۇپ قايتىپ كېلىشىمۇ قائىدىسىگە سىغىدۇ. سىلەر ئىككى پىشقەدەم يولداشنى دىمەيلا تۇرايلى، بىزدەك ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭمۇ ھازىر ئىستىقبالى بار، دېگەن ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمىز، — ئۇ ناھايىتى ئاكىلىق ھالدا ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنغا قويىدى.

دېك يۈەنفا ھەم دەپ قويىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يالغان-ياۋداق

سۆزلەرنى تەل-تۆكۈس ئېچىپ تاشلايدىغان گۈمپىسنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەمبىرەك ئاتقاندەك ئېتىپ بۇرنىدىن بۇلاق قىل-غۇسى كېلىپ كەتتى. ئەرۋايى قايتىپ كېلەر، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىققانلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك چەتئەلدە باي تۇققانلىرى، كاپىتالىستەك نىملىرى بار، ئەيش-ئىشرەت دۇنياسىغا بىر چىلانسا، بۇرژۇئازىيە تۇرمۇشى چىرىتىسە، ئۇلار يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياسىنىشى ۋە سۆلتىسگە قارىمامدىغان، ئامېرىكىغا بارماي تۇرۇپلا، ھىلىتىن ئەجنەبىلەرگە ئوخشاپ بولۇپتۇ.

— ھىم ياخشى، — دىدى چىن تيېدەن. ئۇ توساتتىن سۆزىنى توختىتىپ، ئۈن-تىنسىز چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پويىز دېرىزىسى سىرتىدىكى ئاپتاپ، قاتار كەتكەن دەرەخ كۆلەڭگۈ-لىرى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقىلىپ تۇراتتى، مول مەنىلىك گۈزەل كۆرۈنۈش بىر دەم توق، بىر دەم سۇس، بىر دەم يېقىنلاپ، بىر دەم يىراقلاپ تۇراتتى.

بيەن ۋېنيۆ بۇ "ھىم" دىگەن سۆزدىن خوشاللاندى. ئۇ مۇشۇن-داق بىرەر ئىنكاسنى ئىزچىل كۈتۈپ كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىخلاس بىلەن سورىمىغان ۋە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى: "مەڭگۈگە ئايرىلدۇق، بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ" دىگەن، ياكى "ئەگەر قايتىپ كەلسىڭىزمۇ 'ساھىپجامال' لاردىن بولۇپ قالارسىز" دىيىشكەن ئىدى. ئۇلار ئامېرىكا تەۋەل-گىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسىنى قىزىقچىلىق قىلىپ "ساھىپجا-مال" دىيىشەتتى.

www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر چەتئەللىك كۆيوغۇل باشلاپ كېلەرسىز.

ئۇلار نىمە ئۈچۈن يولدا ئۇچرىشىپ قالغان بۇ يوچۇن پىشقەدەم يولداشقا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن، ئۇنى چۈشەنمەيدىكەن؟

باشقا ئادەم بولغان بولسا، ياكى بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولسا، مۇنداق يېپىدىن يىغىنىسىغىچە سوراش چوقۇم بىەن ۋېنيۆنىڭ نارازىلىغىنى قوزغايتتى. بۈگۈن ئۇ بۇرۇن قوبۇل قىلالمايدىغان بۇ تەرەپلەرنى ناھايىتى كەڭ قوساقلىق، ھەتتا تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ شۇنداق سىپايە- نازاكەتلىك بولۇپ، ھىسسىياتى ئوڭاي قوزغىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنى ئەيىپلەش تۇيغۇسى بىلەن، ئۆتكەن ۋاقىتلاردا بىرمۇنچە ئىشلارغا قارىتا ئاشۇرۇۋەتكەن يەرلىرىنى ۋە قاتتىقلىق قىلغانلىغىنى ئەسلەپ قالدى.

بۇ چاغدا، چېن تېيدەننىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان كۆزلىرىدىن چىققان مېھرىۋان ۋە ئىللىق نۇر، ياز كۈنلىرى كەچتە ئىگىز ئوت- چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدە يېتىۋېلىپ، كەچكى شەپەق تەرەپتىن كەلگەن كەچنىڭ ئىللىق ۋە ساپ شامىلىدا تۇرغانلىرىنى ئەسلەيتتى؛ ئۇنىڭ يۈزىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن، قېلىن قورۇقلار، يەنە ئۇنىڭغا بۆك- باراقسان ئۆسكەن دەرەختەك، ئۇ دەرەخنىڭ جىلۋە قىلىپ تۇرغان ھەر بىر ياپرىغى گويا كىشىنى بەھۇزۇر ئۇخلىتىدىغان يېشىل بۆشۈكتەك بىلىندى.

دىڭ يۈەنغا بۈنىڭغا مۇتلەق ئوخشىمايتتى، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بوغۇلۇپ قالغاندەك ھىس قىلدى. ئۇنىڭ ھامان چېن تېيدەننىڭ تەكتىنى، ئۇنىڭ زادى نىمە قىلىدىغان ئادەملىگىنى ئۇقۇپ باققۇسى

بار ئىدى. بولمىسا، بۇ سەپەردە خۇددى «ئۈچ ئاچا يول» غا دۇچ كەلگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىدىن ساقلىنىشى، يەنە بىرسىنى بىلىپ بېقىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چېن تيېدەندىن سورىدى:

— ئىسمى شەرىپىڭىز نىمىكىن؟

— پېقىرنىڭ پەملىسى چېن.

— ھە، قەدىردان چېن دىسەك بولىدىكەن-دە.

— يوقسۇ، ئەرزىمەيدۇ، — دەپ چېن تيېدەن قولىنى سىلىكىدى.

— قەدىردان چېن قايسى ساھەدە خىزمەت قىلىدىكىن؟

— مەن پېنسىيىگە چىقتىم.

— ھە، شۇنداقمىدى؟ — دەپ سوزۇپ قويىدى دېڭ يۈەنفا ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن. ئۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن بۇ سۆزنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقتا ئىدى.

بىيەن ۋېنيۈ دېڭ يۈەنفانىڭ سەل ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرغان بېلىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىچىلا تۇزلىنىپ قالغانلىغىنى سەزدى. ئاتايا چېن تيېدەن سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ خۇددى مەركىزىي كومىتېت ھۆججەتلىرىنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپ ھەممە چوڭقۇر رىغبەتلەنگەندەك قىياپىتى بىردەمدىلا يوقىلىپ كەتتى. شۇنىڭدەك "شۇنداقمىدى" سۆزىنىڭ ئايىغىنىڭ سوزۇلۇپ ئېيتىلىشىمۇ دېڭ يۈەنفانىڭ پسىخىك ھالىتىدىكى تېز ئۆزگىرىشنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. لېكىن چېن تيېدەندە ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق باشقا تەسىرات تۇغۇلمىدى.

— سىز ئەمدى نىمە قىلغىلى كېتىۋاتىسىز؟ — سۆھبەت قايتا داۋاملاشقان ۋاقىتتا دېڭ يۈەنفا خېلىلا ئەركىن ۋە تەشەببۇسكار

بولۇپ قالغان ئىدى.

— يۇرتۇمنى كۆرگىلى، — دەپ جاۋاپ بەردى، چىن تىيېدەنىڭ چىرايىدىن خوشاللىغى چىقىپ تۇراتتى.

— يۇرتىڭىزدا خېلى كۆپ تۇققانلىرىڭىز باردۇ؟

— يوق، — چىن تىيېدەنىڭ ئىنتىزارلىغى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، يۇرتىدا ھېچقانداق ئادىمى بولمىسا ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟ دېڭ يۈەنفا بۇنى چۈشىنەلمىدى، شۇڭلاشقا، چىن تىيېدەنىڭ ئىنتىزارلىغىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەيتتى. ئايال پويىز خىزمەتچىسى قوي تېرىسىدە تىكىلگەن بىرنەچچە جۈپ ساپما كەشنى كۆتىرىپ كەلدى، ئۇ چىن تىيېدەن بىلەن دېڭ يۈەنفا ئۇچۇنلا خىزمەت قىلىدىغانلىغىنى روشەن كۆرسىتىپ:

— باشلىق، ساپما كەش ئەكەلدىم، ئىشلىتەرسىز؟ — دېدى.

"باشلىق" دىگەن سۆز دېڭ يۈەنفانى خوشال قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، دىلى يايراپ كەتتى، چۈنكى بۇ سۆز دېڭ يۈەنفانىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئۈستۈنلۈگىنى كىشىلەر ئالدىدا دەرھاللا ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇ تارتىنىغاندەك كۈلۈمسىرىدى. ۋە شاكىچىلىك يولداش، خىزمەت ئىشلىشىڭىز بەكمۇ جايىدا ئىكەن، دىگىنىچە، ھەقلىق يوسۇندا چىن تىيېدەننى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن بېرىپ ساپما كەشنى ئالدى.

— باشلىقلارنىڭ يەنە كۆپرەك تەنقىت قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىشىنى سورايمەن، — دېدى ئايال پويىز خىزمەتچىسى زېرەكلىك بىلەن.

دېڭ يۈەنفا خۇددى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرىپ ئۆزىگە



www.uyghurkitap.com

يېڭى ئاياق تالللغانىدەك ئىنچىكىلىك بىلەن تالللاشقا كىرىشتى، ھەممە ساپما كەشنىڭ باشلىغى ۋە چەمگە ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىدى. ئۇلارنى تۇتۇپ باقتى، چېكىپ كۆردى، تىكىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن تارتىپ سۆكۈلگەن يېرىنىڭ بار-يوقلۇغىنىچە تەكشۈرۈپ چىقتى، گويا بۇ ساپما كەش شۇ كۈندىن تارتىپ مەڭگۈ ئۇنىڭ ئۆزىگە بەخشەندە بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىپ كەتتى. ئايال پويىز خىزمەتچىسى تاكى دېلىڭ يۇەنفا كۆڭلىگە ياريغان ساپما كەشنى تالىلاپ بولغىچە سەۋر-چانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

بىيەن ۋېنيۈ دېلىڭ يۇەنىفانىڭ ساپىما كەشنى تالللىشىغا تولىمۇ قىزىقىپ نەزەر سالدى. ئۇن نەچچە سائەتلا ئۆزىگە تەۋە بولىدىغان بىر جۈپ ساپما كەشنى ئۇ ئاشۇنداق ئاۋارىچىلىقتىن قاچماي، زېرىك-مەستىن تالللىدى، ئەپسۇسكى سىياسەتنى ئەمىلىيلەشتۈرۈشكە تېگىش-لىك بولغان بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئىشىغا بولسا شۇنچىلا قوپاللىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىدى، دەپ ئويلايىتتى ئۇ.

دېلىڭ يۇەنفا بىلەن كۆرۈشۈش ھەقىقەتەن ئىنتايىن تەس ئىدى. بەلكىم بىر مىنىستىر ياكى مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن كۆرۈشۈشىمۇ ئۇنداق تەس ئەمەستۇ. بىيەن ۋېنيۈ شۇنچە نۇرغۇن تېلېفون بەرگەن، شۇنچە كۆپ خەت يازغان بولىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشىتەك يوقاپ ئىز-دېرىكى بولمىدى، كېيىن ئۇ ئۆزى ئىزدەپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ ئىزدەپ كەلسە خەۋەر-لىشىش بۆلۈمدىكىلەر ئۇنى "مەجلىسكە كەتتى" دەيتتى ياكى "سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كەتتى" دەيتتى.

بىيەن دېنيۈ بىر نەۋرە ئاكىسىنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئەقىل-

www.uyghurkitap.com

پاراستىنى ئۇمىتلىك ۋەتەنگە تەقدىم قىلىشقا كۆندۇرۇش ئۇچۇن قىيىنچىلىق تارتىشتىن قورقمىدى.

بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئاغزى چىڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىغىنى ــ ئەقەللىسى سىياسى جەھەتتىن چەتكە قېقىلىشقا ۋە زەربىگە ئۇچرىمايدىغانلىغىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن ئامېرىكىلىق ئايال بىلەن توي قىلىشى مۇمكىنلىگىنى ئېيتقان ئىدى.

شۇغىنىسى بۇ پەقەت ئۆزىگە ئۆزى يەل بېرىش ئىدى، خالاس. يەنى قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ كېچىسى مازاردىن ئۆتكەندە ئۆزىگە مەدەت بېرىپ يۈرىگىنى توختىتىش ئۇچۇن، توختىماي قاتتىق يۆتەلگىنىدەك، ياكى ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ ناخشا ئېيتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. بىراق ئۇ قېيىداپ شۇنداق قىلاتتى. "ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇغى پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇغى" دىگەن تەمسىل بار.

بيەن ۋېنيۆ ئامېرىكىنى تولۇق بىلمىسىمۇ، لېكىن بەزىلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر بىلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا، ئۇچىنچى تاغىسىنىڭ ئائىلىسى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتتە تىرىشىپ يۇرۇپ ئاران دىگەندە ئورۇنلاشقان ئىدى؛ بىر نەۋرە ئاكىسى ۋەتەندىكى ۋاقتىدا مەلۇم بىر داڭلىق مېدىتسىنا داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، چوڭ بىر دوختۇرخانىدا مەسئۇل دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئاخىر بېرىپ ئۇ بىر دوختۇرخانىدا ئىش ھەققى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ ئاق چاشقان باققۇچى بولغان. ھازىر ئۇچىنچى تاغىسى تېخى ھايات، ئۇ ئازدۇر - كۆپتۇر قاراپ تۇرغانلىقتىن، بىر نەۋرە ئاكىسى ئۆزىنى باقالماسلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالمىغان. بىراق، ناۋادا ئۇچىنچى

تاغسى تۈگەپ كەتسە، ئۇ قانداق قىلار؟
بىر نەۋرە ئاكىسىدىن كەلگەن خەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىققاندا، ئۇنىڭ تۇرار جايىنىڭ قارارى يوق تەمتىرەپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ بارغانسېرى بالا ۋاقتىدىكى ئىشلارنى تولدۇراق ئېغىزغا ئالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوقۇغان ھىلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ؛ ئۇ دائىم ناشتىلىق يەيدىغان ھىلىقى دۇكاندىكى تاگزۇگزا ۋە تۇزلۇق پۇرچاق سۇتى؛ ھەر ئاخشىمى دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان غىجەك ئاۋازى، شۇنىڭدەك قورۇق تاملىرىغا يېشىل پىلەكلەر ئارتىلىپ كەتكەن قىزىل خىشلىق بىنا. ئۇلار دائىم تام سىرتىدىكى چىنارنىڭ يېنىدا بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ، غىجەك ئاۋازىنىڭ قايسى دېرىزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقايتتى. يەنە ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ھىلىقى چاسا سىيادانىنىڭ بارىقلۇغىنى سورىغان. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى موي قەلەمدە خەت يازماس بولغان ئىدى...
بىر نەۋرە ئاكىسى باشقىلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى ماددى جەھەتتىكى ھوزۇر-ھالاۋەت ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆمرىنى ئاق چاشقان بېقىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە قانداقمۇ رازى بولسۇن؟
ئۇ ئەگەر قايتىپ كېلىشكە ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ئۇۋىسىنى تاپالمىغان قۇش قونىدىغان يەر تاپالماستىن ھەدەپ ئۇچۇۋېرىپ، ئاخىرى ھېرىپ مادارىدىن كەتكەندە يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈپ تۈگەشكەندەك بولىدۇ.
لېكىن ئۇ مەيلى قانداق بولمىسۇن قايتىپ كېلىشنىڭ گېپىنى زادىلا قىلمايتتى. ئۇ ماڭغان ۋاقتىدا سىياسى ھەركەت مېنى قورقىتىۋەتتى، ماڭا يەنە قانداق قالپاقلارنى كىيگۈزەركىن، بۇ ئۆمرۈمنى

www.uyghurkitap.com

ئاتىۋەتتىم. سىز مۇندىن كېيىن ھەركەت ئېلىپ بېرىلمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالامسىز؟ بۇ يەردە مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولالمايدىكەن، بىر ۋاقىتلار كەلسە كۈتۈلمىگەن بالايى-ئاپەت ئۇچۇپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. ياق، سىڭلىم، ماڭا نەسىھەت قىلماڭ، دېگەن ئىدى.

بىر نەۋرە ئاكىسى خاتا قىلدى، ئۇ بىرەر شەخسنىڭ ياكى بىر-نەچچە شەخسنىڭ سەۋەنلىكىنى بىر خىل ئىدىيىنىڭ، ياكى بىر خىل ئېتىقاتنىڭ كەمچىلىكى قىلىۋالغان. شۇنىڭدەك تارىخنىڭ بۇ ئەگرى سىزىقىنى تۈز قىلمىسا زادى بولمايدۇ، دەپ قارىغان.

بىر نەۋرە ئاكىسى 1957-يىلى مىدىتسىنا داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ دېڭ يۈەنفانىڭ قولىغا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. دېڭ يۈەنفاغا، زىيالىيلارغا تار، دىخانلار ئېگى بويىچە مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك، دەپ پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئوكچى قىلىپ قويۇلغان ئىدى. بۇ بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ تارتمىغان ئازاۋى قالمىدى. مومىسى دائىم، ھىلىمۇ ياخشى بىر ئېغىز گەپ قىپتىكەنسەن، ناۋادا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغان بولساڭ يەنە قانداق كۈنلەرگە مۇپتىلا بولاتتىڭكىنە! دېگەن ئىدى.

بىر نەۋرە ئاكىسى ئۆزىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتكەنلىكتىن، ئەڭ ئالدىنقى تۈركۈمدە قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ بۇ ھەممەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئىت-ئېشەككە ئايلىنىپ كەتسەممۇ بۇ مېھرى-شەپقەتنى قايتۇرالمايمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى. يەنە يەۋە ۋە ئاسمانىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا، ئىلگىرى-ئاخىر زادىلا پىكرىم يوق، دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. "مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى" كېلىش

بىلەن، كونا ھساپ قايتا قىلىنىپ، يەنە ئۇنىڭ ئەدىسۋى بېرىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايلىق مۇئاشى تۇتۇۋېلىندى، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچكەن قەسەملىرى، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئىت ـ ئېشەككە ئايلىنىپ كېتەي دىگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر شامال بىلەن ئۇچۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە نارازىلىق تولۇپ، غودۇڭشۇپ، يوقىلاڭ گەپ ـ سۆزلەرنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، قالپىغى ئېلىپ تاشلانغان ئوكچى قانداق بولىدۇ؟ قالپىغى ئېلىپ تاشلانغان ئوكچى خۇددى بۆكى بار پاختىلىق چاپان كىيگەندەك بولىدۇ، بۆكى بېشىدىن ئېلىۋېتىلگىنى بىلەن چاپىنى يەنىلا دۈمبىسىگە ئارتىقلىق تۇرىۋېرىدۇ، دەيتتى.

بيەن ۋېنيۆ دائىم بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇنىڭ داۋلىسى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن قايىل قىلىش كۈچى بار ئىدى:

— سىز ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاپىمىز بىزنى ئورۇنسىز ئۇرۇپ سالسىمۇ، بىز ئاداۋەت ساقلىمايتتۇق، نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئاپىمىز ئىدى، — دەيتتى.

— سىزنىڭ بۇ دىگەنلىرىڭىز قۇلچىلىق پەلسەپىسى. سىز بۇنداق ئازاپنى كۆرمىگەنلىگىڭىز ئۈچۈن، سىزنىڭ ھېچقانداق پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىڭىز بولمايدۇ، — دەيتتى بىر نەۋرە ئاكىسى بۇ توغرىلىق گەپ بولسىلا ھاياجانلىنىپ.

بىراق بىر نەۋرە ئاكىسى بيەن ۋېنيۆگە، چوڭ دادام ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتاتتى. چوڭ ئاپام دائىم چوڭ دادامنىڭ سىرتتا ئاشنىسى بارمىكىن، ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ كېتەرمىكىن، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ، چوڭ دادامنىڭ يانچۇق-

لىرىنى ۋە خەت ـ چەكلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاختۇراتتى. بىر قېتىم مەن چوڭ دادامنىڭ ئالدىدا چوڭ ئاپامنىڭ قىلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ قويدۇم. چوڭ ئاپام نومۇسقا چىدىماي ئاچچىغى كېلىپ، مېنى قاتتىق ئۇرغان، دىگىنىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

چوڭ ئاپىسى بەزىدە قارت ئويناپ ئولتۇرۇۋەتسە، ياكى موماي بىلەن زىتلىشىپ قالسا... ئومۇمەن كۆڭلى رەنجىپ قالسىلا بىرەر بانا تېپىپ، بىر نەۋرە ئاكىسىنى ئۇرۇپ ئاچچىغىنى چىقىرىۋالاتتى. نىمە ئۈچۈن بۇ ئۆتكەن ئىشلار تىلغا ئېلىنسا، بىر نەۋرە ئاكىسى بۇنىڭدىن خاپا بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئەسلىمىدىن تۈگىمەس ـ پۈتمەس لەززەت ئالىدۇ؟

بىر نەۋرە ئاكىسى "ئانىنىڭ بالىنى خاتا ئۇرۇپ قويۇشى" دىگەن نەزىرىيىگە ئاخىر قوشۇلدى. ئەپسۇسكى ئۇ بالدۇرراق كېتىپ قالغان ئىدى، ناۋادا ھازىر ئۇ بولغان بولسا، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلغان بولاتتى، چۈنكى، ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى ـ دە، بيەن ۋېنيۈ گەرچە ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدە بۇ ئەھۋاللارنى دائىم دەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەتەننىڭ رىيال تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، يىراق چەتئەلدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بيەن ۋېنيۈگە ئوخشاش ئۆزى ئېرىشكەن شەپقەت ۋە ئىلتىپاتتىن تەسىرلىنىپ مىننەتدار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بيەن ۋېنيۈنىڭ دېڭ يۈەنفانى تېپىپ سۆھبەتلەشكەنلىكى بەلكىم بىر قېتىملىق بالىلارچە تەنتەكلىك بولسا كېرەك. ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىدارىسىنىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" جەريانىدا تۇتۇپ قالغان مۇئاشلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭكىنى قايتۇرۇپ بەردى، ھەتتا كاپىتالىستلارنىڭ ئۆي ـ

لىرىنى ئاختۇرغان ۋاقىتتا ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى، ۋاھالەنكى مۇئاش بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئەمگەك ھەققى تۇرسا، شۇنىڭدەك «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قالپىغى ئېلىۋېتىلگەن ـ دە، مۇھىم مەسىلە ئۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەن پۇلدا ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ھېچكىم پۇلدىن قىسىلىپ قالغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەن پۇل نىمىگە دال بولىدۇ دەيسىز. بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆزىمۇ ئەزەلدىن ئۇنداق تەلەپنى قويمىغان ۋە بەلكى ئۇ بۇ پۇلنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندۇ. ئەمما، ناۋادا بۇ ئىش ھەل بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بىر نەۋرە ئاكىسىنى قانداقلا بولمىسۇن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋال ھەققەتەن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىكەن، دىگەن ئويغا كەلتۈرگىلى بولاتتى.

كۆتۈلمىگەن يەردىن ئىككى ئاي سۆرۈلۈپ يۈرۈپمۇ دىڭ يۈەنفا بىلەن كۆرۈشەلمىدى، كېيىن بىر ساۋاقدىشى ئارقىلىق، دىڭ يۈەنفا ـ نىڭ ئوغلىنى تېپىپ ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ يۈرۈپ، ئاران دىگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى.

دىڭ يۈەنفا بيەن ۋېنيۆنىڭ پىكرىنى ۋە تەلىۋىنى ئاڭلاپ بولۇپ، خۇددى غەلىتە ئەپسانىنى ئاڭلىغاندەك:

— سىز مۇشۇ ئىشقا مېنى ئىزدىگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مۇنداق قىلىشقا بولمامدىكەن؟ — دىدى بيەن ۋېنيۆ ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن ئوچۇق چىقىپ تۇرغان نارازىلىق ۋە كەمسىتىشتىن چوڭقۇر تەئەججۈپلىنىپ. ئۇ گويا ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئورۇنسىز ئىشنى قىلىپ قويغاندەك بولۇپ قالدى.

— ھەي، مېنىڭچە بۇ ئىشنى بولىدى قىلساق بولارمىكىن،

بار ـ يوقى ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەننىڭ ئىشكەنغۇ، ئامېرىكىننىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى شۇنچە يۇقۇرى تۇرسا، ئۇ، مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەن خەلق پۇلىغا قاراشلىقمىدى؟ — دىدى دېيك يۈەنفا، ئۇ ئومۇمەن چەتئەلگە چىققانلىكى ئادەملەر بېيىپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى.

دېڭ يۈەنفا "خەلق پۇلى" دىگەن سۆزنى قىلغاندا، قانداقتۇر ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۆزىنى كەمستىدىغان، خۇنۇكلەشتۇرىدىغان بىر خىل كەيپىياتنى ئاشكارىلاپ قويدى. بيەن ۋېنيۆ بۇنىڭغا تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

— بۇ ھەرگىزمۇ پۇل مەسلىسى ئەمەس، ئۇ بىر ئۇۋال قىلىنغان ئادەم، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش كېرەك، ئەگەر...

دېڭ يۈەنفا چىدىيالماي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— سىز بۇ پۇلنىڭ نەدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ ـ يوق؟ دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئىش ھەققى پۇلى ئادەم بېشىغا قاراپ تارقىتىلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بار. ئەمدى سىزە، مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەن ئۈچۈن مالىيە مىنىستىرلىكىگە ۋە مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات يوللايمىزمۇ؟

بيەن ۋېنيۆ مەسلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھىس قىلدى. ئۇ مۇئاشنىڭ ئومۇمى سانى، ئادەم بېشىغا قاراپ تارقىتىش، مالىيە مىنىستىرلىكىگە ۋە مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات يوللاش دىگەن نەرسىلەرنى قىلچىلىكمۇ بىلمەيتتى. بۇ ئاتالغۇلار ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قىلىنغان دوكلاتنى ئەسلىتەتتى. لېكىن ماددا يوقالماسلىق قانۇنىيىتى بويىچە، ھىلىقى پۇل ھامان يەر شارىدىن يوقىلىپ كەتمەس؟ دەپ ئويلايتتى.



www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇپ قىلىنغان پۇل، بىرەر يەردە ساقلىنىپ تۇرغاندۇ؟

دىلىڭ يۈەنفا كۆڭلىدە، "بۇ يەنىلا شۇ پۇل ئۈچۈن سۆزلەۋاتىدۇ، مانا ئەمەسمۇ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي دەۋاتقىنىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پۇلغۇ. تەسەللى بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، زادى ئاشۇ پۇل بىلەنلا تەسەللى بەرسە بولامدىكەن؟ بۇرژۇئازىيىنىڭ تامغىسى-دە" دەپ ئويلىدى.

— مەن ئۇنى بىلمەيمەن. ئۇ مەزگىلدە "ئىسيانچىلار" ھوقۇق ئىگىللىگەن، مەن ئۇ ۋاقىتتا "قوتان"غا كىرىپ قالغان.

— ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۇ پۇل يوق بولسا،...سىز ئېيتقان ئەھۋال، ھەقىقەتەن ئەمەلىي مەسىلە ئوخشايدۇ. مەن ئەسلىدە، بۇنى قانداقلا بولمىسۇن بىر بىگۇنا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەپۇ سوراشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ ئويلىغان ئىدىم. مۇنداق كۆڭۈلنى سىزمۇ بەلكىم ئوڭاي چۈشىنىسىز. مەسىلەن، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" جەريانىدا سىزمۇ "قوتان"غا قامالغان. ھەركەتتىن كېيىن سىزمۇ نامىڭىزنى ئۇزۇل-كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، سىزگە قارا چاپلاپ تۆھمەت قىلىنغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەردىن ئاقلىنىشنى تەلەپ قىلدىڭىزمۇ؟ تۇتۇپ قىلىنغان مۇئاشىڭىزنى ئەينى بويىچە تولۇق قايتۇرۇپ بەردىمۇ؟

بىگۇنا؟! بۇ گەپچە دىلىڭ يۈەنفا بىگۇنا، بىر ئوبدان ئادەمنى ئۆكچى قىلىپ قويغان بولدىما؟ بايا ئۇ "قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تەتۈر ھىساپ ئالغىلى" كەپتىكەن-دە! دىلىڭ يۈەنفا نەلەردىن كېلىپ قالغان بۇ سىرىق تۈكنىڭ ئۆزى بىلەن مۇنداق تەپ تارتماستىن سۆزلىشىشنى ھەمدە ئۆزىنى ئەيىپلەشنى ئويلىمىغان ئىدى. دىلىڭ

يۇەنفا باشتا ئاچچىغىنى بىسىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، چۈنكى ئۇ مۇھاجىرنىڭ ئائىلە، تاۋاباتىدا ئۇلار بىلەن بىرلىك سەپ بار ئەمەسمۇ. گەپ ئۇنىڭ "مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى" جەريانىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنىنى ئوڭچىلارنىڭ ئىشى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان يەرگە يەتكەندە ئۇ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. بۇ ئىككى ئىشنى قانداقمۇ بىر تىزىققا تىزغىلى بولسۇن؟! بۇرادەر، قالپىغى ئېلىنغان ئوڭچى ئوڭچى ئەمەس دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئوڭچىنىڭ قالپىغى ئېلىۋېتىلگەنلىكتىنلا ئىبارەت، خالاس. ھازىرقى بىر شامال بىلەنلا ئۇچۇرۇلۇپ كەتىسمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت بىر خىل سىياسى جەھەتتىكى ئېھتىياج ئۈچۈنلا بولىۋاتىدۇ، ساڭا بىر تال يىڭنىنى تۇتقۇزۇپ قويسا، سەن ئۇنى راستىنلا توقماق قىلىۋاپسەن. ئۇ خۇددى يالىڭاياق ئادەم تىكەن دەسسىۋالغاندەك ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ:

— يولداش، ئۇنداق خاتالاشماڭ، بۇلار ئىككى خىل خاراكتىرىدىكى مەسىلە، — دىدى.

سۆھبەت مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياقلاشقان ئىدى. تەبىئىكى، ھىچقانداق مەسىلە ھەل قىلىنمىدى.

بېيەن ۋېنيۈ ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاگوندا ئۇچرىشىپ قېلىشنى، دىڭ يۇەنفانىڭ "يالىڭاچ" ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنىڭ قانداقلىغىنى كۆزىتىش پۇرسىتىنىڭمۇ بولىدىغانلىغىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئۇلار ئەمدى ئون نەچچە سائەت بىللە ماڭىدۇ...

بېيەن ۋېنيۈ راستىنلا بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ مەسىلىسى توغرىلىق دىڭ يۇەنفا بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلەشمەكچى بولدى. گەرچە ھىلىقى پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىسىمۇ، ھىچقانداق بىر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلالمىسىمۇ مەيلى ئىدى، پەقەت ھىسسىيات جەھەتتە بىر خىل

ئالماشتۇرۇش ـ يەڭگۈشلىنىش بولسىلا، ئۇ تېخىمۇ مەردانىلىق ۋە تېخىمۇ ئىشەنچلىك بىلەن بېرىپ بىر نەۋرە ئاكىسنى قايىل قىلالاتتى. ئەگەر راست شۇنىداق بولۇپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىغا ئېلىپ بارغان ئەڭ ياخشى سوغىسى بولاتتى. ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقانىدا، ئەڭ قۇدرەتلىك بولغىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نىمە بار ئىدى؟

دېڭ يۈەنفاغا ئۇچۇغىنى ئېيتىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ بىيەن ۋېنيۆ ئويلىنىپ قالدى.

ــ ھەي، ساپماكەش كېرەكمۇ؟ ــ ئايال پويىز خىزمەتچىسى بيەن ۋېنيۆدىن ئىككىنچى قېتىم سورىدى.

ئۇنىڭ ھىلىقى قىزغىن ۋە ئوبدان كۈتۈۋېلىشلىرى رېتىم بويىچە بارغانسېرى كېمىيىپ بارماقتا ئىدى. دېڭ يۈەنفا بىلەن چېن تيې ـ دەندىن كېيىن يوللۇق كاستيۇملۇقفا، ئاندىن كېيىن بيەن ۋېنيۆگە كەلگەندە ئاخىرلىشىپ تۈگىگەن ئىدى.

ئۇ بيەن ۋېنيۆنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، بيەن ۋېنيۆنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئالا قويماي ئەمما سوغاق نەزەر بىلەن زەڭ سېلىپ چىقتى. بيەن ۋېنيۆنىڭ بۇدرە قىلدۇرۇلغاندەك تۇرغان قويۇق، گىجەك چاچلىرىغا؛ ئىمپورت قىلىنـ غانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرغان پىلاتى ـ يوپكىسىغا؛ ئۇنىڭ تىزىغا قويۇقلۇق تۇرغان چەتئەل يېزىقىدىكى چوڭ ھەم قېلىن كىتاۋى ۋە يېنىغا قويۇلغان بىر قۇتا ئەنگلىيە شوكلادىغا؛ لىڭشىتىپ ئولتۇرغان پۇتىدىكى ئىگىز پاشنىلىق ئاق ئاياققا... قاراپ ئۇ بىر خىل ھەسەتـ

خورلۇق بىلەن، ئۇ نىمىسگە تايىنىپ ئاشۇنچىلا گۈزەل كىيىنىدىكەن؟ شۇنچە راھەت ياشايدىكەن؟ نىمىگە تايىنىپ يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگونغا چىقىدىكەن، مەن نىمىشقا ئۇنىڭغا كۈتكۈچىلىك قىلىمەن؟ مەن ئۇنىڭدىن سەت ۋە پەس ئادەممۇ؟ ئەكسىچە مەن بۇ قىزدىن ياش، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ چىرايلىقمۇ. تۇرمۇش نىمە دېگەن ئادالەتسىز ـ ھە! دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىچىلا بىيەن ۋېنيۆگە بىر خىل ئاھانەتلىك پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلدى ھەمدە مۇشۇنداق ئاھانەت قىلىش ئارقىلىق بىر خىل ئالاھىدە شاتلىقتا ۋە مەمنۇنىيەتكە ئېرىشمەكچى بولدى.

بىيەن ۋېنيۆ بىر چۆچۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قالغىنىچە چىقتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ پويىز خىزمەتچىسىگە نىمە بولغاندۇ؟ ئۇ سىچۇەن تىيا- تىرلىرىدىكى ئالاھىدە ھۈنەر كۆرسىتىدىغانلارغا ئوخشاش ”تۇرقى ـ چىرايىنى ئۆزگەرتىش“كە ئۇستىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. بىيەن ۋېنيۆ پويىزغا چىققان ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن بىر قېتىم دەككە يىگەن ئىدى:

— ئۇزاتقۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىشىغا رۇخسەت يوق، — دىگەن ئۇ ئىنتايىن ئۇلۇغۋارلىق بىلەن.

— مۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى ئۆزەم يالغۇز كۆتىرىپ چىقالمايدىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن كىراغا توشۇشقا تاپشۇرمىدىڭىز؟

— بۇ مېۋە ـ چېۋە ۋە بوتۇلكا — قۇتىلاردىكى يىمەكلىكلەرنى قانداقمۇ توشۇشقا تاپشۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇزاتقۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز ماڭا ياردەملەش- سىڭىز قانداق؟

— ئۆزىڭىز بىر ـ بىرلەپ ئاستا ـ ئاستا توشۇۋېلىڭ.

دەل مۇشۇ چاغدا باشلىقلارنى ئۇزىتىپ كەلگەن ئىككى خانىم ۋاگونغا چىقىۋىدى، ئۇ دەرھال ئەدەپ بىلەن خوشامەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بىر ئوغۇل ساۋاقداش "بىردەك مۇئامىلە قىلىش" مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولغان ئىدى، بىيەن ۋېنيۈ توسۇۋالدى. ئۇنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئۇ كۆڭلىدە بىر خىل گۈزەل خاتىرە ئېلىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى بۇ خاتىرە ئۇنىڭ چەتئەلدىكى بىرنەچچە يىللىق تۇرمۇشىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولاتتى ـ دە.

شۇڭا ئۇ يەنىلا ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن:

— رەخمەت، مەن ساپما كەش ئىشلەتمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.

دېڭ يۆەنفانىڭ ئاغزى بىرئاز قۇرۇغاندەك بولدى، ئۇ سومكىسىدىن بىر كۇرۇشكا ۋە چاي قاچىلانغان سېرىق قېلىن قەغەز كونۋېرتنى چىقىرىپ كۇرۇشكىدىكى لۆڭگە، سوپۇن قۇتىسى، چىش چوتكىسى ۋە چىش پاستىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئالغاندىن كېيىن، كۇرۇشكىغا ئازراق چاي سېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويۇلغان چايداننى قولىغا ئالدى. ئۇ چايدان قاردەك ئاپپاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆك رەڭلىك نەرگەس گۈلىنىڭ رەسمى سىزىلغان ئىدى.

راستىنلا خىيالىغا كەلگەننى قىپتۇ. نەرگەس گۈلىنىڭ رەڭگى كۆك بولامدىكەن؟ ئۇنى كىم كۆرۈپتىكەن؟

چايداننىڭ ئۈستىنىكى بېشىدا چەينەكنىڭكىدەك جۈمىگى بار ئىدى، بىراق جۈمەكنىڭ ئاغزى تۆۋەنگە قاراپ تۇراتتى، ئېھتىمال

www.uyghurkitap.com

چاي قۇيۇشقا ئەپلىك بولسا كېرەك. لېكىن تۇتقۇچى يوق ئىكەن، ئۇنى قانداق كۆتىرىش كېرەك؟ بۇ نىمە بولغىنى؟ سۇ قۇيۇلمايدىغۇ؟

دېڭ يۈەنفانىڭ پويىزغا ئولتۇرمىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان ئىدى، پويىزغا يېڭىدىن قوشۇلغان نەرسىلەر خېلى كۆپ ئىكەن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئۇ ئايروپىلانغا چۈشۈپ يۈرگەن ئىدى، ئايروپىلان ئۇغرىلاپ قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنلا پويىزغا چۈشىدىغان بولۇۋالدى.

يوللۇق كاستىيۇملۇق ئۇنىڭغا ناھايىتى سەمىمىلىك بىلەن "مۇنداق" دەپ كۆرسىتىپ چايداننىڭ ئۈستىدىكى دۈگىلەك قاپقىنى باسقان ئىدى، جۈمەكتىن سۇ چىقتى، يەنە ئۇ، بۇ گاز بېسىملىق چايدان بولىدۇ، نەرقى 28 يۈەن ئەتراپىدا، كونا شەكىلدىكى چايدانغا قارىغاندا ئۇنى ئىشلىتىشكە ئەپلىك، بولۇپمۇ قېرىلار ۋە كىچىك بالىلار ئىشلەتكەندە، ئۇڭايلىقچە قولنى كۆيدۈرۈۋالمايدۇ، دىدى.

بۇ چايدان زاۋۇدىدىن قانچىلىك شىرىنكانە ئالغان بولغىيىدى! دېڭ يۈەنفا يوللۇق كاستىيۇملۇقنىڭ ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلغانلىغىدىن ئۇنىڭ سودىگەرلىگىنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

يوللۇق كاستىيۇملۇق گويا بىلمىگەندەك قىلىپ، دېڭ يۈەنفانىڭ كۇرۇشكىسىغا قاراپ قويۇپ، ئىشەنچ بىلەن:

— سىزنىڭ بۇ چېيىڭىز تۆتىنچى دەرىجىلىك "چىچاڭ" چېيىغۇ دەيمەن؟ — دىدى.

دېڭ يۈەنفا دەرغەزەپ بولۇپ كۇرۇشكىسىنى ئالدىغا تارتتى. تۆتىنچى دەرىجىلىك "چىچاڭ" چېيى بولسا نىمە بوپتۇ؟ ئۇ، چاينىڭ ناباپلىغىنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ؟

— مېنىڭكىنى تېتىپ باقامسىز؟ — يوللۇق كاستىيۇملۇق ئۆزىنىڭ

نەپىس ئىشلەنگەن چىرايلىق ئىككى قات ئېغىزلىق چاي قۇتىسىنى ئېچىپ دىڭ يۈەنفاغا سۇندى.

دىڭ يۈەنفا ئىككى قولى بىلەن چاي قۇتىسىنى توسۇپ تۇرۇپ ئۈنلۈك قىلىپ:

— ياق، ياق، ياق، — دىدى، تېگى-تەكتىنى بىلمەي، ھەتتا ئىسمى پەملىسىنى ئۇقماي تۇرۇپ خەقنىڭ چېيىنى ئىچەمدىغان، ئۇنىڭ چېيىنىڭ كەينىدىن يەنە قانداق ھىلە-نەيرەڭلىرى چىقىدۇ، ئۇنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟

— تېتىپ بېقىڭلار، — يوللۇق كاستىيۇملۇق قىلچە تۇزۇت قىلماي بۇرۇلۇپ بېرىپ چېن تيېدەن بىلەن بيەن ۋېنيۈنى تەكلىپ قىلدى.

چېن تيېدەن بىرىنچى دەرىجىلىك "چىچاڭ" چايىنى رەت قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇنى: "ياخشى چاي ئىكەن" دەپ ماختىدى.

يوللۇق كاستىيۇملۇق كەمتەرلىك بىلەن:

— ئەتىيازدىكى چاي ئىدى، ھازىرغىچە ئىچىۋاتىمەن، كونىراپ قالدى، — دىدى.

دىڭ يۈەنفانىڭ كەيپى ئۇچۇپ يۈزىنى ئۆرۈپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. يول بويىدىكى ئېتىز قىرىدا بىر ئىت قىلچە ئۇيالماستىن ئارقا پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ پويىزغا قاراپ سىيىۋاتاتتى. ھەي، ئىت چېغىدىمۇ شۇنچە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

پويىز يولىغا يېقىنلا يەردىكى تاش يولدا بىرنەچچە كالا ھارۋىسى كۆزنىڭ ئاپتىۋىدا ئېرىنگەن ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىكەش قامچىسىنى قۇچاقلاپ، ھارۋىغا بېسىلغان تاغارلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، جىددى كېتىۋاتقان پويىزغا خوشياقمىغاندەك قارىماقتا. ئېتىزلىقنىڭ دوقمۇشىدا كىشىلەر ئوت ئوتىماقتا،

www.uyghurkitap.com

پۈتنى بىر سۈڭ ـ بىر سۈڭدىن ئالغا يۆتكىمەكتە ئىدى. كۆزلۈك زىرا‐ئەتلەرنى يىغىشقىمۇ ئاز قالدى!

بۇ مەنزىرە دېڭ يۈەنفاغا ناھايىتى يېقىملىق بىلىندى، ئۇ مۇنداق تۇرمۇش بىلەن ئىنتايىن تونۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى، بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ئاشۇنداق ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلگەندىلا ئوتىغۇچنى تاشلىغان، ئىنقىلاپ خۇددى قىيان سۇدەك ئۇنى ئېتىز بېشىدىن ئېلىپ كەتكەن. ئۇ خۇددى بىر دۆۋە قۇرۇق چۆپ، ياكى بىر تال ياغاچتەك ئېقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى.

ئەگەر ئىنقىلاپ بولمىغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئېتىزلىقتا ئوتۇ‐غۇچ تۇتقان بولاتتى، كېسەك تاملىق ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا كۆك تاماكىنى چېكىپ ئولتۇرار ئىدى. سەھەردە يۇلتۇز تارقىماستا چىقىپ، كەچتە يۇلتۇز چىققاندا قايتىپ كېلەتتى ـ دە، ياۋا كۆكتات سېلىپ ئەتكەن قوناق ئۇنىنىڭ ئومىچىنى ئىچىپ، ئاندىن ھىلىقى ئىسلىشىپ كەتكەن قاپ ـ قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان بولار ئىدى، بۇنداق يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوندا سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇش دېگەن نەدە بولسۇن؟

دېڭ يۈەنفا قىسما ـ قىسما خىياللارغا پاتتى.

ئۇ دېرىزە سىرتىدىكى يەرنى ياخشى كۆرەتتى. ھېسسىيات جەھەتتە، ئۇ كەڭ زېمىن بىلەن ئۇنىڭ زادىلا قىيالمايدىغان ئىرماش ـ چىرماش باغلىنىشى بار ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئېتىزلىقتىكى لاينىڭ پۇرىقىنى ھىدلىماقتا، لېكىن ئۇ يەنە يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوندا ئولتۇرۇشنىڭ ئېتىزلىقتا ئوتىغۇچ تۇتقانغا قارىغاندا تولىمۇ راھەتلىكىنى ئويلىماقتا. ھەي، ناۋادا ئۇ تاشقىرىدىكى ئېتىزنى يۇمشاق كارۋاتلىق ۋاگوننىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ، زامانىۋى

ئۇسۇل بىلەن يەرلىك ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرگەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە، دەپ ئويلاندى.

رادىيو كانىيىدا قانداق مۇزىكا قويۇلىۋاتىدىكىن، خۇددى بىر يوغان ھەم سېمىز پاقا دۈپ ـ دۈگىلەك قوسىغىنى ناغرىدەك كۆپتۈرۈ ـ ۋېلىپ ۋاق ـ ۋاق قىلىپ كۇكىرىغاندەك، گويا ئىككى چەتئەللىك جۇڭگوچە سۆزلىشىۋاتقاندەك قالايمىقان ئاۋاز چىقىۋاتاتتى، خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دىڭ يوەنفا ئۇنىڭدىن "...يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى..." دىگەن سۆزنى ئېنىق ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ پاقىنىڭ كۇكىرىشى ئەمەسلىگىنى بىلدى. ئۇنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىگى ئېنىق، جۇڭگوچە سۆزنى ناھايىتى تولۇق راۋان قىلالىغاندىن كېيىن، يەنە نىمە دەپ ئاۋازىنى چەتئەلچە ياساپ چىقىرىدۇ. دۇرۇس، چەتئەلگە چىقالمىغان، يالغان چەتئەللىك ئالۋاستى بولالمىغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى بولسىمۇ چەتئەلچە ياساپ چىقىرىپ ۋاقىراپ، شۇ ئارقىلىق بولسىمۇ ئەجنەبى خۇمارىنى قاندۇرۇۋالماقچى ئىكەن ـ دە، ئاڭلاڭا، "يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى..." بۇ قانداق ئاھاڭ ـ پەدە، شۇمۇ ناخشا بوپتىمۇ؟ ئاشۇنداق ناخشا تېكىستى ۋە مۇزىكىنى ئىجات قىلغانلار مۇشۇنداق قىلىپ قەلەم ھەققى تاپىدىكەن ـ دە؟ مۇشۇ كۈندە ئازراق قەلەم تەۋرىتەلەيدىغان ئادەملەر پۇلدار بولۇپ كەتتى. ھىكايە ـ رومان يازىدىغانلارنىڭ بىرنەچچە يۈز يوەن تاپمىغى مىكيانىنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىدىنمۇ ئاسان بولۇپ كەتتى. جەمئىيەتنى ئاشۇنداق بىردىنلا بېيىپ كەتكەن كىشىلەر ئىگەللەپ كەتتى.

دىڭ يوەنفانىڭ ناھايىتى رەتلىك كىيىنىپ تۈزۈت بىلەن قېتىپ ئولتۇرۇشى بىەن ۋېنيۆنىڭ كۈلگۈسىنى كەلتۈرۈۋەتتى. ئۆزىنى ئۆزى تەڭلىكتە قالدۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى باركىنە؟ ئۇنداق سالاھىيىتىنى

كوز-كوز قىلىپ يېتىدىن چوشمەي ئولتۇرۇپ نىمە جاپا. ئېيتىشقا كەلسە، ئۇنىڭ كۆرسەتكىدەك قانچىلىك سالاھىيىتى بار ئىدى؟ بىيەن ۋېنيۈنىڭ بىرقانچە ساۋاقداشىنىڭ دادىلىرى دەرىجىسى ناھايىتى يۇقۇرى دەرىجىلىك پىشقەدەم يولداشلار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن چىقىشقاق ئىدى، ئۇلار دائىم بىيەن ۋېنيۈ بىلەن چاقچاق قىلىشىپ، ناھايىتى قىزىقىش بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇلار بۇ بىر قىسىم "ئامىنىڭ ئىنكاسى"غا ئىنتايىن ئېتىۋار بىلەن قارايتتى.

يەنە بۇ چىن پەملىلىك پىشقەدەم يولداشنى ئالايلى، ۋاگۇندا ئۇ كىم ئۇچرىسا شۇ كىشىگە بىرنەچچە ئېغىز يېقىملىق سۆز قىلىدۇ. لېكىن زادىلا گەپدانلىق قىلمايدۇ. كىم پويىزدىن چۈشسە، شۇنىڭغا ياردەملىشىپ يۈك-تاقلىرىنى كۆتىرىشىپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك خەقنىڭ نەرسىلىرىنى قاتلىنىدىغان كىچىك قول ھارۋىسىغا تېڭىشىپ بېرىدۇ. تاڭغاندىمۇ ئىشنى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن، ئىنچىكە قىلىدۇ. يۈك-تاقنى شۇنداق رەتلىك چىرايلىق تىزىپ، تانىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تەكشى قىلىپ چىگىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىپ كېتىشىدىن بىيەن ۋېنيۈ ئۇ كىشىنى پويىزدىن قېپقېلىپ يۈرمىگىدى دەپ ئەنسىرىگەن ئىدى.

پويىز ھەر بىر چوڭ ۋوگزالدا توختاپ ئۆتكەندە، چىن تىيېدەن يا بىرەر سۇلياۋ خالتىدا، يا بىر قەغەز كورۇپكىدا، يا بولمىسا كىچىك بامبۇك سېۋەتتە بىر نەرسىلەرنى كۆتىرىپ چىقاتتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ئىكەن، يولداشلارنى يېگىلىقا ئېغىز تەككۈزسۇن دەپ ئېلىۋالدىم، — دەيتتى. بىيەن ۋېنيۈ پويىزنىڭ يۈك-تاق قويۇلىدىغان جازىسى ئۈستىدىكى ئۇ ئادەمنىڭ يۈكىنىڭ

تېزدىنلا تومپىيىپ چىقىپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ ئاخىرقى بېكەتكە بارغاندا مۇنچىلا نۇرغۇن نەرسىنى ئۇ قانداقمۇ كۆتىرەر؟ دەپ غەم يەپ كەتتى.

چېن تېيېدەننىڭ كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسى، بىيەن ۋېنيىسۆگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر بىر ناخشىسىنى ئەسلەتتى. ئۇ ناخشىدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

ئىپتىخاردا ئاتايمىز ئۆزئارا بىز يولداش دەپ،
بۇ نام بارچە ئىززەتلىك نامۇ-شەۋكەتتىن شەرەپ.
بۇ بولغاچقا ھەممە يەر بولدى بىزگە ئۆز ماكان،
كىشى نەسلى ئايرىلماس قارا، ئاق ھەم سېرىق دەپ.
بۇنداق ئاتاش ھەركىمگە شۇنچە تونۇش — يېقىملىق،
بۇ بولغاچقا ئۆتىمىز ئۆزئارا چىن ئىززەتلەپ.

......

پويىز ئاشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى كەچلىك تاماق بېلىتىنى سېتىشقا باشلىدى.

يوللۇق كاستىيۇملۇق:

— ئەڭ ياخشى سەي كەلتۈرۈڭ، يەنە بىر قاچا شورپىمۇ بېرىڭ، — دىدى-دە ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقاردى.

دېڭ يۈەنفا ئەڭ ئەرزان سەيدىن بىر تەخسە ئالدى. ئۇ ياخشى سەي ئالغان بىلەن ئىسراپ بولىدۇ، شيۇمېي يوللۇق تۇتقان ھىلىقى نەرسىلەر چوقۇم ياخشى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھەميانىدىكى پۇچۇلۇق قەغەز پۇللارنى ۋە مېتال پۇللارنى پۇچەنلەپ، موچەنلەپ بىر تالدىن قويماي يىغىشتۇرۇپ تېرىپ چىقتى. ئۇ پۈتۈن پۇللارنى تىقىپ ساقلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— ساپ كۆكتاتتىن قورۇلغان سەي بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بيەن ۋېنيۆ.

پويىز ئاشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئايال پويىز خىزمەتچىلىرىگە ئوخشىمايتتى، ئۇلار ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا قىزغىن ئىدى.

— يوق، تۇخۇم شورپىسى بار، گۆشلۈك سۇيۇق ئاشمۇ بار، — دىدى.

— ئەمىسە ماڭا بىر قاچا سۇيۇق ئاش بېرىڭ، — دىدى بيەن ۋېنيۆ.

پويىز ئاشخانىسىنىڭ ئۈستەللىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەرەپچە رەقەم بىلەن يېزىلغان نومۇر تاختىسى قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر ۋاگوننىڭ بۆلۈنمە ئۆيلىرىدىكى يولۇچىلار نومۇرىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

دىڭ يۈەنفا شيۇمېي يوللۇق تۇتقان تور سومكىنى ئاچتى. پاھ، بۇنىڭدا نېمەتلەر راستىنلا مول ئىكەن. چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، سۇرلەنگەن گۆش، ھىسىپ، يەنە بىرنەچچە پارچە تورت بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېتىملىق ۋە ئۇ ئامراق نەرسىلەر ئىدى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرسى بىردىن سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان ئىدى. مۇنداق قىلغاندا ھەم ئۇلارنىڭ پۇرىقى بىر بىرىگە ئۆتۈشۈپ كەتمەيتتى، ھەم چېچىلمايتتى ۋە كىيىملەرنى بۇلغىمايتتى. شۇنىسى ئاجايىپ ئىدىكى، دىڭ يۈەنفانىڭ نىمىگە ئامراقلىقىنى ئۇ نەدىن بىلىدۇ؟ ئاياللار ھەقىقەتەن بەك زىرەك - سەزگۈر كېلىدىكەن.

E شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن شيۇمېيغا بىرەر نەرسە ئېلىۋېلىشى لازىم. نىمە ئېلىش كېرەك؟ دىڭ يۈەنفا ئەزەلدىنلا ئاياللارغا بىر نەرسە ئېلىپ باقمىغان ئىدى. بۇرۇن ئايالى ھايات

ۋاقتىدا، ئۇ ئايالنىمۇ بىرەر نەرسە ئېلىپ بەرمىگەن ئىدى. ئۇ، بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى تۇرۇۋېلىپمۇ يەنە بىر يېرىگە ئېلىپ بېرىپ نىمە قىلىدۇ، ھەركىمگە بىر نىمە لازىم بولسا، ئۆزى چىقىپ سېتىۋالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇنداق دىگىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى زادىلا قىلمايتتى. ۋاقتى كەلگەندە ھەممىنى ئايالى ئەكېلىپ بېرەتتى.

شيۇمېي يوللۇق قىلىغان يىمەكلىكلەر تەخمىنەن ئون يۈەنگە توختار؟ دېلىڭ يۈەنغا ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ خام ئەشياسى قاندىچىلىك، بۇ خام ئەشيا ماتىرىياللىرىغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ...، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىدە ھىساپلاپ چىققاندىن كېيىن، قانداقلا بولمىسۇن ئون يۈەنلىك ئۆلچەم بىلەن شيۇمېيغا بىرەر نەرسە ئالماقچى بولدى.

بىر جۈپ خۇرۇم ئاياق ئالسامچۇ؟ E شەھىرىنىڭ خۇرۇم ئايىغى ياخشى دىيىشىدۇ، لېكىن ئون يۈەنگە ئالغىلى بولماسمىكىن، شۇنىڭدەك شيۇمېينىڭ قانچىنچى رازمىرلىق ئاياق كىيىدىغانلىغىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئۇنداقتا باھاسى لايىغىدىراق كىيىم ئۇچرىسا بىرەرنى ئالاي دىگەن يەرگە كەلدى. چۈنكى كىيىم ـ كېچەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قارىتا تەلەپ ئاياققا ئوخشاش بەك قاتتىق قويۇلمايدۇ، سەل چوڭراق، ياكى كىچىكرەك بولۇپ قالسىمۇ كارايىتى چاغلىق. E شەھىرىدە كىيىم ـ كېچەك ھەم ئەرزان ھەم كۆركەممىش. بەكمۇ رەڭگا ـ رەڭ چىرايلىق دىيىشىدۇ. ئاياللار ئاشۇنداق كىيىمگە ئامراق كېلىدۇ. شيۇمېيمۇ تېخى ياش ـ تە.

دېلىڭ يۈەنغا بيەن ۋېنيۆنىڭ يوپكىسىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، مۇنداق رەڭدىكىنى ئالمايمەن، بۇ بەك كونا كۆرۈنىدىكەن،

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ رەڭدار ئالا ـ يېشىل بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، ئۇ چاغدا ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالىدۇ دەپ ئويلىدى. بۇ نىمە بولغىنى، ئۇ ئۆزىچىلا دۇمىلاق، ئوماق شيۇمېينى "ئالۋاستى" ئوقۇغىنى بىلەن چېتىشتۇرۇۋالدىغۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالۋاستىمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن، دىگەن ھىسسىياتقا كەلدى، بىراق شيۇمېي ئادەمنىڭ ئىچىنى بەكمۇ سىرىلدۇرەتتى. "كىچىك ئالۋاستى!" دىدى دېڭ يۈەنفا ئىچىدە گويا شيۇمېي ئۇنىڭ يېنىدا بار دەك كوتۇلداپ. ئۇنىڭ دۈپ ـ دۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن دېڭ يۈەنفاغا قىيا بېقىپ قاراشلىرى كىچىك ئالۋاستىغا ئوخشىمامدۇ؟ دېڭ يۈەنفا ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پىسسىڭىدا كۈلۈۋەتتى ـ دە، ۋىللىدە قىزاردى. لېكىن ئۇ يۈزىدىكى تەبەسسۇمنى دەرھاللا يىغىۋالدى ۋە بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان كىشلەرنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئىتتىك ئۇلارغا نەزەر سالدى. خۇدايا شۈكرى، ئۇلارنىڭ ھەممە دىققىتى يوللۇق كاستيۇملۇققا مەركەزلەشكەن ئىدى.

ئۇمۇ سۇلياۋ سومكىسىدىن يىمەكلىكلەرنى ئېلىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن بىر شىشە "ۋۇلياڭيې" ھارىغىنى ئالدى. ئاندىن پۈتۈن بىر توخۇ كاۋىپى، يەنە بىرنەچچە ياپىلاق قەغەز كارۇپكا ئالدى. ئۇ قەغەز كارۇپكىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن يالتىراق قەغەزگە ئورالغان بولاقلارنى چىقىرىپ قويۇپ:

— پويىز تاماقخانىسىنىڭ سەيلىرى ناھايىتى ناچار ئىكەن، يەنىلا بۇ ئاچىمىز تەجرىبىلىك بولغاچقا ئۇنى يىمىدى، سىز قورۇق سۈيۈق ئاش ئىچسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭدە بىرنەچچە بولاق يۇمشاق كانسىرۋا بار، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى تاللاپ يەڭ. بۇ بولاقتىكىسى كالا گۆشى كانسىرۋاسى، قانداق، بۇنى يەپ باقامسىز! —

دەپ پال-پال يالتىراق قەغەز بولاقنى بيەن ۋېنيۆگە سۇندى.

بيەن ۋېنيۆ تارتىنمايلا ئۇنى ئېلىپ:

— رەھمەت سىزگە، تازىمۇ ئەتراپلىق ئويلاپسىز. مەن پويىز ئاشخانىسىنىڭ تامىقىنى ناچار كەن دىمىدىم، لېكىن مايلىق نەرسىنى يىمەيمەن. مايلىق نەرسە يىسەملا ئىچىم سۈرىدۇ. 1960-يىلى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئۇچىنچى تاغام چەتئەلدىن مايلىق نەرسىلەرنى بانكىسى بىلەن ئەۋەتىپ بەردى. مەن ئاچكۆزلۈك قىلىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ بانكىسى بىلەن كۆتىرىپلا ئىچىۋالاتتىم، ئەنە شۇنداق ئىچىپ زەخمىلەندىم، — دىدى.

دېڭ يۇەنفا بيەن ۋېنيۆگە ئالىيىپ قويدى. مايلىق نەرسىنى يىمەمدىكەن؟ ئەگەر سەن ئۈچ كۈن ئاچ قالغىنا، ئۇ چاغدا نىمىلا بولسا يەيتتىڭ. گۆشنى يىمەيدىكەن! ھەي، گۇنا بولىدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئاشۇنچىلا ھەددىدىن ئاشقان ھالدا سۆزلەۋاتىدۇيا!

يوللۇق كاستيۇملۇق چېن تييەنگە "ۋۇلياڭيې" ھارىقىدىن بىر رومكا قۇيدى.

— ئازراق ئىچىپ قويۇڭ، ھاردۇق چىقىرىدۇ، كەچتە ياخشى ئۇخلايسىز، بۇ ئاچچىمىزغا تۇتىمىدىم، چۈنكى ئايال قېرىنداشلارنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى بىلمەن-دە، — دىدى.

— بۇنىڭدا سىز يەنە خاتا مۆلچەرلىدىڭىز. ھاراق ئىچىشتە سىزدىن قېلىشمايمەن، — دىدى بيەن ۋېنيۆ.

دېڭ يۇەنفا ئۇنىڭغا يەنە ئالىيىپ قويدى، ئۇ تېخى ھاراق ئىچىدىكەن!

— كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ غوجامنى تونۇمىغاندەك ئىش بوپتۇ، — دەپ ناماقۇللۇق بىلدۈردى يوللۇق كاستيۇملۇق ۋە دەرھال

بيەن ۋېنيۆگە هاراق قۇيدى. ئۇ هىلىقى "بىرىنچى دەرىجىلىك چىچاڭ" چېيىنىڭ تەجرىبىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاۋۋال دېڭ يۇەنفادىن:

— پىشقەدەم يولداش، سىزمۇ ئاراق ئىچىپ باقامسىز؟ — دەپ سورىدى.

دېڭ يۇەنفا كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن شىۇمېي يوللۇق قىلغان هىلىقى سۇرلەنگەن چوشقا گۆشىنى چايناۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، مۇنداق ۋاقىتتا بىرئاز "ۋۇلياڭيې" هارىقى بولسا گۇل گۇلگە كېلىپ كېتەتتى. بىراق ئۇ بۇ بىرنەچچەيلەن بىللە ئىچىشنى خالىمىدى، شۇڭا يوللۇق كاستيۇملۇقنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدى:

— مەن هاراق ئىچمەيمەن.

بىر نەچچە يۇتۇمدىن هاراق ئىچىلگەندىن كېيىن، كەيپىياتتا ئازادىلىك بولدى. بيەن ۋېنيۆ يوللۇق كاستيۇملۇقتىن سورىدى:

— بىر قېتىم قاتنىسىڭىز قانچىلىك تاپاۋەت قىلالايسىز؟

— 8 — 10 مىڭ يۇەن كېلىپ قالىدۇ.

دېڭ يۇەنفاسىڭ گېلىغا گۆش تۇرۇپ قالغىلى تاسلا قالدى.

— سىز نىمە سودىسى بىلەن ئاشۇنچىلا نۇرغۇن پۇل تاپىسىز؟ — دەپ سورىدى بيەن ۋېنيۆ هەيران بولۇپ.

— مۇشۇنى كۆپ دەۋاتامسىز؟ بەزىلەر مەندىنمۇ جىق تاپىدۇ تېخى. مېنىڭ قىلىدىغىنىم ئۇزۇن مۇساپىدە تېلېۋىزور يۆتكەپ سېتىش. هازىر دىخانلارنىڭ قولىدا پۇل جىق، بىراق خەجلەيدىغان يېرى يوق. دۆلەت ئىگىلىگىدىكى سودا تورلىرىنىڭ خىزمىتى يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا پۇل تېپىشنىڭ بۇ پۇرسىتى مۇۋاپىق مال



www.uyghurkitap.com

يۆتكەپ ساتقۇچىلارغا بېرىلىدى. دىخانلار مەمنۇن بولدى، بىزگە ئوخشاش ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

— تېلېۋىزور يۆتكەپ سېتىش باشقا كىيىم-كېچەك، ئاياقلارنى يۆتكەپ ساتقانغا ئوخشاش ئوڭاي ئەمەس. مال مەنبەسى، توشۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر مەسىلە، — دىدى چېن تيېدەن.

— ئاسان، ئەگەر سىز پۇل خەجلەشكە چىدىسىڭىز، ھەممىسى ئوڭاي ھەل بولىدۇ، ئون مىڭ يۈەن پۇل بولسىلا ھەممىسىنى ماڭدۇرغىلى بولىدۇ، — دىدى يوللۇق كاستىيۇملۇق ناھايىتى تەجرىبىلىك قىياپەتتە كۈلۈپ قويۇپ. ئۇ بىر يۇتۇم ھاراق ئىچىپ، بىر چوكا سەي يېگەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پۇل دىگەن قولنىڭ كىرى، ئۇنى ساقلاپ قويۇپ نىمە قىلىدۇ؟ سىلەردىن يوشۇرمايمەن، مېنىڭ بانكىدا ئامانەت قويغان 40 مىڭ يۈەن پۇلۇم بار. بۇ مۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش يولۇم ئۈچۈن تەييارلاپ قويغىنىم. ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دۆلەت بىزگە يول قويمىسا بىزمۇ بۇ ئىشنى قىلمايمىز. ھەر ئايدا ئاشۇ 40 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە تايانساممۇ، يەنە شۇ چاغدا كەم دىگەندە 13-دەرىجىلىك كادىرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە تەڭ كېلەلەيمەن.

دېڭ يۈەنفا يوللۇق كاستىيۇملۇقنىڭ بۇ ھىساۋىنى ئاڭلاپ ھاڭقىيىپ قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئىنقىلاپقا قاتناشقىنىغا نەچچە ئون يىل بولسىمۇ، ئاران 11-دەرىجىلىك ئايلىق مائاشقا ئېرىشىپتۇ. بۇ سولتەك بولسا، ھايانكەشلىك قىلىپ يۈرۈپمۇ ئۇنىڭدىن باياشاتراق ياشايدىكەن، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئاشقان پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئائىلە-

مەھرۇم باشلارنىڭ قول ھۈنەر كوپىراتىۋىغا ئىئانە قىلدىم. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى بىردىنمۇ كۆپ... ئۇ توساتتىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۆزدىن توختاپ قالدى. ھەتتا كۆڭلى بۇزۇلغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالدى.

— سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭلار ئاسانغا چۈشمىدى، — دېدى چېن تيېدەن. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى ياشقا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقىپ، بۇ بىر ئەۋلات ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى زادىلا ئادەتتىكى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق يۈزەكى ئەمەس. ئۇلارنىڭ تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان زىممىسىگە مۇشۇ ئەجداتنىڭ مەسئۇلىيىتى بەكمۇ بالدۇر يۈكلەنگەندەك قىلىدۇ. بۇ زادى ياخشىمۇ-يامانمۇ؟ دېگەن ھېسقا كەلدى.

بوللۇق كاستيۇملۇق چېن تيېدەننىڭ بۇ ئاددى سۆزىدىن ئەجداتلاردىلا بولىدىغان چىن قەلبىدىن چىققان. جوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل مېھرىۋانلىقنى سەزدى. چېن تيېدەن چوقۇم سىلەتتىكى ئابايىقى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىلىرى پەقەت ئۇ خىل مۇساپىرلىق تۇرمۇشىنىڭ بىر تەرىپى، ئۇ خىل تۇرمۇشنىڭ جاپاسى، ياكى ئۇ ئۆزى ئېچىپ ئېيتىشتىن ئويالغان بەزى كۆرۈمسىز نەرسىلەرگە كەلسەك. ئۇنىمۇ چېن تيېدەن چوقۇم ئېنىق بايقىغان. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قاتتىق يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن ھەممىنى تۆكۈش ئۈچۈن، يۇيۇش ئۈچۈن، ئۇ ئاخىرى ئۇنداق قىلمىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. پەقەت بويىنى ئېگىز كۆتىرىپ، بىر رومكا "ۋولىياكىي" ھارىقىنى ئىچىۋەتتى.

لېكىن، بوللۇق كاستيۇملۇق نىمە ئۈچۈن چېن تيېدەننىڭ كۆڭلىنىڭ پەرىشان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ پەرىشانلىق ئىچىدە يەنە ئازراق قايغۇ-ھەسرەتمۇ باردۇر. بەلكىم ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ،

شۇنداقتىمۇ.ئۆزى پەقەت ئىش كۈتۈپ تۇرغان ھىلىقى مەجرۇھ ئاغىنىلىرىنى ئەسلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك! ئۇ دەرھاللا ئۇنىڭ پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ:

— مەنمۇ ئۆزەمنى تاشلىۋەتمىدىم، مۆلچەرلەپ بېقىڭلار، ماۋۇ شىبلىتنى قانچىگە ئالغاندىمەن؟ 70 يۈەن، بېيجىڭ مېھمانخانىسىدىن ئالدىم. فرانسىيىنىڭ پىركادان كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنىڭ ئەڭ يېڭى مودىلىق مەھسۇلاتى ئىكەن، — دىدى.

بىيەن ۋېنيۈ ئۇنى ئەتەي ئاخماق قىلىغاندەك، بىرئاز زاڭلىق ئارىلاش ئاھاڭدا دىدى:

— پىركادان كىيىم شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتى ئاللىقاچان دۇنيا كىيىم ـ كېچىكىنىڭ يېڭى دولقۇنى تەرىپىدىن شاللاپ چىقىرىلدى، ئۇلار ھازىر كەسپىنى ئۆزگەرتىپ يىمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە چىقىش يولى ئىزدىمەكتە. بېيجىڭدا يېقىندا پىركادان شىركىتى ئاشخانا ئاچتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى "ماكسىم" ئىكەن. باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ئادەمنى قورقىتىدىكەن.

— كېلەر قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا، چوقۇم شۇ ئاشخانىغا چۈشۈپ نەزەر دائىرەمنى ئاچىمەن. پۇل بار تۇرۇپ خەجلىمەسلىك — ئاخماقلىق. تۇغۇلغاندا پۇلنى بىللە ئېلىپ چۈشمىگەن، ئۆلگەندىمۇ پۇلنى بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ ئەيش ـ ئىشرەتچىلىكمۇ، چىرىشمۇ بۇ — چىرىش. دىڭ يۈەنغا چوكىسىنى قاتتىق ئۇرۇپ قويدى، يوللۇق كاستيۇملۇق كېلىچەكتە تىلەمچىلىك قىلامدۇ، كىم بىلىدۇ.

— كەلگۈسىدە پۇل تۈگىسە قانداق قىلىسىز؟ — دىدى ئۇ.

— پۇل بولمىسا خەجلىمەيمىز، يۇقۇرىمۇ چىقالايمىز، تۆۋەن-

www.uyghurkitap.com

گىمۇ چۈشەلەيمىز. يەنە بىر گەپ، بانكىدا 40 مىڭ يۈەن دەسمى بار ئەمەسمۇ! سوتسىيالىستىك بانكا، تاقىلىپ قالىدىغان گەپ يوق، ــ دىدى يوللۇق كاستيۇملۇق ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن.

دىڭ يۈەنفاغا يوللۇق كاستيۇملۇق قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغاندەك ۋاتقاندەك بىلىندى، بىراق بۇ ئۇنىڭ ئىشتىھاسىغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. ئۇ شالاپشىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ چاينىماپ، شوراپ يۇرۇپ بىر تەخسە سەي، ئىككى چىنە گاڭپەن، يېرىم بولاق سۇرلەنگەن گۆش، ئىككى دانە چايدا پۇشۇرۇلغان تۇخۇمنى يەپ تۈگەتتى. ئۇ ئۆزاقتىن بېرى مۇنداق ئىشتىياق بىلەن تاماق يېمىگەن ئىدى. يەنە شۇ شيۇمېي ئۇنىڭغا ئىچ كۆيدۈرۈپ، گۆشنى شۇنداق يۇمشاق پىشۇرغانكى، ئېغىزغا كىرىش بىلەنلا ئېرىپ كېتىدۇ. ئۇ تولۇق قانائەتلىنىپ رازى بولغان ھالدا ئېغىر تىنىپ قويدى. بىيەن ۋېنيۈ خۇددى ئۇنىڭ بىر يېرى ساقىسىز بولۇپ قالغانمىكىنە دىگەندەك قىلىپ دىققەت نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئايال پويىز خىزمەتچىسى كېلىپ خاننى تازىلىدى. دېرىزىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىيەن ۋېنيۈگە قاراپ ئۇ خۇددى پەس ئادەملەرگە ۋاقىرىغاندەك:

ــ ھەي، ئاۋۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى كولىدانىنى ئېلىۋەت، ــ دىدى. بۇنىڭدىن بىيەن ۋېنيۈ ئۇ مېنى يوللۇق كاستيۇملۇققا ئوخشاش ئادەم دەپ خاتا بىلىپ قالدىمۇ ـ يا، بىراق ئۇنداق كىشىلەر ئۇنىڭ مۇئاشىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە تەسىر قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە تەسىر قىلغان بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىپ قالدى.

بيەن ۋېنيۆ كۆلداننى ئاستا ئېلىپ بەردى، ئاندىن خاندىن چىقىپ كارىدورنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ سىرتقا نەزەر تاشلىدى. ئايال پويىز خىزمەتچىسىنىڭ ھەيۋەت بىلەن كۆلداننى كىچىك شازىغا تاقىلدىتىپ ئۇرغىنى ئاڭلاندى.

بيەن ۋېنيۆنىڭ بۇرنىغا تاماكا پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، چېن تىيېدەن قاچانلاردا كېلىۋىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ:

— خاننىڭ ئىچى دىمىق ئىكەن، — دېدى ھەمدە دېرىزە يېنىدىكى قاتلىنىدىغان ئورۇندۇقنى چۈشۈرۈپ، — بۇ يەردە بىرئاز ئولتۇرايلى، — بيەن ۋېنيۆمۇ بىللە ئولتۇردى. ئۇ بەلكىم ئايال خىزمەتچى بۇ قىزنى رەنجىتىپ قويىدى دەپ ئويلىسا كېرەك. بىراق چېن تىيېدەن بولسا، ھاي بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلمىدى، ئۇ پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يىراقتىكى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مەنزىرىگە ئىشتىياق بىلەن نەزەر تاشلىماقتا ئىدى.

كەچكى قۇياش نۇرىدا ئۇ مەنزىرىنىڭ نەقىشتەك سىزىقلىرى گۇ-گۇم قوينىدا ئاستا-ئاستا خىرەلىشىپ، گويا ئاستىلاپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ناخشا ئاۋازىدەك كىشىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەن نادامەتلىك ئىشلارنى ئەسلەتمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم تىيېدەن (تۆمۈر تۇخۇم) ئىدى، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تىيېدەن (قىزىل تۆمۈر)گە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ خەقلەر بۇرۇنقى ئىسمىڭىز ياخشى ئەمەس، ئىمزا قويۇش، ھۆججەتلەرگە تەستىق سېلىش ئىشلىرىدا ئەپسىز دېيىشتى. ئۇنىڭ ئەپلەشمەيدىغان نەرى بار؟ — چېن تىيېدەن ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى، ئۇنىڭ يا ئۇنىڭغا ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن

مەسلىھەتنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىغىنى، ياكى ئۆزىنىڭ ئۇ مەسلىھەتنى كۆتۈلمىگەن يەردىن قوبۇل قىلىپ قويغانلىغىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىغىنى بىلگىلى بولمايتتى، — مەن يېقىندىلا يۇرتۇمدىن قايتىپ كەلدىم، تەڭ-تۇشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنى يەنىلا تېپىدەن دەپ چاقىرىشتى. مەن ئىسمىمنى يەنە ئۆزگەرتىپ "تۆمۈر تۇخۇم" دەپ ئاتىسام بولارمۇ-بولماسمۇ؟ — دېدى. روشەنكى، ئۇ بۇنى بىيەن ۋېنيۆدىن سوراۋاتقىنى يوق، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردىن سوراۋاتاتتى. ئۇ گويا بۇ قىزنىڭ دەل مۇشۇ مىنۇتتىكى ئۆزىنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەسەن دېگەندەك بىيەن ۋېنيۆگە دىققەت بىلەن قارىدى.

بىيەن ۋېنيۆ بېشىنى تامغا يۆلەپ، جىم-جىت تۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ گەرچە چېن تېيدەننىڭ ئۆزىگە بۇ باش-ئايىغى يوق گەپنى قانداقچە ئېيتىپ قالغانلىغىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە بىر نەرسىنىڭ تەسىر قىلغانلىغىنى ھېس قىلدى. "ۋۇلياڭيې" ئادەمنىڭ ھاردۇغىنى چىقارمايدىكەن، بۇرۇنراق ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈش دېگەن تېخىمۇ يوق گەپ ئىكەن.

بىيەن ۋېنيۆنىڭ چېن تېيدەنگە گەپ قىلغۇسى كەلدى، بىراق نېمە دېيىشىنى ئۇقمايتتى. ئۇ چېن تېيدەنگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھېسسى دۇنياسىدا، شۇ بىر ئەۋلات ئادەملەر ئۆز مەيلىچە كىرەلمەيدىغان زېمىننىڭ بارلىغىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئەگەر ئۇنى ئازراق چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، گەرچە ئۇ ھەممىدىن قول ئۈزۈپ بۇتخانىدا كۆجە كۆيدۈرگەنلەردەك قاتتىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئاز دېگەندىمۇ ھەرھالدا ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولاتتى.

— ئازاتلىقتىن كېيىن مەن ئۈچ قېتىم يۇرتۇمغا باردىم، —

دىدى چېن تىيېدەن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — تۇنجى قېتىم دەل قىينچىلىق مەزگىلىدە باردىم، ساپ-ساق ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇتۇنرەك كىيىم كىيىشتىن ئېغىز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايتتى. لاۋ ۋۇ ئاكام ئىنقىلاۋىي قۇربان ئائىلىسى ئىدى. ئۇ، ئاچلىقتىن ھۇشىدىن كېتىپ، ئاشلىق قاچىلانغان كۇپىنىڭ يېنىغا يىقىلىپ قاپتۇ، شۇنداق تۇرۇپمۇ غەللە-پاراق ئاشلىغىدىن بىر داننىمۇ مىدىراتماپتۇ. ئۇ نىمە دەپتۇ دىمەمسىز؟ ئۇ: "بۇنى ھىچ-كىمدىن كۆرمەيمىز، ئۆز جايىمىزنىڭ يەر-سۈيىنىڭ ناچارلىغىدىن بولغان" دەپتۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى مەن بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاپقا قات-ناشقان ئىدى، بىزنىڭ ئالاقچى بولۇپ ئىشلىگەندە دۈشمەن تۇتۇ-ۋېلىپ تىرىك كۆمۈۋەتكەن ئىدى. ئۇنى مەيدىسىگىچە توپىغا كۆمە-گەندىن كېيىن... — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، چېن تىيېدەن گويا نەپسى يېتىشمىگەندەك بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۆمۈر گۈرجەك بىلەن بېشىغا بىرنى ئۇرغان ئىدى، بېشى يېرىلىپ قان دىگەن پوتتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ بىر غولاچ ئىگىز-لىككە كۆتىرىلدى... بىزنىڭ ئۇ يۇرت كونا ئازات رايون بولىدى-غان، كونا ئازات رايون خەلقىنىڭ ئىنقىلاپقا قوشقان تۆھپىسى بار. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىز-ئوغۇللىرىنى ئالدىنىقى سەپكە ئەۋەتىپ بەرگەن. لياۋشېن ئۇرۇشىدا، بىر ئىزۋوتتا جەڭدىن كېيىن ئاران 2 ئادەم قاپتۇ.... خەقلەر نىمە دىيىشتى؟ "ئىنقىلاپ-تە، كېلىچەكتە ياخشى كۈن كۆرىمىز-دە!" دىيىشكەن. ئەمدى ئۇلارغا نىمە دىگۈلۈك؟ مەن خۇددى ئۇلارنى ئالداپ قويغاندەك ئىنتايىن قاتتىق ئۇيالدىم. مەن نىمە دەيمەن؟ مەن ئامالسىزلىقتىن پەقەت، دۆلەتنىڭ قىينچى-

www.uyghurkitap.com

لىغى بار، تەبىئى ئاپەت ــ ئادەم ئاپىتى بولدى، دىدىم. ئەمىلىيەتتە، كۆڭلۈمدە ھەممىسى روشەن ئىدى، ھەممىنى بىلەتتىم. مەن يەنە خەقلەرنى ئالدىدىم. تەبىئى ئاپەت! ھىلىقى قالايمىقان سىياسەت كىشىلەرگە تەبىئى ئاپەتتىنمۇ بەتتەر زىيانكەشلىك قىلدى. ئادەم ئاپىتى دىگەن نىمە؟ ئادەم ئاپىتى دىگەن مانا شۇ.

ــ مەن ئۇستۇمدىكى بىر قۇر ھەربى كىيىمدىن باشقا ئېلىپ بارغان پۇل، گېنىراللار كىيىدىغان سوكنۇ كىيىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا قالدۇردۇم. ئۇ نىمىگە دال بولاتتى؟ ھەربى قىسىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ چىقىپ، شىپىگراپتا باستۇرۇپ، ھەممە يەرگە تارقاتتىم. بىزنىڭ يولىمىز بار، يۇقۇرىدا تۇرۇۋاتقان خېلى كۆپ ئادەملەر بىزنىڭ كونا ئازات رايوندىن كەلگەن. ئۆز كۆڭلۈمدە، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى مېنىڭكىدىن چوڭ، بۇ مەسىلىنى سۆزسىز ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن، ئاخماقكەنمەن، مەنمۇ، ئۇلارمۇ، ھەتتا ھىلىقى ماشىنىستمۇ ھەممىمىز ئوكچىل ئاغمىچى ئۇنسۇر قىلىپ قويۇلدۇق. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەمىلىي پاكىتلىغى ئېنىق تۇرسا، يەنە، مېنى ئىغۋا پەيدا قىلىپ، سوتسيالىزىمغا ھۇجۇم قىلدى، دىيىشتى. جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈمنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەندىمۇ قورقمىغان ئىدىم. بۇ ۋەقە مېنى قورقىتىۋەتتى. گېپىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزىنى تەكشۈرۈش، خاتالىغى ئۈستىدە ئويلىنىش ئۆلۈمنىڭ يېنىغا يولاپمۇ قويمايدىكەن. مەن قانداقلارچە مۇنداق بوشاڭ بولۇپ قالدىم. مەن زادى نىمىدىن قورقىمەن؟

ئۇ يان ئويلاپ - بۇ يان ئويلاپ، ئاخىر مەن پارتىيە بىلە-

تىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغانلىقىمنى بىلدىم. ئۆمۈر بويى ئىنقىلاپقا بېرىلگەن، ئىنقىلاپ قىلغان بىر ئادەم، توساتتىن ئەكسىل-ئىنقىلاپچى بولۇپ قالسا، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ ئامال قالتىس يامان ئىكەن! بولدۇ، مەن ئۆزەمنى تەكشۈرەي، دېدىم. ۋىجدانسىز-لىق قىلىپ ئاغزىمغا كەلگىنىچە قالايمىقان سۆزلىدىم، "كونا ئازات رايوندىكى يۇرتداشلارنىڭ كۈنى بەكمۇ چىرايلىق ئۆتۈۋېتىپتۇ، يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى تولۇق، قوساق توق، كىيىم پۈتۈن ئىكەن، ئادەملىرىمۇ، مال-چارۋىسىمۇ تەڭ يۈكسىلىپتۇ. خەلق گۆشىسى توغرىكەن..." دېدىم، پارتىيە بېلىتىنى ساقلاپ قالدىم. ئاخشىمى ئۆزەم يالغۇز قالغاندا، كارۋاتتا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ، مەنمۇ بىر كوممۇنىستما؟ تۇفى! دەپ ئويلاپ كېتىمەن، ئۆزەمنىڭ كاچىتىغا ئۇرغۇم كېلىپ كېتىدۇ. لاۋۋۇ ئاكامنى ۋە باشقا ئاق كۆڭۈل يۇرت-داشلارنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن، ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىت-تىمۇ بۇ ھېساپنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ. ...مەن بىر ھېساپتا ئاخىرقى ئۆتكەلدىن ئۆتتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن سۆرۈك بىر ئادەم گويا يۈلۈنى تارتىپ چىقىرىۋېتىلگەندەك ئەتىدىن كەچكىچە خامۇش يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەي! — دەپ بىر ئۇھ تارتتى چېن تيېدەن ئۇنىڭ كۆمۈشتەك ئاق چاچلىق بېشى يەرگە ساڭگىلىدى، ئۇ توم بارماقلىق قولىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

چېن تيېدەننىڭ ئاۋازى ئانچە يېقىملىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا ياشانغان كىشىلەر ئاۋازىدا بولىدىغان بىر خىل خىرقىراش بار ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە شەرق يا غەرپ، جەنۇپ يا شىمالنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر خىل تەلەپپۇز بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ساپ ئەقىل-ئىدرىكىنى قوزغايدىغان بىر تۈرلۈك كۈچ

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى.

بيەن ۋېنيۆ بۇرۇن مۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغان. تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا، ئۇ تېخى چۆچۈگەن ۋە نەپرەتلەنگەن ئىدى. بارا ـ بارا ئۇمۇ بوشىشىپ، ئادەتلىنىپ قالغان، ھەتتا مۇنداق ھادىسىلەرنىڭ چىقىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە مۇۋاپىقلىقى بار دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالغان ئىدى.

ئۇ خىل مۇۋاپىقسىزلىقنىڭ مەۋجۇت تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا، چىن تىيېدەننىڭ ئاڭلىغانلىرى چوقۇم تېخىمۇ كۆپ، باشتىن كۆچۈرگەنلىرى تېخىمۇ جىق، لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، روشەن ھالدا ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن، بىر نەۋرە ئاكىسىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدىكەن، بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى تېخىمۇ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تونۇتىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە لاۋۇۋ ئاكا ۋە باشقا يۇرتداشلارنىڭ قەلبىدىكى تىيېدەن (تۆمۈر توخۇم)، لېكىن ھەرگىزمۇ قىزىل تۆمۈر (تىيېدەن) ئەمەس، دەپ ئويلىدى.

ــ خۇداغا شۈكرى، ئۇ كۈنلەر ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى، ــ دېدى بيەن ۋېنيۆ.

ــ شۇنداق، ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا كەتكەن بەدەلمۇ ئاز بولمىدى. ئىككىنچى قېتىم ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۇرتۇمغا قايتتىم. ئۇ چاغدا، مەن ”ئېغىل“دىن ئەمدىلا چىققان، تېخى خىزمىتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن ئىدى...

ــ يۇرتىڭىزدا ھېچقانداق ئادىمىڭىز يوق ئىكەن، يەنە نىمە دەپ يۇرتقا قايتىسىز، يەنە تۇنجى قېتىمقىدەك بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچرىمامسىز! ــ دېدى بيەن ۋېنيۆ گەپ كوچىلاپ.

ـــ راست، ئاجايىپ ئىش، مەن چىدىيالمايدىكەنــمەن. ئۇ يەردە دائىم ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل كۈچ بار. ئۇ يەرنىڭ ئادەملــىرى، ئۇلارنىڭ ئۆتــكۈزۈۋاتــقان تۇرمۇشى، ئۇنىڭ يەر ـ سۇلىــرى دائىــم مېــنىڭ خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ بەلكىم تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، مېنىڭ ھەربىي كىيىم كىيگەن دېخان بولغانلىقىمـ دىن شۇنداقتۇ.

ـــ ھەم شۇنداق، ھەم شۇنداق ئەمەس، ـــ دېدى بيەن ۋېنيۈ.

چېن تيېدەن ئۇنى ئاڭلاپ، خۇددى كەســپ ئەھلــگە ئۇچراپ، ئۇزاقتىن بېرى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قېلىپ يەكۈن چىقىرالماي يۈر ـ گەن مەسىلىنىڭ ئاخىر دەل جايىدا يەكۈن چىقىرىلغاندەك، ئۆزىنىڭ يوتىسىغا پاققىدا ئۇرۇۋەتتى.

ـــ ئىككىنچى قېتىم قايتقىنىمدا، گەرچە قىيىنچىلىق ۋاقتىنىكىدەك ئاچلىقتىن ئادەم ئۆلۈش ئىشــلىرى بولمىــسىمۇ، لېــكىن ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بولسۇن، يەر بولسۇن، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ـ قەلبــى بول ـ سۇن، گويا كى شوراپ قۇرۇتۇۋېتىلگەنــدەك بولۇپ قالــغان ئىــكەن. مەن قايتىش ۋاقتىمدا، يۇرتداشلاردىن ســلەرگە نىمە لازىم، دەپ سورىغــدىم، ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىسى گەپ قىلمــدى، پــەقەت لاۋۋۇ ئاكىغىلا قاراپ تۇرۇشتى. ناۋادا ئەڭ قاتتــىق جاپا چەكــكەن لاۋۋۇ ئاكا بىرنەرسە دېمىسە، ئۇلار ھېچنىمە دېمەيتتى.

ـــ لاۋۋۇ ئاكا يەنىلا ئون نەچچە يىلــنىڭ ئالدىــدا مەن بەرگەن ھىلىقى گېنېراللار كىيىدىغان سوكــنو چاپانــنى كىيىپ تۇراتــتى. ئۇ چاپاننى شۇ كىيگەنچە ئۇستىدىن يەشمىگەنلىكى بىلــنىپ تۇراتــتى. چاپان كىر بولۇپ مايلىشىپ پاقىراپ كېتىپتۇ. ياقىسى، يەڭ ئۇچلىرى ۋە يەڭلىرىــگە ھەر خىل ـ ھەر ياغزا ياماقــلار چۈشــۈپتۇ، ئۇ بېشىنى

www.uyghurkitap.com

سىلىپ، قوي باقىدىغان قامچىسىنى قوچاغلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كالپۇكى قىمىرلايتتىيۇ، لېكىن ئۈنى چىقمايتتى. ئۇ ئۆزىنى تونۇۋالغان ئىدى! دېھقان بالىسى-دە! ئۇ چىشى تۆكۈلۈپ كەتسىمۇ يۇتۇۋېتىدىغانلاردىن ئىدى! ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەممىسى ئېنىق ئىدى، يۇرتداشلار نامراتلىشىپ چىداپ تۇرالماسلىق دەرىجىسىگە يەتكەن تۇرسا، ئۇ كۆپچىلىك ئۈچۈن ئەڭ جىددى قوتقازغۇچ نەرسىنىڭ نىملىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى، ھەقىقەتەن گەپ قىلىش تەستە! قارىماسىز، ھېچنەرسە بولمىسا، ھەممىگە مۇھتاج ۋاقىتتا، نىمە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتالمايسىز. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ كۆپچىلىككە بىر قاراپ قويۇپ، پەقەت "توز" دىگەن بىر سۆزنىلا قىلدى.

— مەن يېنىمدىكى بارلىق پۇلغا توز ئېلىپ بەردىم.....شۇنىڭ بىلەن سېرىق توپا يولدا ھوشۇققىچە توپا كېچىپ ماڭدىم. بىر قەدەم مېڭىپ بىر ئارقامغا قارايمەن. يۇرتداشلار بولسا، بىرەر تۈپ دەرەخ، بىرەر تال گىيامۇ يوق سېرىق توپىلىق يولنىڭ ئۇ بېشىدا قىمىر قىلماي، ئۈن چىقارماي تۇرۇپ يىراقتىن ماڭا قارىماقتا ئىدى. ھىلىقى بىرنەچچە تاغار توز ئۇلارنىڭ پۈتىغا يۆلەكلىك تۇراتتى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇ خۇددى يوغان تاشتەك كۆرۈنەتتى.

— پەقەت باللارلا مېنىڭ قېشىمدا يالاڭ ئاياق يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار يۈگرەپ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ بىرقانچە مېتىر يىراقلىقتا بېرىپ توختاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا تىكىلىپ قارايتتى. مەن يېتىپ كېلىشىمگىلا ئۇلار يەنە يۈگرىشىپ بىرقانچە مېتىر يىراقلىقتا بېرىپ توختاپ يەنە ماڭا تىكىلىپ قاراپ، خۇددى ئۇلارغا بىرنەچچە تاغار توز ئېلىپ بەرگەن بۇ ئادەمنى ئەستە قالدۇرماقچى بولغاندەك

قىلىشاتتى...قېلىن سېرىق توپىلىق يولدا ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلى-رى، تاپىنىنىڭ پەنجىسى، ئۆكچىسىنىڭ ئىزلىرى ناھايىتى ئوچۇق بېسىلىپ چىقتى. مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن شۇ چاغدا، ئاۋادا بۇ يەردە بىرەر تامچا سۇ بولغان بولسا، جەزمەن بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ چىقاتتى-دە! دىگەننى ئويلىدىم.

مانا، بىرنەچچە تاغار ناھايىتى ئېغىر، ھەم ئاچچىق، ھەم قىرىق تۇز؛ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك پۇتلارنىڭ ئىزلىرى؛ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى بىر تۈپ دەرەخ، بىر تال گىيامۇ يوق توپا يول؛ شۇنىڭدەك توپا يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرغان چەكسىز جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئۇن چىقارماي يۇرگەن يۇرتداشلار، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىيەن ۋېنيۈنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يۇرىگىنى تارتىپ تەۋ-رەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە راستىنلا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىمۇ رەت قىلالمايدىغان بىر تۇرلۇك مەسئۇلىيەت باردەك بىر خىل ئۆكۈنۇش پەيدا بولدى.

— بۇ قېتىم يۇرتقا بارسام، ياﺋاللا، ئاسمان-زىمىن ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىپتۇ. لاۋۋۇ ئاكام: "جاپالىق ئىشلىگەن 30 يىلىمىز كۆتىرە ئالغان بىر يىلىمىزغا يەتمەي قالدى" دىدى، ئانى قاراڭ، — چېن تيېدەن بۆلمە ئۆيىنىڭ ئىچىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ يۇك-تاق جازى-سى ئۇستىدىكى يەرلىك كۆك رەختە تىكىلگەن چوڭ-كىچىك خال-تىلارنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىيەن ۋېنيۈ بىلەتتى، — بۇنىڭ ھەممى-سىنى ئۇلار بەرگەن. يەردە ئۆسىدىغانلىكى نەرسىنى دىخانلار بەرسە، ئۇلار ياخشى ئۆستۈرىدۇ.

ــ هازىر خەقلەر پۇلغا ئانچىلا خۇشتار ئەمەس، ئۇلار مەدىنىيەتكە خۇشتار ئىكەن. بۇ قېتىم بارغىنىمدا مەن لاۋۋۇ ئاكامغا چىقىشىپ، سىزگە يەنە نىمە لازىم، دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ”ئوقۇغۇچى بالا!“ دىدى. بۇ گېپى مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەن خەققە ئوقۇغۇچى بالا بېرەلىشىم مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەستە! شۇڭا لاۋۋۇ ئاكىنىڭ ھىلىقى نەۋرىسىنى خۇدا قىلىۋالغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەندە! ئۇ بالا خەت يېزىۋاتقان ۋاقىتتا لاۋۋۇ ئاكا قاتتىقراق نەپەسمۇ ئالالمايدىكەن، يۆتىلى تۇتۇپ قالسا، يېڭى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىنىمۇ قىمىرلاتماي تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئاسمان ئىلاھىغا قارىغاندەك قاراپ تۇرىدىكەن، بىرەر كىشى مېڭىپ تارتىپ قالسا، ئۇ دەرھاللا ”ئاستىراق، بالا خەت يېزىۋاتىدۇ!“ دەيدىكەن. ئۇ بالا بىر تەرەپتىن خەت يازسا، بىر تەرەپتىن پۇشۇلداپ نەپەس ئالاتتى. بۇرنىدىن چىققان دەمدە كىچىك چىراقنىڭ ئوتى لەپىلدەپ تۇراتتى. مەن ئالدىغا كېلىپ سەپ سالدىم. ھەي، ھەي دىگەن خەتنى غەلىتە يېزىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇ بالىغا، ئۇ خەتنىڭ ئاستى ئىلمىگى سول تەرەپكە قايرىپ كۆتىرىلىش كېرەك ئىدى، سەن ئوڭ تەرەپكە قايرىپ كۆتىرىپ قويۇپسەن دىۋىدىم، لاۋۋۇ ئاكا بالىنىڭ ئىزا تارتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ رەنجىگەن ھالدا:

ــ ئوڭ تەرەپكە قايرىپ كۆتەرسە نىمە بوپتۇ؟ ھە، ئوڭ تەرەپكە قايرىپ كۆتەرسە نىمە بوپتۇ؟ سەن ئەپكەش كۆتىرىپ باقمىغانمۇ، ئەپكەشنى ھەر ئىككى مۈرىسىدە كۆتەرگىلى بولىدىغۇ، ــ دەپ كەتتى.

بىيەن ۋېنيۈ پىسسىڭىدا كۈلۈۋەتتى.



www.uyghurkitap.com

— ئۇ بالا ئائىلىسىدە ئەجدادىدىن تارتىپ چىققان تۇنجى ”زىيا-لى“ ئىكەن. لاۋۋۇ ئاكا، — مەندە پۇل بار، چوقۇم بۇ بالىنى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، كېلىچەكتە كەنتىمىز-دىكىلەرگە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قىلىپ بېرىمەن. ئوقۇپ بىلىم ئېلىش كېرەككە كەلمەيدۇ، دەپ جۆيلىگەن كىم ئۇ، ئوقۇغانلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ، سىز تېخى كۆرمىدىڭىز، يەرمۇ ئوقۇغانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى. دېخانلار ئۆزگەردى. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇزاققا قالماي، بۇرۇنقىدەك، دېخانلارنىڭ تەرەت قىلغۇسى كەلسىلا ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىغا يۈگرەيدىغان ئىشلار تېزلىكتە تارىخقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

پويىزنىڭ چاقى تاراقلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گويا توختىماي ”ئۆتتۈپ كەتتى، ئۆتتۈپ كەتتى...“ دەۋاتقاندەك ئىدى. بىيەن ۋېنيۆ پويىزغا كۆپ قېتىم ئولتۇرغان ئىدى، پويىز چاقىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىدىن بىرەر نەرسە ئۇققاندەك بولاتتى.

چېن تيېدەن چارچىغان ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىچ-قارنىنى تۆكۈپ ئارام تاپقاندىن كېيىن مەمنۇن بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باياتىنقى بىر دەم جىددىيلەشكەن كۆڭلى ئەمدى تىنجىپ، خۇددى ياز كۈنلىرى قاتتىق يامغۇردىن كېيىنكى زۇمرەتتەك ئوچۇق هاۋاغا ئوخشاش ئېچىلىپ قالغان ئىدى.

بىيەن ۋېنيۆگە تۇيۇقسىز ئېسىنىق بولۇپ قالدى. چۈشەنگەندەك ئۇ نىمە دەپ يېقىندىكىنى قويۇپ، يىراقتىكىگە يۈگرەيدۇ؟ كىشىلەر ھەمىشە يېقىندىكى گۆھەرنى كۆرمەستىن، ئەكسىچە خىيالدىكىنى جاھىللىق بىلەن مۇشەققەت چېكىپ ئىزدەيدۇ. ئۇ دېڭ يۈەندىن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى چېن تيېدەن، لاۋۋۇ

www.uyghurkitap.com

ئاكا، شۇنىڭدەك لاۋۋۇ ئاكىنىڭ نەۋرىسى ۋە بۇرتداشلاردىن تاپتى، ۋاھالەنكى يەنە ئۇنى تېخىمۇ كۆپ جايلاردىن تاپقىلى بولىدۇ.

يېرىم كېچىدە، ئايال پويىز خىزمەتچىسى كىرىپ دېڭ يۇەنفانى ئويغىتىپ:

— باشلىق، پويىزدىن چۈشۈڭ، — دېدى.

دېڭ يۇەنفا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇك جازىسىدىن ئۆزىنىڭ يۇك-لىرىنى ئالدى، چۈش دېگىزنىغا چوڭقۇر چۆككەن ھەمرالىرىغا قاراپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىدى-دە ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى.

ۋوگزال سەھنىسىدە كۈتىۋالغۇچى ئورۇنىدىن قارشى ئېلىشقا چىققان ئىككى يولداشتىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋوگزالنىڭ چىقىش ئىشىگىگە قاراپ ماڭدى.

دەل شۇ چاغدا پويىز گۇدۇكى ئۇزاق سىگنال بەرگەندىن كېيىن پويىز قوزغالدى. دەسلەپتە، دېڭ يۇەنفا پويىز بىلەن بىللە ماڭدى، لېكىن، پويىز سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ماڭغانسېرى ئىتتىكلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دېڭ يۇەنفانى ئارقىغا تاشلىۋەتتى-دە، بىردەمدىلا قاپ-قارا تۈن قاراڭغۇسىدا غايىپ بولدى. لېكىن، ناھايىتى يىراق-تىن، ئەڭ كەينىدىكى ۋاگوننىڭ ئاخىرقى چىرىغىنىڭ قىپ-قىزىل يورۇپ تۇرغانلىغىنى كۆرگىلى بولاتتى.

1983 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گۇلاگېۋدە 1 - قېتىم يېزىلدى،
1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيدەيخېدا 2 - قېتىم تۈزىتىلدى.

## ئاپتور ھەققىدە

جاڭ جيې، ئايال، 45 ياش. لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن. 1960 - يىلى جۇڭگو

خەلق داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1 ـ ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكىدە ئىش-لىگەن. 1980 ـ يىل بېيجىڭ كىنو ئىستۇدىيىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇلاردىن «ئورمانلىقتىن كەلگەن بالا» ۋە «كىم ئەڭ گۈزەل ياشايدۇ»لار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1978 ـ يىل ۋە 1979 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تەۋەككۈل سىدىق.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**



ukyghurkitap.com

# ئاجايىپ-غارايىپ چۈش

## سېرگېي مىخالكوۋ

ئۇلۇغ چۆچەك يازغۇچىسى خانس كرىستىئان ئاندېرسېن خاتىرىسى ئۈچۈن

لىيۇبا ئۇيقۇ خۇمارى ئىدى. ئۇ باشقا باللارغا ئوخشىمايتتى، ئاخشىمى يېتىنمىسىمۇ، سائەت ئون بولغان ھامان ئۆزىلا كارۋاتتا چىقىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا، بىر تۇگۇلۇپ كۆزىنى يۇماتتى-دە، ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولاتتى، يەنە كېلىپ تاڭ ئاتقىچە ئويغانمايتتى. يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىمۇ، راديو ياكى تېلېۋىزور ئاۋازىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا قىلچە دەخلى قىلالمايتتى. ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كېتەتتىكى، ئەتىگەندە قوڭغۇراقلىق كونا سائەت قاتتىق جىرىڭلاپ قاتتىق بۇرۇۋېتىلگەن پۇرژىنىسى بوشاپ دەپ قالغاندىلا ئاران ئويغىناتتى.

— نېمە بولدۇڭ... ئەجەپمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىكەنسەنغۇ؟ — دەپ سوراپ قالاتتى بەزىلەر.

— مەن ھەمىشە بەكمۇ شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ كېتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى لىيۇبا.

بۇ گەپ ھەقىقەتەن راست ئىدى.

**ھەمىشە كۆرسەم دەيدىغان چۈشلەردىن بىرى**

ليۇبا شەھەر ئىچىدىكى ئىنىسى-جىن يوق مەيدانىغا كەلدى، قەدىمىي قوڭغۇراق بىناسىدىن ئۆتۈپ، بىرمۇ ئادەم يوق يەنە شۇنداق بىر كوچىغا بۇرۇلدى، ئۇ ئويۇنچۇق ياسايدىغان بىر دۇكاننىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. دېرىزە ئىچىگە ھەر خىل-ھەر ياڭزا ياغاچ قونچاقلار قويۇۋېتىلگەن ئىدى: بۇ قونچاقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، بەزىلىرى ياتقۇزۇپ قويۇلغان، بەزىلىرى مىخقا ئېلىپ قويۇلغان، بەزىلىرى تۇرلۈك شەكىلدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئىدى؛ مەلىكىلەر ئېسىل لىباسلارنى كىيىپ پاخلان كۆزلىرىنى چىملداتماي تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ياراشماي قالغان ئىدى؛ پادىچى باللار ۋە پادىچى قىزلار ياراشتۇرۇپ سەھرالىقلاردەك كىيىندۇرۇلگەن ئىدى؛ ئېسىل كىيىنگەن ئۇسۇلچى قىزلار قولىدىكى قوڭغۇراقلىق داپنى پىقىرىتىپ لەرزان ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى؛ كۆمۈردەك قارا تەنلىك ئۇسۇلچى ئوغۇللار سىر بېرىلگەن قالپاق كىيىۋالغان ئىدى...ليۇبا ئورمان شاياتۇنلىرى ئارىغا ئېلىۋالغان قىزىل قالپاقنى تونۇپ قالدى. بىراق قۇش بۇرۇنلۇق، ئاغزى كەپشەردەك يوغان ياغاچ قونچاق ئەسكەر كىشىنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. دېرىزىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بۇلۇڭغا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان بۇ ئەسكەر گۇناكاردەك سالپىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستى-بېشىغا بىر غېرىچ كەلگۈدەك توپا قونغان بولۇپ، ئۇ دەرت-ئەلەم ئىچىدە يىتىمسىراپ تۇراتتى.

دۇكاننىڭ ئىشىگى ھىم ئېتىلمىگەن ئىدى، ليۇبا ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن ئىچكىرىگە قارىدى، تېرە پەرتۇق تارتىۋالغان بىر قېرى ئۇستا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەمدىلا دۇكاندا ئويۇپ چىقارغان كىچىككىنە بىر ياغاچ كاللىنى بىر ياغاچ ئادەمنىڭ تېنىگە ئورنىتىۋا-

تاتتى. سىمىز بىر خوتۇن ئۇستامنىڭ يېنىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن قىرىندىنى ئەخلەت ئالغۇغا سۈپۈرتۈۋاتاتتى.

— بۇ غەلىتە نەرسەڭنى قاچانمۇ دېرىزىدىن ئېلىپ تاشلارسەن، — دېدى ئايال، — بۇ ياڭاق چاققۇچ خېرىدارنى قاچۇرۇۋېتىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەنلا ئادەمنىڭ دۇكانغا كىرگۈسى كەلمەيدۇ...

— بىمەنە گەپ قىلمىغىنا خوتۇن، — دېدى ئۇستام تەمكىن ئولتۇرۇپ سىلىقىنا، — سەن بىلمەسەنغۇ، ئۇنى مەن ياسىمىغان. بۇ چاققۇچ ماڭا ئاتامدىن قالغان، ئۇنىڭغا بولسا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن يەنى چوڭ دادامدىن قالغان ئىكەن. بۇ ياغاچ ئەسكەرنى دەسلەپتە چوڭ دادام بىر سەرگەردان نەغمىچىدىن سوراپ ئالغان ئىكەن. ئۇ سەرگەردان نەغمىچى بولسا ئۇنى يىراق بىر دۆلەتتىن تېپىۋالغان ئىكەن... ئۇنىڭ نەرى غەلىتىكەن! ئۇنىڭغا قانداق قاراشنى بىلىش كېرەك.

— كېرىكى بارمىش تېخى! — دېدى خوتۇنى گېپىدىن يانماي، — ئۇنىڭ ئاغزىغا ياڭاقنى سېلىپ قويساڭ چېقىپ بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغۇ؟ ئاۋۇ بالىت ئويناۋاتقان قونچاقنى تىزىپ قويساڭ ئوبدان بولماتتى! — خوتۇنى قاتتىق قەغەز قاپچۇق ئىچىدە تىك تۇرغان، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك بالىت كۆينەكلىك، كىشىنى جەلپ قىلارلىق قونچاقنى كۆرسەتتى، — ئۇ چاغدا خېرىدارلىرىمىز دەرھال كۆپىيەتتى. سېنىڭ چاققۇچىڭنى بىراۋغا بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايدۇ....

— ھەي ماتىلدا، دېرىزە ئالدىدا تۇرغان ئاۋۇ قىزچاقنى چاقىرىپ كىر، — دېدى لىيۇبانى كۆرۈپ قالغان ئۇستام بىردىنلا، — ئاڭلاۋاتامسەن، ئاۋۇ قىزچاق كېتىپ قالغىچە چاققان چاقىرىپ كىر!

— سەن ئۇنى بىزنىڭ قونچاقلىرىمىزنى ئالدۇ دەپ يۈرەمسەن؟

— قىزچاقنى چاقىر، دۇكانغا كىرسۇن! — دېدى ئۇستام شۇنداقلا ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق بىلەن.

— قىزىم! خالىسىڭىز، كىرىڭ... — دېدى كوت ـ كوت كەمپىر ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، — دەپ جاۋاپ بەردى قىزچاق ناھايىتى ئەدەپ بىلەن.

— بىزنىڭ چال دېرىزىدىن سىزنى كۆرۈپتۇ، سىزگە گېپى باردەك، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا، ھەم...پۇلىڭىزمۇ بولسا، مەرھەمەت!

كېيىنكى جۈملىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى كەمپىر قىزچاقنى ئۆيگە باشلاۋېتىپ پىچىرلاپ قويدى.

— ياخشىمۇ سەن! — دېدى قىزغا ئۇستام ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ، — مەن بىر قاراپلا قونچاققا ئامراقلىغىڭنى بىلىپ قالدىم. ئېتىڭ نىمە؟

— ئېتىم ليۇبا، بىراق مېنىڭ قونچاق ئوينايدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى.

— بىلىمەن، يېشىڭ ئېشىپ كەتتى. بىراق ماۋۇ قونچاقلارنى ياقتۇرىدىغانسەن. مەن 80 ياشقا بېرىپ قالغان بولساممۇ، تېخىچە بۇ نەرسىلەردىن ئايرىلالمايۋاتىمەن. مەن قونچاقنى سېتىش... ھەم ئىچ پۇشقىمنى چىقىرىش ئۈچۈن ياسايمەن. قارىغىنا، مېنىڭ ياسىغانلىرىم نىمە دىگەن كۆپ! ئۆتكەن يىللاردا قانچىلىك ساتتىم دىگىنە، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ! بۇ خېنىگۈل مەلىكىسىنى ياكى كەش كىيىۋالغان مۈشۈكنى كىم ياقتۇرمايدۇ دېيەلەيسەن؟ ھەي، قىزىم... بۈگۈن كەمپىر بىلەن ئىككىمىز بىراۋغا چوقۇم بىر ياغاچ قونچاق تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە شۇنداق

قائىدە ـ رەسمىيەت بار. بىر يىلدا بىر قېتىم بولاتتى. بۈگۈن دەل قونچاق تەقدىم قىلىدىغان كۈننىڭ ئۆزى!

كەمپىر ئېرىگە تازا بىر ئالىيىپ قويدى.

— قېنى، خالىغىنىڭچە بىرەرسىنى تاللىغىن، — دېدى ئۇستام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئۆزى تاللىسۇن، تازا ياخشى كۆرىدىغانىدىن بىرنى تاللىۋالسۇن، — دېدى سېمىز كەمپىر تەنە بىلەن.

— پۇلۇم يوق، — دېدى لىۋبا ئاستاغىنا پىچىرلاپ.

— ساڭا بىر ياغاچ قونچاق تەقدىم قىلماقچى بولغان ئادەم سەندىن پۇل ئېلىپ نىمە قىلاتتۇق! قايسىنى ياراتتىڭ...بىز ياشنىپ قالغان ئادەملەر دەرەك ـ بىشارىگە ئىشىنىمىز، تارتىنماي تاللاۋەر، — دېدى ئۇستام خۇش كەيپىيات بىلەن.

لىۋبا دۇكاننىڭ تۆت تېمىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇستامنىڭ تەكچىلىرى ۋە پۈكىيدە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ياغاچ قونچاقلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى، قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟

ھايت ـ ھۇيت دېگىچە لىۋبا بىرنى تاللىدى.

دېرىزە ئىچىگە قويۇلغانلاردىن تاللاشقا بولامدۇ؟ دېرىزىسىنىڭ ئەڭ ئىچكىرى بۇلۇڭىدىكى...ئاۋۇنى.

— قايسى قونچاقنى دېدىڭ؟ — دەۋەتتى ئۇستام گويا چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، ئاندىن خوتۇنىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويدى.

— ئىچكىرىسىدىكى...ئاۋۇ ياغاچ ئەسكەر، — دېدى لىۋبا دېلىغول بولۇپ.

— ياڭاق چاققۇچقا كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنىڭدىن ياخشىراغىنى تاللىيالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى كەمپىر مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— ياڭاق چاققۇچىنى ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ...ئەگەر كۆزۈڭلار قىيسا، — دېدى لىيۇبا سۆزىنى تەكرارلاپ.

— ئال، قىزىم، ئال! — دېدى ئۇستام ئۇنىلۈك ئاۋاز بىلەن، ئاندىن خوتۇنىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — سەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولساڭ، ئۇ يېتىمسىرەپ قالمايدۇ. ئاله، ياڭاق چاققۇچىمىزنى ئال! دەل جايىدا تاللىدىڭ. ساڭا قايسى مەلىكە تەڭ كېلەلىسۇن؟ تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەرگىز!

بوۋاي دېرىزىدىن ياغاچ قونچاقنى ئالدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى توپا-چاڭلارنى سۈرتۈۋېتىپ لىيۇباغا بەردى.

كەمپىر ئېرىگە سېھىرلىك بىر قاراپ قويدى-دە، ئىچىدە خوشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

— رەھمەت، — دېدى لىيۇبا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئاندىن ياڭاق چاققۇچنى كۆكرىكىگە چىڭ بېسىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

— ئاخىرى قۇتۇلدۇڭ ئۇنىڭدىن، — دېدى ئۇستام خوتۇنىغا، — سەن تېخى ئۇنى ھېچكىممۇ ئالمايدۇ دەۋاتاتتىڭغۇ. ئەمدى ئۇنى ئىككىنچى قايتۇرۇۋالالمايمىز! مەن گويا بىرەر يېقىن ئادىمىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن... بىراق ياڭاق چاقۇچ زىيان تارتمايدۇ! ئۇ ئەمدى قىزچاق بىلەن دوست بولۇپ قالسۇن، قىزچاق ئۇنىڭ يېتىمسىراپ قالغانلىقىنى پەملىگەن، ئەمدى ئۇ سېنىڭ تىل-ئازارىڭدىن تولۇق قۇتۇلدى!

سېمىز كەمپىر ماتىلدا زوۋان سۈرمىدى.

www.uyghurkitap.com

لیۇبا ئویغاندی، قوڭغۇراق جىرىڭلىمىغان ئىدى. كوچا يەنىلا قاپ ـ قاراڭغۇ. تازا بىر ئەسنىۋېلىپ، بىر ئۆرۈلۈپ، كۆزىنى يۇمدى ـ دە، چۈشى يەنە داۋاملاشتى.

لیۇبا ياغاچ قونچاقنى تېخىچە كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئېگىز بىنالار ئوتتۇرىسىغا قىزىلغان چوڭقۇر خەندەكتەك قاپ ـ قاراڭغۇ ئۇزۇنچاق بىر كوچىغا كىردى. كوچىدىن بۇرۇلۇپ، بۇرىمىسىمان تار پەلەمپەيي بىلەن يات بىر ئادەمنىڭ بىناسىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، قىڭغىيىپ قالغان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. بىر ئويلىنىۋېلىپ...ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيگە كىردى.

ئاي نۇرى بۇ ئامبارنى خۇددى ئەينەكتەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. دېرىزىدىن پۈتۈن شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر دۆۋىلىشىپ كەتكەن بۇ ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بۇرجىگى مىس چەمبەر بىلەن تېڭىلغان بىر ئەسكى ساندۇق تۇراتتى. چېقىۋېتىلگەن چىنە ـ قاچا دۆۋىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەۋرىشكە ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئۇزۇن پۈتلۈق بىرئاق تورنا دېرىزە سىرتىغا قاراپ تۇراتتى. بۇ تورنىنىڭ ئاي نۇرىدا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىسىڭىز ئۇنى تىرىكمىكىن دەپ قالاتتىڭىز.

لیۇبا ياغاچ چاققۇچنى تىزىغا قويۇپ ئەسكى ساندۇقتا بىر دەم ئولتۇردى ـ دە، بىردىنلا يىغلىۋەتتى...يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ يېشىنى سۈرتتى. مۇنچاقتەك بىر تال ياش خۇددى لەمپە ـ پىشايۋان ـ

دىن چۈشكەن سۇ تامچىسىدەك ئېقىپ ياغاچ ئەسكەرنىڭ مەڭزىگە چۈشتى.

ليۇبا يېشىنى سۈرتۈپ، بۇرنىنى ئېرتتى. شۇ ئەسنادا تىمتاس بۇ ئۆيدە بىراۋنىڭ:

— مەڭزىمنى ئېرتىۋەتسىڭىز ياخشى بولماتتى؟ — دېگەن ئاڭلى-نار-ئاڭلانماس ئاۋازى كەلدى.

ليۇبا ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا قارىدى.

— كىم بار بۇ يەردە؟

— مەن بار، مەن سىزنىڭ تىزىڭىزدا، — دېگەن بايىقى ئاۋاز ئاڭلاندى.

ليۇبا چۆچۈپ كەتتى-دە، سەكرەپ قوپۇپ ئىشىككە كەلدى، ياغاچ قونچاق يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى يېنىك ئاۋاز بىلەن يېلىنىپ، — تۇرۇپ تۇرۇڭ، ليۇبا... مېنى تاشلاپ كېتىپ قالماڭ!

قىزچاق مىدىر-سىدىر قىلمىدى. ياغاچ ئەسكەر گەپ قىلىۋاتقان ئىكەن-دە.

— مېنىڭدىن قورقۇۋاتامسىز؟ مېنى زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويارمىكىن دەمسىز؟

ليۇبا ئۈن چىقارمىدى. ياغاچ قونچاقنىڭ ئادەمدەك گەپ قىلىپ باققانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.

— يېقىنراق كېلىڭ... بىر-ئىككى ئېغىز گەپلىشەيلى، — دېدى ياغاچ چاققۇچ يېلىنىپ، — غەلىتە گەپ، مەن بىلەن گەپلەش-مەمسىز؟ بۇ گەپچە، مەن گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قاپتىمەن، سىز گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قاپسىز-دە.

— سىز كىم بولىسىزكىن؟ — دېدى لىۋبا قورقۇنچ بىلەن.

— مەنمۇ؟ مەن ياڭاق چاقىقۇچ... ئاغزىمغا ياڭاق سالسا، چېقىپ بېرىسمەن. بۇرۇن ياڭاق چاقىقۇچ ئەمەس ئىدىم. بىر زامانلاردا يىگىت... ئەسكەر ئىدىم. كېيىن ئەپىتسەر بولدۇم. ئىسمىم مىلو. بۇنىڭغا ئۇزاق زامانلار ئۆتتى...قانچە زامان ئۆتكەنلىكىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. مەندىن قورقماڭ!

خەتەر يوقلۇغىنى بىلگەن لىۋبا ياڭاق چاقىقۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يەردىن ئېلىپ ئورۇندۇققا قويۇپ قويدى.

— قورقمايمەن ئەمدى...بىراق گەپ قىلالايدىغان ياڭاق چاقىقۇچنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم!

— ئۇقتۇم، — دېدى قونچاق ئەسكەر، — ئىشىنىڭكى، مەن سىزگىلا گەپ قىلالايمەن...مېنى تاشلاپ كەتمەڭ!

— سەن بۇرۇن ئەسكەر بولغان ئىكەنسەن، ئىسمىڭ مىلو ئىكەن... كېيىن ئەپىتسەرمۇ بولغان ئىكەنسەنغۇ؟ قانداقسىگە ياڭاق چاقىقۇچقا ئايلىنىپ قالدىڭ؟

— بۇ بىر ئېچىنىشلىق كەچۈرمىش، — دېدى قونچاق ئۇدۇللا جاۋاپ بەرمەي.

— ئاڭلاپ باقاي! مەن پاجىئەلىك ھېكايىلەرگە قىزىقىمەن...

— ئاڭلاپ قويۇش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، بىراق بۇ ئىش ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەر ئۈچۈن ئازاپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، قېنى ئاڭلاپ باقايچۇ.

— بوپتۇ ئەمسە، — دەپ رازىلىق بىلدۈردى ياڭاق چاقىقۇچ، — قۇلاق سېلىڭ گېپىمگە... بۇرۇن مەن ژاركونىتا دېگەن بەختلىك بىر ئەلدە تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. بۇ ئەلنى ھېچقانداق خەرىتىدىن

تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ ئەل قار ئېلى بىلەن قەن - گېزەك ئېلىگە يېقىن خوشنا ئىدى.

— شۇنداق مەملىكەتمۇ بولامدۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى لىيۇبا.

— مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان، — دىدى ياڭاق چاقـقۇچ رەنـجىـپ، — بۇ خـۇددى ھـازىـر مەن سىـزگە گەپ قىلىۋاتقانغا ئوخشاش ھەقىقى ئەھۋال....ئاڭـلىغۇڭىز كەلسە، ئەمدى گېپىمنى ئۇزۇۋەتمەڭ!

— ماقۇل...

— بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى ھەممە ئادەم نىكولاس دەپ چاقىرىدىغان بەكمۇ خۇشخۇي بىر ئادەم ئىدارە قىلاتتى. بۇ ئادەم قەن - گېزەك پادىشالىغىنىڭ ئايال پادىشاسى II بىلەن توي قىلىشقا كېلىشىپ قويغان ئىدى. بۇ مەلىكە كىچىكىدىنلا قەن - گېزەكـكە ئامراق ئىكەن.

— ماڭا ئوخشاش ئىكەن!

— يەنە گېپىمـنى يىردىـڭىز... — دەپ ئاچچىغـلانـدى ياڭاق چاققۇچ، — مەن گېپىمنى يىرىۋەتمەڭ دىـدىمـغۇ! ئەگەر بىرلا ئاغىزىپ كەتسەم، گېپىمـنى تاپالـماي قالـمەن. چۈنكى بۇ ئۇزاق - ئۇزاق زامانلاردىن بۇرۇن بولغان ئىشلار!...

— ئەپۇ قىل، مىـلو! — دىدى لىيۇبا، — ئەمـدى گەپ قىلـماي، ماقۇل.

مىلو زېھنىنى يىغىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى چاشقان دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى دۆلىتىمىزگە بېسىپ كىردى. شۇنچە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولـساقـمۇ، دۈشـمەن كۆپ، بىز ئاز بولغانلىغـمىز ئۈچۈن، مەغـلۇپ بولدۇق. ئېچىـنىش-

www.uyghurkitap.com

لىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، نىكولاس چاشقانلارغا تەسلىم بولدى ھەم چاشقان پادىشالىغىنىڭ پادىشاسىغا ساداقەتلىك بىلدۈردى. چاشقانلار پادىشاسى زەھەرلىك سېھرى ئىشلىتىپ، ئاجىز نىكولاسنى باخشىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى ھەمدە ئۇنى ئەس ـ ئەقىلدىن مەھرۇم قىلدى. نىكولاس توي قىلىش كېلىشىمى تۈزگەن قەن ـ گېزەك ئېلىنىڭ ئايال پادىشاسى II نى ئۇنتۇدى ـ دە، ئۇنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغان ئۇسۇلچى قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. ئۇسۇلچى قىز پارلىپا نىمە بولسا بولسۇن، مېنىلا سۆيەتتى.

ــ ياڭاق چاقىقۇچنى سۆيەمدا؟ ــ دەپ ۋاقىرىۋەتتى لىيۇبا، ــ ئۇ مۇنداق ھەيرانلىقنىڭ ھېكايىچىنى رەنجىتىپ قويۇشنى ئويلىمىغان ئىدى.

ــ ياڭاق چاققۇچ ھېكايىنى توختىتىپ لىيۇباغا ئالىيىپ قويدى:

ــ ھەئە، مېنى سۆيەتتى! لېكىن بۇنىڭ ياڭاق چاققۇچ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ ئۇ چاغدا مەن ژاركونتا دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى بولۇپ، ياش ئىدىم... كىشلەرنى جەلىپ قىلالايتتىم.

ــ كېچىرگىن، ــ دىدى لىيۇبا ئەپۇ سوراپ، ــ مەن سېنى رەنجىتمەكچى ئەمەستىم.

ــ رەنجىمىدىم.

ــ كېيىن قانداق ئىشلار بولدى؟

ــ نىكولاس مېنىڭ ئۇنىڭ پارلىپا بىلەن توي قىلىشىغا كاشىلا بولۇشۇمدىن قورقۇپ، مېنى ياغاچ ئەسكەرگە، قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى! قونچاقنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ سېسىق ئۆرەككە تاشلىۋەتكەن ئىدى. مېنى بىر سەرگەردان نەغمىچى ئېلىۋالدى. بىز ئىككىمىز دۇنيانى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە كەزدۇق...

— شۇندىن بۇيان گەپ قىلىپ باقمىغانمۇ؟

— ئەزەلدىن تىنىماي گەپ قىلىپ كەلدىم، — دېدى ياڭاق چاقاقۇچ پەخىرلىنىپ، — ئەمما گېپىمنى ھېچكىممۇ ئاڭلىيالمىدى. بۇ زەھەرلىك سېھرىنىڭ كاساپىتى. مېنىڭ گېپىمنى ماڭا ئىچىنى ئاغرىتقان باللاردىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمايدۇ. بىر بالا مېنى تېپىۋالدى ھەم ماڭا ئىچىنى ئاغرىتتى. ئەمما مېنىڭ يۈزۈمگە بىر تال ئېچىنغان ياش تامچىسى تامچىلىشى كېرەك ئىدى...باللار مېنىڭ بېشىمدا تۇرۇپ يىغلاپ باقمىدى، ئۇلار كۈلۈپلا تۇراتتى! بۈگۈن ئەنە شۇنداق بىر تامچا ياش تۆكۈلدى...

— سېنىڭچە، مەن شۇ بالىمۇ؟ — دەپ سورىدى لىۋبا.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ياڭاق چاقاقۇچ، — سىز گەپ قىلغانلىغىمنى ئاڭلىدىڭىزغۇ، شۇنداقمۇ؟ ئاڭلىدىڭىزغۇ... مەن ئۈمىدسىنىمۇ ئۈزگەن ئىدىم. بەكمۇ بەختلىك ئىكەنمەن، ھەممە قونچاق ئىچىدىن پەقەت مېنىلا تاللىۋالدىڭىز ھەم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭىز... رەھمەت سىزگە!

لىۋبا ياڭاق چاقاقۇچنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— سەن ھىلىقى دۇكاننىڭ دېرىزىسى ئىچىدە كېچە-كۈندۈز ئۆرە تۇرىدىكەنسەن، ئۈستى-بېشىڭ چاڭ-توپا بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ جازاغا تارتىلغاندەك ئىچكىرىسىدىكى بۇلۇڭدا تۇرىدىكەنسەن...

— سېمىز كەمپىر ماتىلدا زادىلا ئۈستى-بېشىمنى سۈرتۈپ قويىغان ئەمەس. ماڭا كۆز قىرىنىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ، — دېدى ياڭاق چاقاقۇچ ئەلەم بىلەن، — ئۇ مېنى باللارنى قورقىتىپ قاچۇرۇۋېتىدۇ، دەپ مەندىن رەنجىپلا يۈرەتتى. سىز دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

بۇرۇن يۈرىگىم بار جاي مەدىرلىغاندەك بولغان ئىدى، سىزنىڭمۇ يالغۇز قالغانلىغىڭىزنى سەزدىم...

— توغرا دەيسەن، — دەپ تەستىقلىدى لىۋبا، — مېنى چۈشەندىغان ئادەم يوق ئىكەن.

— ماڭا ئاخىرغىچە ياردەملىشەمسىز؟ — دەپ سورىدى ياڭاق چاققۇچ.

— ئەلۋەتتە، — دەۋەتتى لىۋبا ئويلىمايلا، — بىراق مەن نىمە قىلىپ بېرىمەن؟

— دېرىزە يېنىدا سىرتقا قاراپ تۇرغان ئاق تۇرنىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ئەۋرىشكىنىمۇ؟ كۆردۈم.

— بۇ ئەۋرىشكە ياغاچ ئادەم ماڭا ئوخشاش نەرسە. ئاق تۇرنا خىسلەتلىك قۇش. مېنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قوندۇرۇپ قويۇڭ.

لىۋبا ياڭاق چاققۇچنى ئاق تۇرنىنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ قويىۋىدى، خۇددى ئۇچىدىغاندەك بولۇپ ئىككى پۇتىنى كەرگىلى تۇردى...

بۇ تاسادىپى ئۆزگىرىشتىن قورقۇپ كەتكەن لىۋبا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. كۆزىنى ئېچىپ قارىغىدەك بولسا، تۇرنىنىڭ دۈمبىسىدە ياغاچ ئەسكەر ئەمەس، بەلكى ھەيۋەتلىك ياش ئەپەندىم ئولتۇرۇپتۇ. يەنە كېلىپ ئاتقا مىنگەندەك مىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئەپەندىم لىۋباغا قولىنى ئۇزىتىپ، — كۆرۈشكىچە خەيىر بولسۇن! ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دوستىڭىز سىزگە مەڭگۈ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

— توختا، ملو! — دەپ ۋاقىرىدى لىۋبا، — مەن سېنىڭ بىلەن

بىللە ئۇچۇپ كېتىمەن!

— بولمايدۇ، — دېدى مىلو مۇلايىمغىنا، — سىزنىڭ بۇ يەردە ئۆيىڭىز بار، ئۆيىڭىزدىن ئايرىلماڭ، ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىسىزغۇ تېخى!

— ئۆيدىكىلەر مېنى چۈشەنمەيدۇ، سېنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن! — دېدى قىزچاق جاھىللىق بىلەن.

— بۇ يول خەتەرلىك!

— چاشقاندىن قورقمايمەن!

— مەن ئۆلار بىلەن ئېلىشىمەن!

— مەن سېنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن...

— مەن ئۆلتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن.

— مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن مەيلى...

— نېمە قىلسام بولار، — دېدى ئىلاجسىز قالغان ئەپتىسەر، — سىز تېخى كىچىك بالا تۇرسىڭىز!

— پاتراق چوڭ بولارمەن! يەنە... ئېيتىشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ. سەن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچىغۇ، ئەمدى تېنىۋالدىڭما نېمە؟ ساڭا مەڭگۈ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن دەپ ئۆزەڭ ئېيتقانتىڭغۇ...

— مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ھەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈم كېرەك! — دېدى مىلو ئامالسىز، — ئەمىسە سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، بىراق سىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن دەپ قەسەم بېرىڭ ھەمدە مەن نېمە قىل دېسەم، شۇنى قىلىسىز!

— قەسەم... قەسەم ئىچىتىم، — دېدى لىيۇبا شۇ ھامان بىساقەت بولۇپ تۇرغان تۇرنىغا مىنگەشتى. تۇرنا يۇلتۇزلار ۋاللداپ تۇرغان دېرىزە سىرتىغا ئۆزىنى ئاتتى...

www.uyghurkitap.com

— مەھكەم يېپىشىڭ! — دېدى مىلو.

لىيۇبا مىلونى ئارقىسىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

مىلو قول شىلتىپ بۇيرۇق بەردى، تۇرنا خۇددى قەپەزدىن ئېتىلىپ چىققاندەك ئىككى ئەزىمەتنى مىندۈرۈپ ئۇچۇق دېرىزىدىن ئېتىلىپ چىقتى....

سائەت جىرىڭلىدى، بۇ سائەت ھەمىشە لىيۇبا تازا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندا ئۇنىڭ چۈشىنى بۇزۇۋېتەتتى. لىيۇبا ئويغاندى، ئۇ بىر ھازاغىچە نىمىلەرنى كۆرگەنلىگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى: تېخى ھېلىلا قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقان شەھەر ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتاتتى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاي نۇرلۇق چىمەنزارلىق ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتاتتى، يامغۇرلۇق بۇلۇتنى سۈرۈپ كېتىۋاتاتتىيۇ، قانداقلارچە ئۆز كارىۋىتىغا قايتىپ كېلىپ قالغاندۇ! دەرھال قوپۇش كېرەك ئىدى، دەرھال قوپمىسا، كىيىملىرىنى كىيمىسە، يۈز - كۆزىنى يۇمىسا، ناشتا قىلمىسا، مەكتەپكە كېچىكىپ قالاتتى.

لىيۇبا ئۇيقۇچان ئىدى، كېچىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا بۆلەكچە راھەت ئېلىپ كېلەتتى. شۇ كۈنى ئۇ يەنە ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولىدىغان كېچىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتى.

## چۈش داۋاملاشتى

ئورمانلىق ۋە كۆللەر ئۈستىدە، ئېتىز - ئېرىق ۋە دەريالار ئۈستىدە، ئاق قارغا پۈركەنگەن تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە گويا ئاق

قاردەك بىر تۇرنا ئىككى ئەزىمەتنى مىندۇرۇپ قانات قاقماقتا ئىدى.

ئىككى ئەزىمەت پايانسىز ئاق قار قوينىغا كىلىپ تۇرنىدىن چۈشتى. لىيۇبانىڭ كۆزى قاماشتى: ھەممە تەرەپنى كۈمۈش نۇر قاپلىغان ئىدى. "خەير-خوش" دىگەندەك قىلىپ، كۇر-كۇر ئاۋاز چىقتى-دە، تۇرنا كۆكتە كۆزدىن غايىپ بولدى.

— نەگە كىلىپ قالدۇق؟ — دىدى لىيۇبا.

— ئاق قار پادىشالىغى، — دىدى مىلو، — ئاڭقىرالمىدىڭىزمۇ تېخىچە؟ توڭلاپ كەتمىگەنسىز؟

لىيۇبا جاۋاپ بېرىپ بولغىچە دەرەخلەر ئۈستىدىكى قار ئۇچقۇندىلىرى چۈشۈپ ئۇلارنى قار كىمخاۋىغا ئوراپ قويغاندەك بولدى. شۇ ھامان قاياقتىندۇر زۇمرەتسىمان مۇز ئاتلار تارتقان زۇمرەتسىمان چانا كىلىپ قالدى. مىلو لىيۇبانى يېنىغا ئالدى-دە، قار-شۇرغانلىق تامانغا قاراپ يول ئالدى.

— ئاق قار پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى بىزگە بەكمۇ غەمخورلۇق قىلىدۇ، — دىدى مىلو چانىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، — قانداقمۇ ئۇنى مۇزدەك سوغاق دىيىشكە بولسۇن!

ئۇلار شۇنداق مېڭىۋەردى-دە، بىردەمدىن كېيىن قار بىلەن بىر تەن بولۇپ كەتتى. لىيۇبا ۋاقىراپ تاشلىدى:

— قارا، مىلو، ئالدىمىزدىكى... نىمە؟

— مۇز ئوردا، — دىدى مىلو، — بىز بارىدىغان جاي دەل ئاشۇ... ھەي تاڭەي، ئۇلار بىزنى قانداق كۈتۈۋالاركىن؟ مېنى ئەسلىيەلەرمۇ؟ ئالاھەزەل ئۇنتۇپ قالغاندۇر؟...

— سەن بۇرۇن بۇ يەرگە كىلىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى لىيۇبا.

www.uyghurkitap.com

— بىرقانچە قېتىم كەلگەن، — دېدى مىلو، — كەلگەن... ئېنىقراق ئېيتسام ژاركونتا دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىللە كەلگەن.

مۇزدىن ياسالغان ئالتۇن قوڭغۇراقلىق سارايدا ئاق قار خانىشى كۆيىنگىم مۇزغا چاپلىشىپ قالمىسۇن دەپ مۇز ئورۇنلۇغىدىن پات-پات قوزغىلىپ قوياتتى. خانىش ئاق قار پادىشالىغىنىڭ پادىشا ئىرى بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇراتتى. خانىش ئاق كۆرپە جۇۋىسىغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، توختىماي ھەپچۇش قىلىپ تۇراتتى، پادىشا ئۇنىڭغا ئەپچىللا ئاق قولياغلىق سۇناتتى.

قار ئۇچقۇندىلىرى مۇز تېيىلىش مەيدانىدىكى مۇز مەيدانغا ئوخشاش مۇز مەيداندا ئەپچىل سازغا جورا بولۇپ خىلمۇ-خىل سىياقتا ئۇسۇل ئويناماقتا ئىدى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىم؟ — دېدى پادىشا خوتۇنىغا ئۇدۇل كېلىۋاتقان مىلو بىلەن لىۋۇبانى كۆرسىتىپ، — جىم، توختاپ تۇر... ھە، ژاركونتا دۆلىتىنىڭ ئەپتەرى مىلوغۇ دەيمەن! ئېسىڭگە كەلگەندۇ خېنىم؟ دەل شۇنىڭ ئۆزى...

— ياق، ھەرگىز ئەمەس! — دېدى خانىش، ئاندىن مۇز دۇربۇننى ئېلىپ قارىدى-دە، — توغرا جېنىم، توغرا دەپلا، مىلودەك تۇرىدۇ... بىراق شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچبىر ئۆزگەرمەپتۇ! يەنىلا بۇرۇنقىدەك چەبدەس، ياش تۇرۇپتۇيا! ئەلۋەتتە، مىلونىڭ ئۆزى،... ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىزچاق كېلىۋاتىدۇغۇ! ھەپچۇش!

پادىشا ئۇنىڭغا ئەپچىللا قولياغلىق سۇندى.

مىلو بىلەن لىۋۇبا پادىشا ئالدىغا كەلدى.

— ئۇبدان تۇرغانلا پادىشا ھەزرەتلىرى! — دېدى مىلو تەكەللۇپ بىلەن سالام بېرىپ.

— ھارمىغايسىز، ئۇزاق يىللار غايىپ بولغان كىشى! — دېدى پادىشا مىلونىڭ دولىسىنى پوپۇلاپ، — بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە قانچە يىللار بولغاندۇ؟ ئۇزاق يىللار بولدى! بۇ سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟

— ياق، بۇنىڭ ئىسمى لىۋبا، مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ، — دېدى مىلو.

لىۋبامۇ تازىم قىلدى، بىراق ئەزەلدىن پادىشا دېگەننى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھودۇقۇپ كېتىپ، ئانچە تەكەللۇپ بىلدۈرەلمىدى.

— ماڭا يېقىن كەلمەڭ قىزچاق! مەن قاتتىق زۇكام...، — دېدى خانىش ئىتتىكلا ھەم ياغلىق بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى.

— مىلو دوستىڭىزنى، توغرىسىنى ئېيتسام، مەھبۇبىڭىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خوش بولدۇق، — دېدى پادىشا بوم ئاۋاز بىلەن، — راستىمنى ئېيتسام، مەن ئۇششاق باللار بىلەن مۇئامىلە قىلالمايمەن، چۈنكى مەن ئۇلارنى چۈشەنمەيمەن. ئېيتىڭا، شۇنچە يىللاردىن بۇيان نەلەردە يۈردىڭىز؟ ئەمدى يەنە نەگە بارماقچى؟

— ژاركونتا دۆلىتىگە!

— ژاركونتا دۆلىتىگە؟! — دېدى پادىشا ھەيران بولۇپ.

— ژاركونتاغا بارامسىز، — دېدى خانىش چۆچۈپ كېتىپ.

— ھەئە، — دېدى مىلو كەسكىن ھالدا، — ۋەتىنىمنى ئازات قىلىمەن، مەھبۇبىممۇ شۇ يەردە...

— باتۇرانە ئىرادە! — دېدى پادىشا بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇ يەردە سىزنى قانداق ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — پادىشانىڭ تاجى قىڭغىيىپ قالدى.

— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! مەن ئەسكەرغۇ؟

— بىز بىلەن بىللە ئۆتۈڭ، بىزمۇ بەك زېرىكىپ كەتتۇق، —

دېدى خانىش يىغلىنىپراق.

— بۇ يەر بەك سوغاق ئىكەن، — دەۋەتتى لىيۇبا ئۈدۈلىغىلا.

— مەن ئۆزەممۇ مۇزدەك قېتىپ قالاي دېدىم، بەزىلەر سوغاقـقا چىداش قىيىن دەيدىكەن، — دەپ لىيۇباغا پىچىرلىدى خانىش. — ئاق قار پادىشاسىغا ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى مەن قۇياش پادىشالىغىنىڭ مەلىكىسى ئىدىم. باشقىلار تونۇشتۇرغانتى،... بۇ كىشى دەسلەپتە مۇھەببەت ئوتىدا ئېرىدى، كېيىن يەنە مۇزدەك قېتىپ قالدى. زۇكامدىن ھازىرغىچە قۇتۇلالمىدىم، نىمە قىلىشىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، ھەپچۈش!

پادىشا ئاپپاق قول ياغلىقنى تەكەللۇپ بىلەن سۇندى.

— ماڭا بىزە ياردەم قوللىرىنى سۇنسىلا قانداق بولاركىن پادىشا ھەزرەتلىرى، — دېدى مىلو خۇددى كونا يارانلەردەك سەممىمىيەت بىلەن.

پادىشا بېشىنى قاشلىۋىدى، تاجى يەنە قىڭغىيىپ قالدى.

— بولامدۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى مىلو.

— شۇنداق بولغان بولسا بولاتتى... لېكىن ئۇنداق بولۇشى ناتايىن! — دېدى پادىشا، — ئەڭ پەسكەش چاشقان پادىشاسى ژاركونتاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇلار بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىدۇق. بىز ئۇلارنى مۇز بىلەنمۇ تەمىنلىمەيمىز، ئويلاپ كۆر، ئەھۋال شۇ قەدەر ناچارلىشامدۇ؟

— شۇنداق بولارنى مەن ئويلىغان، — دېدى مىلو.

— شۇنداق بولسىمۇ چامامنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىمەن.

پادىشا غاچچىدە قوزغىلىپ، ئورۇندۇقتا چاپلىشىپ قالغان ئىشتىنىنى ئاجراتتى.

— ئاق قار پادىشاسى ھەزرەتلىرى مېنىڭ ئەھۋالىم ئۆزلىرىگە ئايان، شۇنچىكىلا ھە ـ پە دەپ قويسىلا ماڭا كۆپ مەدەت بولاتتى، — دېدى مىلو.

— مەن سىزنى خەتەردىن... ۋە كۆلىپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن! لېكىن بۇنىڭ ۋاقتى قىسقا... يەنە كېلىپ بەكمۇ قىسقا! مەن سىزگە سېھرى بەكمۇ كۈچلۈك بىر تۇمار تەقدىم قىلىمەن. مەندە تۇمار ئاز قالدى. لېكىن ماۋۇ چوڭىنى سىزگە بېرەي!

پادىشا قولىنى سىلكىۋىدى، خۇددى مۇز تۇۋرۇككە ئوخشايدىغان بىر مالاي كەلدى، پادىشا ئۇنىڭغا بىر نىمىلەرنى دېۋىدى، مالاي دەرھال مۇز كەش كىيىپ ۋەزىپە ئورۇنداشقا تېپىلىپ كەتتى.

— ھەزرەتلىرى نىكولاسنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپىلىمىكىن؟ — دەپ سورىدى مىلو قىزىقىپ.

— پادىشانىڭ رەڭگى ئۆچتى، چېچىلىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىغا بىر ئىگىشىپ مۇزغا چاپلىشىپ قالغان ئىشتىنىنى مۇزدىن ئاجراتتى.

— نىكولاس تۈگەشتى، قاتتىق مەغلۇپ بولدى. مەغلۇپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چاشقانلار پادىشاسىنىڭ جادۇسىغا ئۇچراپ كەتتى. چاشقان پادىشاسى ژاركونتا دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى پادىشاسىنىڭ شىلىلىسىغا مىندى، ئۇ نىمە دېسە شۇنى قىلىدۇ. چاشقاننىڭ قۇيرۇغى قايسى تەرەپنى كۆرسەتسە، بىچارە نىكولاس شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. چاشقان پادىشاسى نىكولاستىن پايدىلانىدى... قىسقىسى، ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق!

— مەن ئۇنىڭ سېھرىسىنى كۈچىدىن قالدۇرۇپ، چاشقان پادىشاسىنى يوقىتىمەن، — دېدى مىلو غەزەپ بىلەن.

— يول خەتەرلىك تۇرسا، نىمىشقا بىر كىچىك قىز بالىنى ئەگەش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالدىڭىز؟ ــ دېدى پادىشا خانىش بىلەن پىچىرلىشىۋاتقان لىيۇ بانى كۆرسىتىپ.

ــ بۇ قىزچاق مەندىن زادىلا ئايرىلمايدۇ! ــ دېدى قاتتىق ئىشەنچ بىلەن.

ــ ئۇنداق بولسا، سىزگە بىرنى ئەمەس، ئىككىنى بېرەي!

پادىشا مۇز تۇۋرۇك مالايىنىڭ قولىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈك بىر قۇتىنى ئالدى. قۇتىنىڭ ئىچىدە خۇددى ھەسەن-ھۈسەندەك نۇر چېچىپ تۇرغان رەڭمۇ-رەڭ مۇز ئۈزۈكلەر تۇراتتى.

پادىشا قۇتىدىن ئىككى ئۈزۈكنى ئالدى. ئالدى بىلەن كۆك رەڭلىك ئەڭ چوڭ بىر مۇز ئۈزۈكنى ئالدى-دە، ئويلىنىپراق سەل كىچىك يېشىل رەڭلىك يەنە بىر مۇز ئۈزۈكنى ئالدى.

بۇ ئىككى تال ئۈزۈكنى مىلوغا بېرىۋېتىپ:

ــ ئېلىڭ، بۇ مېنىڭ تۇمارىم! بۇ ئۈزۈكلەر بالايى-ئاپەتنى بەختكە ئايلاندۇرىدىغان غەلىتە سېھرىي كۈچكە ئىگە، ئەلۋەتتە قولغا سالغاندا. لېكىن بۇ ئۈزۈكلەر مۇزدىن ياسالغان بولۇپ، سېھرىي مۇز ئادەتتىكى مۇزدىن ئاستا ئېرىسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇ بەرىبىر ئېرىپ كېتىدۇ! شۇڭا ئۇ كۈچىنى دەل ۋاقتىدا ئىشلىتىش كېرەك، ــ دېدى...

ــ ھازىرلا سېلىۋالسىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى مىلو.

ــ ھەرگىز، ــ دەۋەتتى پادىشا، ــ مەن سىلەرگە بىردىن قۇتا بېرىمەن. ئۈزۈكلەرنى قۇتىغا سېلىپ قويۇڭلار. ئۇ ئىككى مۇزلاتقۇچ قۇتا، ئۈزۈكلەر ئېرىمەيدۇ... لازىم بولغاندا ئېلىپ سالسىلەر. شۇنداق چاغدىلا سالسىلەر! زادى ئىلاج بولمىغاندا يەنە سالسىلەر!

ــ سېلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇزلاتقۇچقا سېلىپ قويىمىزمۇ؟

— دەل شۇنداق، ئەقىللىقتە سەن! — دېدى پادىشا مىلونىڭ دولىسىنى پوپۇلىتۇپ، تاجى يەنە قىڭغىيىپ قالدى.

— تۇمارنى ئوبدان سىلىڭلار، — دېدى پادىشا مالايغا، — مالاي تۇمار بىلەن قۇتىلارنى ئېلىپ كەتتى.

— ئۇقۇۋالغانسىز، — دېدى پادىشا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چوڭراغى سىزنىڭ، كىچىگرەكى دوستىڭىزنىڭ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەھبۇبىڭىزنىڭ... مۇئامىلەمنى كۆرگەنسىز، ھېچنىمىنى ئايىمىدىم. چۈنكى سىز ھەقىقى ئەسكەر، مەن ھەربىلەرگە قول قويىمەن. ئەگەر ئاق قار پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى بولمىغان بولسام، بۇ كەمگىچە سەركەردە بولغان بولاتتىم! ئېھتىمال سەردارمۇ بولۇپ قالاتتىم تېخى! ياكى شۇنداق مەرتىۋىگە ئىگە بولغان بولاتتىم.

شۇ ئەسنادا مالاي مۇز لىگەندە ئىككى قۇتىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشا ئۇنى مىلوغا سۇندى.

— مەن ھەزرەتلىرىنى، مېھرىۋان ھەزرەتلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، — دېدى مىلو پادىشاغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى خانىش ئېرىگە، — ھەممەيلەن سىلىنى مېھرىۋان ھەزرەتلىرى دېگەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، — ھە! بۇ سۆز ئاق قار پادىشاسى ھەزرەتلىرى دېگەنگە قارىغاندا بەكمۇ خۇش ئاڭلىناتتى! سۆزىڭىز مەنىسىمۇ ئۆزلىرىگە بەك مۇناسىپ كېلىدۇ...

— توغرا ئېيتتىلا، — دېدى پادىشا، — گەرچە خانىش ھەپچۇش دېمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياغلىق سۇندى-دە، ئۆرۈلۈپ مىلودىن:

— ژاركونتاغا قايسى يول بىلەن بارماقچى؟ — دەپ سورىدى.

— قەن-گېزەك پادىشالىقىدا بىر يېقىن يول باردەك قىلاتتى،

www.uyghurkitap.com

شۇنداقمىكى؟

پادىشا ئويلىنىپ قالدى:

— بۇ يولمۇ بەك خەتەرلىك! سىلەر شىرىنلىكى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ دۆلەتتىن مۇمكىن قەدەر ئاياق باسماي ئۆتۈپ كېتىڭلار. مەن بۇ دۆلەتنى زىيارەت قىلغاندا پۇرچاق قەن ـ گېزەكلىرىنى كۆپ يەۋەتكەن ئىكەنمەن، ئىككى ھەپتىگىچە يۇرىكىم قىسىلىپ ئاۋارە بولغانتىم.

— بىز ئۇ يەردە ھايال بولمايمىز، — دېدى مىلو ۋەدە قىلغاندەك، — قايسى تەرەپ بىلەن، نېمە بىلەن ماڭسا بولىدىغانلىقىنى سورىغاچ ئۆتۈپ كېتىمىز. بىز بۇ يەرگە تۇرنا بىلەن كەلگەن، تۇرنا كېتىپ قالدى...

— بىز ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى پادىشا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، — بۇ ئىشقا مەن ھۆددە. سىلەر مەرۋايىت قۇلۇلىسى قېپى قېيىقىغا ئولتۇرۇپ مېڭىڭلار. مەن ئەڭ ياخشى مەرۋايىت قۇلۇلىسى قېپى قېيىقىمنى سىلەرگە بېرىپ تۇراي.

— رەھمەت، مېھرىۋان ھەزرەتلىرى!

مەرۋايىت قۇلۇلىسى قېپى قېيىقى ئەيىنەكتەك سىلىق قېتىپ كەتكەن مۇز ئۈستىدە ئۇچقاندەك يۇرۇپ كەتتى ـ دە، ھايت ـ ھۇيت دېگىچە بىر باشقا چىقىپ كۆپ ـ كۆك سۇغا چۈشتى. مىلونىڭ مۇز سانچىغى پالاقتا ئايلىنىپ قالدى. لىۇبا قولىنى خۇددى قېيىق سىرتىغا چىقارغاندەك قۇلۇلە قېپى سىرتىغا چىقاردى:

— سۇ، نېمە دېگەن ئىللىق سۇ، مىلو! سۇ نېمە بولدى؟

سۇ قويۇقلىشىپ كەتكەن ئىدى، كۆكۈش رەڭلىك سۇ بارا ـ بارا ساغۇچ مەلھەمگە ئايلاندى.

— ئاغزىڭىزغا ئېلىپ تېتىپ بېقىڭا! — دىدى مىلو مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، پالاقنى ئويىنىتىۋەردى.

ليۇبا ھۆل بولۇپ كەتكەن قولنى يالاپ تېتىپ باقتى.

— ھەسەل... نىمە دىگەن مىزىلىك! سەنمۇ تېتىپ باققىنا مىلو!

— چولام يوق، بارىدىغان يەرگە ئاز قالدۇق! — دىدى مىلو، — قەن ـ گېزەك پادىشالىقىغا كەلدۇق. قارىڭا، ئاۋۇلارنىڭ ھەممىسى شوكلات دەرىخى!

ليۇبا ھاياجانلىنىپ كەتتى. كېتىۋاتقان كېمىدە تۇرۇپ بىر تۇپ شوكلات دەرىخىنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ، ئۇچىدىن بىر چىشلەپ ئۈزۈۋالدى.

— ياڭاق شوكلات دەرىخى ئىكەن، — دەۋەتتى ليۇبا، — قولنى يەنە شاخقا ئۇزاتتى.

— بولدى ـ ھە! — دىدى مىلو ئۇنى توسۇپ، — ئەگەر ئۇچرىغانلا دەرەختىن بىر تال شاخ ئېلىپ ئاغزىڭىزغا سېلىۋەرسىڭىز، جەزمەن ئاغرىپ قالىسىز! ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن؟

— مەن بۇ دۆلەتتە بىر مەزگىل تۇراي دەيمەن، — دىدى ليۇبا ئۇرغۇغان ھىسسىياتىنى بىلدۈرۈپ ئاستاغىنا.

— ھازىرلا زېرىكسىز! ساپلا قەن ـ گېزەك يىيىش سالامەتلىككە زىيانلىق... يەنە كېلىپ بىردەمدىلا سەسكىنىسىز.

قۇلۇلە قېپى قىيغى ھەسەل دەرياسىدا بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈشكە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئوردا پەيدا بولدى. بۇ ئوردا يىراقتىن قارىغاندا گويا توغۇلغان كۆن ئۇچۇن ئاتاپ ياسالغان چوڭ تورتقا ئوخشايتتى.

— قارىغىنا مىلو! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ليۇبا، — ئانى... مۇ يىگىلى بولامدۇ؟

— ئۇنى يېيىش خەتەرلىك! — دەپ كۈلۈپ كەتتى مىلو، — بۇ ئوردا بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل بۇرۇن سېرىق ماي، مۇراببا ۋە ناۋات بىلەن ياسالغان؛ سېرىق ماي كونىراپ قالغاندۇر، مۇراببا بىلەن ناۋاتمۇ قېتىپ كەتكەندۇر.

قۇلۇلە قېپى قېيىغى قاشقا تاقالدى. ليۇبا قاشقا چىققاندىن كېيىن ئاتايىن ئېگىشىپ بېرىپ سېرىق بەرگىمىلىك بىر تال گۈلنى ئۈزۈۋالدى. گۈلنىڭ دەستىسى قاس قىلىپ سۇندى، ليۇبا تېتىپ باقتى...... بۇ بەئەينى قىيمىلىق كەمپىتتەك ئاچچىق-چۈچۈك ئىدى. قارىسا، لىمون گۈلى ئىكەن.

مىلو ئۇنى قاتتىق ۋاقىراپ چۆچۈتتى:

— ئەگەر سىز "شېكەر كېسىلى" بولۇپ قالسىڭىز، دوختۇردا ياتماي ئىلاج يوق.

مىلو بىلەن ليۇبا ئوردىغا قاراپ يول ئالدى، قۇم ئورنىدا تۆكۈلگەن شېكەر تېمىپ تۇرغان ياغاق دەسسىگەندە تاراق-تاراق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. ئەتراپ خۇددى قەن-گېزەكلەر تىزىۋېتىلگەن چوڭ ماگازىنلارنى ئەسلىتەتتى: يول قاسناقلىرىدىكى دەرەخلەردە شىرنىسى تېمىپ تۇرغان مېۋىلەر شاخلارنى ئېگىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇزاق ماڭمايلا قاراۋۇلسىز ئوردىغا كىردى.

ئوردىنىڭ ئىچىدە يەرگە ئىسسىل پېچىنلەر گىلەمدەك ياتقۇزۇلغان، تاملار سۈتتەك مىلىق-مىسلىق قىلىپ تۇرىدىغان يۇمشاق كەمپىتلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى.

لەنخۇا گۈلى، قوۋزاق داچەن ۋە مېۋە پۇراقلىرى ليۇبانىڭ

دىمىغىغا ئۇرۇلۇۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ، باشلىرى قېيىپ كەتتى. لېكىن ئۇ چىشنى چىشىغا چىڭ چىشلەپ مىلونىڭ ئارقىسىدىن دەمبەس قەدەم ماڭدى.

قەن-گېزەك پادىشالىغىنىڭ ئايال پادىشاسى II ئالما مۇۋىسىدىن ئىشلەنگەن يۇمشاق ساپادا يېنىچە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ كانسىرۋا قىلىنغان سۈت ئىچىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بىراۋ كېلىپ:

— ئىككى يات ئادەم كۆرۈشەتتۇق دەيدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن، — دىدى ئايال پادىشا.

مىلو بىلەن لىۋبا ئىچكىرى كىردى.

مىلو ئايال پادىشا بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، لىۋبا ئورۇندۇقنىڭ تۇتقىسىنى تۇيدۇرماي ئۇشتۇپ-ئۇشتۇپ يېۋالدى. ئورۇندۇقنىڭ تۇتقىسى پېچىنىدىن ئىشلەنگەن ئىدى.

— گەپ شۇ، قەن-گېزەك ئايال پادىشاسى ھەزرەتلىرى، — دىدى مىلو گېپىنى ئاياقلاشتۇرۇپ. — مەن ژاركونتاغا بېرىشقا بەل باغلىدىم!

— قىز ھەمرايىڭىزچۇ؟

— مەن بىلەن بىللە بارىدۇ.

— بۇ قىزچاق مۇشۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىت تۇرۇپ تۇرسا بولىدۇ، — دىدى ئايال پادىشا II، — كىچىك باللارنىڭ قايسى قەن-شېكەرگە ئامراق ئەمەس دەيسىز؟ بۇمۇ تېخى بالا-دە...ئۇ بۇ يەرگە كۆنۈپ قالىدۇ. مەندە كونا ئورۇندۇق تۇتقىسىدىنمۇ تاتلىق نەرسە بار تېخى جۇمۇ!

— بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ...ئېھتىيات قىلماپتىمەن، — دىدى

لېۋبا ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بىلەمسىز؟ — دېدى مىلو ئاستالا لېۋباغا، — ئايال پادىشانى نىمە ئۈچۈن قەن-گېزەك II دەيدۇ؟

— نىمىشقا؟

— سەۋەبى، قەن-گېزەك I سىز بولىسىز-دە!

— ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇشى كېرەك! — دېدى ئايال پادىشا مىلونىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قالغاندەكلا لېۋبانى تىنچلاندۇرۇپ، "سىز" — دېدى بۇرۇنقى ياڭاق چاقىقۇچىقا، — بۇ بالىنى خېيىم-خەتەرگە ئېلىپ بارماڭ؛ مېنىڭ ئېلىمدە چاشقان يوقتىلدى. چاشقانلار ژاركونتا دۆلىتىگە بېرىۋېلىپ مەيلىچە يۈرىۋاتىدۇ. يەيدىغان نەرسىلەرنى قالدۇرماي يەپ تۈگەتتى.

— چاشقاندىن قورقمايمەن، — دېدى لېۋبا بىردىنلا ھەم ئۈچۈرۈلۈپ كەتكەن پېچىنە ئورۇنىدۇق يېنىدىن يىراقلاپ تۇرۇپ، — مىلو بىلەن بىللە بارىمەن!

— ئۇ چوقۇم بارسۇن، — دېدى مىلو جەزىملەشتۈرۈپ.

— مەن مۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلمايمەن...دېدى قەن-گېزەك II ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

مىلو گەپنى بۇرىماقچى بولدى:

— قەن-گېزەك ئايال پادىشاسى ھەزرەتلىرى، ژاركونتا تەرەپتىن خەۋەر تاپالىدىمۇ؟ دىمەكچىمەنكى، ئىكولاستىن خەۋەر-ئۈچۈر بارمۇ؟

ئايال پادىشانىڭ تەرى تۈرۈلدى.

— مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقارغۇچى بولىماڭ! ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا رەپىقە بولۇشقا قانداقمۇ رازى بولغانلىقىمنى ھازىر

ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. مەندىن ئۆتكەن قورقۇنچلۇق خاتالىق...ئۇنىڭ بۇنداق ۋىجدانسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغان ئىكەنمەن! چاشقان پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى ئۇنىڭ شىللىسىغىلا ئەمەس، بەلكى كاللىسىغا مىنىۋالدى، ئۇ ئەقىلدىن پۈتۈنلەي ئازدى. نىمىسىنى دەيسىز، نىكولاس بۇرۇنقى نىكولاس ئەمەستە!

— مېنىڭ ئالدىراۋاتقىنىم دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى مىلو قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

— ئويلاپ باققانمۇسىز، — دېدى ئايال پادىشا، — ئۇمۇ باخشى بولۇپ كەتتى، باشقىلارغا ماقۇللىشىپ قويغان ئايالنى ئالماقچى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرنى ياغاچ قونچاققا، زوۋانسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇ كۆز ئالدىمىزدا بولغان ئىشقۇ!

— قېنى قانداق بولىدىكىن، كۆرەيلى! — دېدى مىلو دېمىنى بېسىپ.

— ئەگەر مالال كۆرمىسەڭلار، — دېدى ئايال پادىشا، — بىزدە. بىر كىچە بولۇڭلار، بىز قەن-گېزەك بەزمىسى قىلىمىز، مېنىڭ ئۇستىكارلىرىم كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

— توۋرغ چىلىك تاقىتىمىز قالمىدى، — دېدى مىلو ساھىپخانىغا رەھمەت بىلدۈرۈپ.

ئايال پادىشا تاقاشمىدى، بىراق:

— مەن سىزگە قانداقراق ياردەم بېرەلەرمەنكىن؟

— بىزنى ژاركونتا چېگرىسىغا ئاپىرىپ قويسىڭىزكەن، — دېدى مىلو.

— ئامالىمىنىڭ يېتىشىچە! — دېدى قەن-گېزەك پادىشاسى II، — ئات هارۋام سىلەرگە تەسەددۇق، ئۇنى ئاخشاملا خېمىردىن پىشۇر-

غان ئىدۇق.

— يولدا چۈۋۈلۈپ كەتمەس؟ — دەپ سورىدى ملو.

— خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، — دىدى ئايال پادىشا سەل ئۆكۈپ غەزەپلەندى. — ئات ھارۋىسىنى ئۇستىكارلىرىم پۇشۇرغان.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئورۇنسىز چاخچاق قىلىپ ساپتىمەن…، — دىدى ملو چوڭقۇر بىر تازىم قىلىپ.

قەن ـ گىزەك پادىشاسى II نىڭ ئاچچىغى ياندى:

— يول خىيتىڭلار يوق ئىكەن، چىگىرىدا مۇشۇك ياپىلاقلار قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، قانداق ئۆتىسلەر؟

— رۇخسەت قىلغايسىز، — دىدى ملو، — بىز كېچىدە يولغا چىقساق، مۇشۇك ياپىلاق كۈندۈزى ئۇخلايدۇ!

— ئۇمۇ ئۇخلاپتۇ، — دىدى ئايال پادىشا، — بىلىنەر ـ بىلىنمەس، — ليۇبا يەپ بولغان ئورۇندۇق يېنىدا تۈگۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇ تۇغما ئۇيقۇچان ئىدى…لېكىن بۇ دۆرەم ئۇ بەكمۇ ھېرىپ كەتكەن ئىدى.

قاپ ـ قاراڭغۇ كېچە، ملو بىلەن ليۇبا بىتاقەت.

— مەن نىمە قىلىڭ دىسەم شۇنى قىلىسىز، — دىدى ملو پىچىرلاپ.

— دىگىنىڭچە بولسۇن، — دىدى ليۇبا تېخىمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

— شەپەرەڭ چىگرىغا پەخەس بولىۋاتىدۇ. ئۇچۇپ كەلسە، شەپەسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. مۆكۈنەيلى…ئەگەر ئۇلار سىزىپ قالمىسا، تاڭ سەھەردە دەرھال چىگرىدىن ئۆتىمىز. مەن بىلىدىغان خەتەرسىز بىر يول بار. ئاگاھ بولۇڭ، ئۇچۇپ كەلدى،….

ئاسماندا قانات ئاۋازى ۋە قورقۇنچلۇق چىر ـ چىر ئاۋاز كەلدى.

لىۇبا قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى ـ دە، تولگولۇپ يەرگە يىتىۋالدى.
شەپەرەڭلەر توپلىشىپ ئۇچۇشتى، كىيىن تارقىلىشتى، ئاندىن يەنە توپلاشتى. ئۇلار ھەددى ـ ھىساپسىز كۆپ ئىدى. كۆپلۈگىدىن يۇلتۇزلارنى توسۇۋالدى.
ملو بىلەن لىۇبانىڭ تىنىغى گويا توختاپ قالغاندەك بولدى.
نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق! غۇژ ـ غۇژ ئاۋازلار بارغانسىرى يىراقلاشتى.
ـــ يوقالدى، ـــ دىدى ملو پىچىرلاپ، ـــ دىمەك، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى. ئەمدى كۈندۈزلۈك مۇھاپىزەتچىلەر شەپەرەڭ نۆۋەتچىلىگىنى يۆتكەشكە كىلىدۇ، بىراق ئاڭغىچە بىز خىلى يەرگە بىرىپ بولىمىز. تۇرۇڭ لىۇبا! ئەمدى ماڭىلى!...
ئۇلار چاتقاللار ئارىسىدا يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ ئالدىغا قاراپ مىڭىۋەردى.

لىۇبا ئويغاندىيۇ، بىر ھازىغىچە كۆزىنى ئاچالمىدى. چۈشىدىكى ۋەقە گويا كۆز ئالدىدا ئىدى...
ناشتىدا ئۇ ھاڭۋاقتىلىق قىلغاچقا، ئاپىسى ئەنسىرەپ قالدى:
ـــ نىمە جىمىقىپ كەتتىڭ؟ بىر يىرىڭ ئاغرىمدۇ ـ يە؟
لىۇبا سۈتنى ئىچىپ بولغىچە مىت قىلمىدى. سۈتنى ئىچىپ بولغاندىن كىيىن:
ـــ سىز يول خىتىسىزلا چىگرىدىن ئۆتەلەمسىز؟ ـــ دىدى.
بۇ گەپتىن قورقۇپ جان ـ پىنى چىقىپ كەتكەن ئانا "توۋا" دىگەندەك كۆكسىنى سىلىدى.
ـــ قىزىتماڭ ئۆرلەپ قالدىمۇ، تىمپىراتۇراڭنى ئۆلچەپ باقاي، ـــ

دىدى بالام ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئويلىغان ئانا.— سىنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇن قانداق كىتاپ ئوقۇغانلىغىڭنىمۇ سۇرۇشتۇرۇش كېرەك...

— بۇ يەردە مېنى چۈشىنىدىغان ئادەم يوقكەن،— دېدى لىيۇبا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بۇلارغا كېرەكمۇ ئەمەسمەن...

ئاخشىمى ئۇ يەنە بالدۇرلا يېتىۋالدى، مىلو بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ كەتتى...ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى!

## چۈش يەنە داۋاملاشتى

ئوردىسىدىكى داق ئۇرۇلۇپ، چۈش بولغانلىقتىن بىشارەت بېرىلدى. شەھەر مەيدانىدا ياش ئەپىتسەر ھەمرالىغىدا كېتىۋاتقان بىر قىزچاق پەيدا بولۇپ قالدى.

قارىماققا، ژاركونىتا دۆلىتىنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك تۇراتتى. دۇكانلار بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى، چۈشتە ھەممىسى ئىشىكلىرىنى تاقىشىپ دەم ئېلىشاتتى. بۇ چاغدا كوچىلاردا ئادەم ئازىيىپ قالاتتى، ئۇلار ئۆز ئەمەلى بىلەن بولۇشاتتى. كۆلكە ئاۋازى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ناخشا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، ھەتتا خەقلەرنىڭ ئادەتتىكى گەپ-سۆز ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى.

چاشقان پادىشاسىنىڭ مالايلىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى شەھەرنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنى بايقاش قىيىن ئىدى: ئۇلار قاخشال بولۇپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ كامالىرىغا پەرق ئەتكۈسىز ھالەتتە سوقۇنۇۋالاتتى، شەھەرلىك مۇختارىيەت ئىدارىسىنىڭ ئېگىز بىناسىنىڭ ئەيلىك جايلىرىغا يوشۇرۇناتتى، ئۆگزە كاھىشلىرىنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالاتتى. لېكىن، سەپ سېلىپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ۋەھشى

كۆزلىرىدىن ئۇلارنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

— قارا ملو! ئۇلارنىڭ قانچە ئادىمى باردۇ؟ ھەممە يەردە باركەن...كۆردۇڭمۇ؟

— كۆردۇم...بىزنى سېزىپ قالمىسۇن!

— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟

— مەن بىر تونۇش ئادەم تاپسام بولاتتى، بىرى بولسىمۇ مەيلىتى! — دىدى ملو ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ قاراپ.

سۆەت-سۆەتلەردە مۆە-چۆە ۋە كۆكتات باسقان بىر ھارۋا بىر كوچىدىن چىقىپ مەيدانغا چىقىپ كەلدى. بىر تىجارەتچى كەمپىر قۇلاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن بىر ئېشەكنى ھەيدەپ كەلدى. قامچا تەگسە، ئېشەك خۇددى نەس چېۋىندىن بىزار بولغاندەك، ئىگىسىگە سىڭا كۆزى بىلەن ئالىيىپ قوياتتى.

بىردىنلا دەھشەتلىك قانات ئاۋازى ۋە قورقۇنچلۇق غىژ-غىژ ئاۋاز كەلدى-دە، شەپەرەڭلەرتەرەپ-تەرەپتىن خۇددى ئولجىغا چۈشكەن مالغا ئېتىلىپ كەلگەندەك ئۇچۇپ كېلىپ، ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى ھايت-ھۇيت دىگىچە قۇرۇتۇۋېتىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە غايىپ بولۇپ كەتتى.

ملو بىلەن ليۇبا بۇ ئەھۋالنى بىر تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرۇپ كۆزەتتى.

شۇ ئەسنا قۇلاقنى يېرىۋەتكۇدەك بىر دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى-دە، قاناتلىرى تىزىلغان مۇھاپىزەتچىلەر مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، توختىماي ئۆز ئىزىغا دەسسەپ تۇردى. ئۇلارنىڭ چىرايى

www.uyghurkitap.com

مۇردىدىن پەرقسىز ئىدى. دۇمباقچى دۇمباقنى توختاتمىدى. غەلىتە ئىش، بۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ قورال ئاسمىغان ئىدى.

— بۇلار مېنىڭ ئاغىنىلىرىم، — دېدى مىلو تۇنىلۇك ئاۋاز بىلەن، — مەن ئۇلارغا قوماندانلىق قىلغان ئىدىم. سىز بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ...

گېپى تۈگە-تۈگمەيلا قاتارغا قوشۇلدى، بىر-ئىككى قەدەم مېڭىپ، يېنىدىكى ئادەمگە:

— پولى! پولى! مەن... كاپىتان مىلو، قايتىپ كەلدىم...

ئەسكەر پولى گەپ قىلمىدى، ئىپتىمال مىلونىڭ ئاۋازىنى دۇمباق ئاۋازى بېسىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر ئەسكەرگە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ران، ران! قانداقراق تۇردۇڭ؟ بالا-چاقىلىرىڭ تېچلىقمۇ؟ باللار چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟ مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ مەن مىلو... كاپىتان مىلو!

ئەسكەر رانمۇ گەپ-سۆز قىلمىدى.

بۇ چاغدا مىلو ئەڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان ئەسكەر بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى.

— زاك، زاك! نېمە بولدى سىلەرگە؟ مېنى تونۇمايۋاتىسىلەرغۇ؟

— مەن بىر قاراپلا تونۇغان ئىدىم، كاپىتان سىزنى! — دېدى زاك مىدىر-سىدىر قىلمايلا.

— شۇنداقمۇ؟ تونۇدۇڭ؟ ئەمدى ئوبدان بولدى! مەن سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن. زاك... قوراللىرىڭلار نەدە؟

— ھازىر قولىمىزدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇغىمۇ يوق، — دېدى ئەسكەر

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەسكەرنىڭ دۈمبىسىگە قاراپ، — مىلتىغىمىز بىلەن خەنجەرلىرىمىزنى يىغىۋېلىپ ئىسكىلاتقا سولاپ قويدى، ئەمدى تارقاتمايدىغان بوپتۇ...ئامبارنى چاشقان پادىشاسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ساقلايدۇ.

— نىمە دەپ...قورالىڭلارنى تارتقۇزۇپ قويدۇڭلار؟ سىلەر ئەسكەر تۇرساڭلار! — دىدى قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا غەزىۋىنى باسالماي.

— بىزنى ئەسكەر دىگىلى بولامدۇ؟ بىز مانا مۇشۇ تۇرقىمىز بىلەنلا قالدۇق، يەنە دۈمباقچىمۇ قالدى! — دىدى ئەسكەر زاك دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — نىكولاسمۇ بىزنى قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ تېخى بىزگە باش قوماندان بولغان!

— نەگە بارماقچى سىلەر؟ — دىدى مىلو قىزىقىپ.

— ھېچنەگە! — دىدى ئەسكەر، — ئەتىدىن - كەچكىچە شەھەرنى ئايلىنىمىز. بىزنى شەھەر خەلقىغە كۆرسەتمەكچى. چاشقانلار بىزنىڭ قارشى چىقىش غەرىزىمىزنىڭ بار - يوقلۇغىنى كۆرۈپ باقماقچى. چاشقانلار بىزگە قاراۋاتىدۇ، ئۇلار سېزىپ قالغىچە ئۆزىڭىزنى چاققان چەتكە ئېلىڭ!

— قارا، زاك؟ — دىدى مىلو سەپتىن زادىلا ئايرىلماي، — ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ ھەننىۋاسىغا كاپىتان مىلو قايتىپ كەپتۇ، بىز بىلەن بىللە بولىدىكەن، دەپ ئېيت! سىلەر مىلتىق ۋە خەنجەرلىرىڭلارنى باشقىدىن قولىڭلارغا ئالىسىلەر، باشقىدىن شەرەپلىك جەڭچى بولىسىلەر، ئېسىڭدە بولسۇن جۇمۇ!...

مىلو سەپتىن چىقىۋېلىپ ئەسكەرلەر يىراقلاپ كەتكىچە قاراپ تۇرغاچ بىر نىملەرنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا

ليۇبا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— قايتىپ كېلەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، — دەپ بىر ئۇھ تارتتى ليۇبا.

— شۇنداقمۇ ئويلامدىكەن! — دېدى مىلو يېنىدىن سېھىرلىك ئۆزۈك سېلىنغان قۇتىنى ئېلىپ، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزەڭنىڭ ئۆزۈكىنى ئۆزەڭ تۇت، مانا...ئەمدى ماڭىلى!

ئۇلار چاپسانلا موزدۇزخانىغا يېقىنلاشتى، موزدۇز ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ موزدۇزلۇق قىلىۋاتاتتى.

— كاستون! — دەپ چاقىردى مىلو، — ماڭا بىر قارىغىنا!

— كىر، ئۆيگە كىر...ئاغىنەم، — دېدى بېشىنىمۇ كۆتەرمەي.

— كاستون! مەن بولسام مىلو...كاپىتان مىلو! ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن ساڭا ھەربىي ئەپتىسەر كىيىدىغان ئۆتۈك بۇيرۇتقانىغۇ؟

— ھېچنىمە ئېسىمدە يوق...كاشىلا قىلما ماڭا!

— كاستون سەندىن بىرلا نەرسىنى سوراي: پارلىپانى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ھېلىقى ئۇسۇلچى پارلىپا! ئۇنىڭغا ئىشلەپ...ياق، بەلكى ئويناپدىغان نۇرغۇن ئاياق تىكىپ بەرگەنىغۇ! ئۇنى نەدىن تاپالايمەن؟

موزدۇز بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن ساڭگىلىتىۋالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلىناتتى:

— قورول ئىچكە قاماپ قويىدى. ئۇنىڭ پۇتى ياغاچ پۇت بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى بىلمەيمەن...چاپسان يوقال بۇ يەردىن!

— ياغاچ پۇت، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى مىلو، شۇئان يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى.

— دىدىمغۇ، چاققان كەت! مەندىن ئەمدى ھېچنېمە سورىما... بىرەرسىماراپ تۇرغان بولمىغاي يەنە!

— ياغاچ پۇت، — مىلو ئۆزىنى يوقاتتى، — جىنىم پارلىپانىڭ پۇتى ياغاچ پۇتكەندە...نېمە ئىشتۇ بۇ؟

— پادىشا سىنى ياگاق چاققۇچقا ئايلاندۇرۇپ قويالىغان ئىكەن، سىنىڭ مەھبۇبىڭغمۇ سېھرى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ياغاچ پۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ-دە، ئەلۋەتتە، — دەپ ئويلىدى لىۋبا قورقىنىدىن، — ئەمدى ئۇ ئۇسۇل ئوينىيالمايدۇ...

مىلو بىردىنلا تەرىنى ئۆزگەرتتى، چىرايىدا ئالاقىزادىلىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى، كۆزلىرىدىن قىساس ئوتى يالقۇنجىدى.

— خەپ، — دېدى مىلو، — ئۇلارنى بوش قويمايمەن! ھەقىقەت مەن تەرەپتە ئىكەن! ئۇ ھالدا...

— نەگە بارماقچىسەن؟ — دېدى لىۋبا قورققىنىدىن پىچىرلاپ.

— بىز دەرھال يوشۇرۇنلۇقچە قورول ئىچىگە كىرىشىمىز كېرەك!

شۇنىڭ بىلەن سادىق ھەمرىيىنى ئېلىپ ئالغا ئىنتىلدى...

پارلىپا قەدىمىي قورولنىڭ ئىچىدىكى يەككە-يېگانە بىر مۇناردىنىڭ ئىچىگە قاماپ قويۇلغان ئىدى.

كۆتەرگۈسىز، يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كىمخاپ كۆينەك كىيدۈرۈلگەن پارلىپا دەرت-ئەلەمگە پېتىپ يۇمشاق ئورۇندۇقنىڭ قىيپاش تۇتقىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. خۇددى قەن-گېزەك پادىشالىغىدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان شىرە تۈرلۈك قەن-گېزەكلەر بىلەن تولغان ئىدى. بۇ ئايال مەھبۇسنىڭ كۆزى خۇنسىز

بولسمۇ، تېخى ئۇمىدىنى ئۈزمىگەن ئىدى. كۆزى نۇرى خىرەلەشكەن ئىدى.

ئىشىك سىرتىدىن گۈپ-گۈپ ئاياق تىۋىشى كەلدى، بىراۋ مەيسىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر قاپقىنىڭ سىرتىدىكى ئاقاقىشىك شاراقلىغان ئاۋازى چىقتى.

پارلىپا سەسكىنىپ كەتتى، ئۆگى ئۆچتى، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

ئىشىك ئېچىلدى، ياتاتۇڭ دەسسەپ كىرگەن نىكولاسىنىڭ خورمەرەڭ قويۇق قېشى ئاستىدا چاشقانىدەك كىچىك كۆزلىرى پالىلداپ تۇراتتى. ئۇ تۆت ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى...قولىدا ياقۇت تەسۋى تۇراتتى. سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن شەپەرەڭ خۇددى خان ئورۇندۇغىدا ئولتۇرغاندەك كۆرەلىگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئولتۇراتتى. شەپەرەڭ سويمىدەك كاللىسىغا گۆھەردەك نۇر چېچىپ تۇرغان كىچىك تاج كىيىۋالغان ئىدى.

— سېنى يوقلاپ كەلدۇق مەپتۇنەم پارلىپا! — دېدى نىكولاس غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن، — سەن ئۆزەڭنىڭ نادانلىغىڭدىن قالغانسەن ئەمدى؟

ئايال مەھبۇس بېشىنى تۆۋەن سېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

نىكولاسىنىڭ مۈرىسىدە ئولتۇرغان چاشقان پادىشاسى بىتاقەت بولدى. ئۇ پارلىپانىڭ جىسمى تۇرۇۋالغانلىغىدىن رەنجىپ گازىر كۆزىنى پالىلدىتىپ قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق چىقىرىۋەتتى.

— مەن رەنجىمەيمەن، — دېدى نىكولاس ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالماق بولۇپ، — ئىشەنگىنكى، مەن چوقۇم سېنى ئۆزەمگە كۆيدۈرە-



www.uyghurkitap.com

مەن...

— مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىللا، — دېدى پارلىپا بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— مىلونى دەيسەنغۇ، — دېدى باخشى زەھەرلىك كۈلۈپ، — ئۇنى ئۆز ەمنىڭ يولىدىن قەتئى قوغلاپ چىقىرىشىم كېرەك. ئۇ سېنى ئالماقچى...بىراق مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم. شۇڭا مەن چاشقان پادىشاسى ھەزرەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ياغاچ قونچاقـقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم. مۇھەببەت رىقابىتىدە بىرەر ئۇسۇلـنى تاللاپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ! ئەگەر بۇنى يالغۇنـدەك مۇھەببەت دېيىشكە بولسا،...مېنىڭ مۇھەببىتىم ئاشۇنـداق مۇھەببەت! بىز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانلىغىمىزنى قاچان ئېلان قىلىمىز؟ قاچان؟!...

— "مەڭگۈ ئۇنداق بولمايدۇ" دېگەندىن يەنە بىر كۈن كېيىن... چاشقان پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى غەزەپكە كەلگەنلىكتىن قانىتىنى ئۇرۇۋېدى، پالاق-پالاق ئاۋاز چىقىپ كەتتى. نىكولاسىنىڭ تەلەتى قارىيىپ كەتتى...لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

— ئەقلىڭىزنى تاپسىڭىز بولارمىكى، بىز سىزنى مەجبۇرلىيالايمىز، — دېدى ئۇ شۇنداقلا، — بىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىغىمىزنى ئېھتىمال سىزگە بىلدۈرۈپ ئۆتكەن بولساق كېرەك! بۇمۇ يەتمەمدۇ تېخى؟!

نىكولاس ئىڭىشتى-دە، بىردىنلا پارلىپانىڭ كىمخاپ كۆينىگىنىڭ ئېتىگىنى كۆتەردى، شۇنىڭ بىلەن بالىت ئۇسۇلچىسىنىڭ ئىككى پۇتى كۆرۈندى.

پارلىپا پولاتـتىن تۇرغان ئىككى ياغاچ پۇتى بىلەن چىداپ تۇرۇپ ئورنىدىن قوپتى، باخشى ئالدىدا قەددىنى رۇسلىدى، ئۆلۈمگە

پسەنت قىلمايدىغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەر مېنى ئاشقىمدىن ئايرىۋەتتىڭلار، ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىۋەتتىڭلار... مېنىڭ ئۇسۇل هاياتىمنى يوقاتتىڭلار! بىراق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىڭلار... ھەم ئېرىشەلمەيسىلەر! — نەپرەت ۋە يىرگىنىچ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى! — سىلەر مىلودەك، مېنىمۇ پۇتۇنلەي ياغاچ ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن، پۇتۇمدىن بېشىمغىچە! ئاللىقاچان ئويلاپ قويغانمەن... قېنى! ھەي، چاپسانراق كارامەت كۆرسىتىڭلار... چاپسان! ھەتتا ھەزرەتلىرى، ھەر كۈنى مۇشۇ گەپنى تەكرارلايدىغانلىقىمنى بىلمەملا؟ مەن سىلىگە خوتۇن بولمايمەن، نىكولاس، مەڭگۈ! مەڭگۈ، مەڭگۈگە. سىلى... سىلى...

پارلىپا تىنالماي، ئاۋازى سىقىلدى.

— مەن سېنى ھەرقانداق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويالايمەن، — دېدى باخشى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ، — بىراق ماڭا ئۆلۈكلىك ئەمەس، تىرىكلىك لازىم! ئەگەر ماڭا تەگسەڭ، خۇددى كاپىتان مىلوغا كۆيۈپ قالغان چاغدىكىدەك، ھەتتا ئۇ چاغدىكىدىنمۇ كۆكۈللۈك ئۇسۇل ئوينايسەن!

— مەن ئۇنىڭغا ھازىرغىچە كۆيىمەن، — دېدى پارلىپا، — ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا چانمايمەن. بىراق مەن ساڭا ۋە چاشقان يولەنچۈكىڭگە نەپرەتلىنىمەن. دۇنيادا چاشقاندىنمۇ يىرگىنىشلىك نەرسە بولامدۇ؟!

تۇلۇمدەك سەمرىگەن چاشقان پادىشاسى سويىمىدەك كالىلىسىنى سوزۇپ نىكولاسنىڭ مۈرىسىدە خۇددى خان ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ قانتىنى پالاقلىتىپ كەتتى ھەمدە قۇلاقنى يارغۇدەك سەت ئاۋاز بىلەن چىقىرىۋەتتى.

نكولاس ھەيۋە بىلەن بىر قولىنى كۆتەردى.
ـــ بەس! بولدى... ھەزرەتلىرىنىڭ چىشىغا تەگمە! لېكىن مەن يەنە كېلىمەن... شۇ چاغدا توي ۋاقتىنى سۆزلىشىمىز. مەن چەكسىز تاقەت قىلىۋاتىمەن جۇمۇ!
ـــ سىنىڭ ۋەھشىلىكىڭمۇ چەكسىز، ـــ دېدى ئايال مەھبۇس خىقىرىغان ئاۋاز بىلەن.
تۆمۈر ئىشىك جالاقىدە يېپىلدى، ئىشىك تاقىغى تاراقىدە چۈشتى، پارلىپا ئورۇندۇقتا گۈپ قىلىپ يىقىلدى، ئىككى پۇتىنى سوزدى، بۇ پۇتلار ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا ئىدى.
ئۇ ملو بىلەن ليۇبانىڭ ياۋا ئۈزۈم شېخىغا يامىشىپ يالغۇز مۇنارىنىڭ چوققىسى تۈۋىدىكى رۇجەكنى نىشانلاپ يامىشىپ چىقىۋاتقانلىغىنى بىلمەيتتى ۋە ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدى.

چاشقان پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى ئالتۇندەك ماۋۇق ياستۇققا بېشىنى قويۇپ بىخارامان ھالدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئىككى شەپەرەڭ ئۇنىڭ ئالقاندەك ئالتۇن تاجىنى بېقىپ تۇراتتى.
شام يېقىلىق 2 ـ قەۋەتتە ئوچاقتا قالانغان ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، نىكولاس باخشى قېرى ئانىسى بىلەن قارت ئويناۋاتاتتى.
ـــ جاھىل قىز ماڭا ئۆچ بولۇپ قاپتۇ...، ـــ دېدى نىكولاس قارتنى شىرەگە چۆرۈپ تاشلاپ پىقىرىما ئورۇندۇقتا يۆلەندى.
ـــ سەن ھىلىقى قاماپ قويۇلغان بەختسىز قىزنى دەۋاتامسەن؟ ـــ دېدى موماي.
ـــ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلدى! ئويلاپ كۆرمەمسىز، ئەگەر ئۇ ماڭا تەككەن بولسا، شۇ زاماتلا ژاركونتا دۆلىتىدە بىرىنچى خانىم بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالامتى؟

ــ نەدىكى ژاركونتا دۆلىتى ئىكەن؟ ــ دىدى موماي ئۇلۇغ بىر تىنىپ قارتنى يىغدى، ــ بۇ دۆلەت هازىر ژاركونتا دۆلىتى ئەمەس! مەن سېنىڭ ئاناڭ بولغاچقا، ساڭا راست گەپنى قىلالايمەن. مەندە مۇشۇنداق هوقۇق بار! سەن، نىكولاس ئەقلىڭدىن ئازدىڭ...

ــ مەن ئۇنى مەجبۇرى ئالىمەن! ــ دىدى نىكولاس كاجلىق قىلىپ، ــ ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىمىز. مەن مەقسىدىمگە چوقۇم يېتىمەن!

ــ مەن سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن نىكولاس...، ــ دىدى موماي، ــ سەن باخشىغا، ياۋۇز باخشىغا ئايلىنىپ قالدىڭ! ئىسمىدە تۇرۇپتۇ، سەن ئەسلىدە ۋىجدانلىق، راۋرۇس ئادەم ئىدىڭ. سەن ئوغلۇم بولغاچقا، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن سېنىڭ قىلغىڭغا قوشۇلمايمەن...

ــ دۇرۇس، مەن باخشىغا ئايلىنىپ قالدىم، ــ دىدى نىكولاس تەرسالىق بىلەن، ــ مەن سېنىمۇ نىمىگە ئايلاندۇرىمەن دىسەم، شۇنداق قىلالايمەن.

ــ سېنىڭ هەددىڭ ئەمەس...

نىكولاس زەهەرلىك كۈلدى:

ــ سىناپ كۆرسەم قانداق دەيسەن؟ خوپ دىگىنە، نىمىگە ئايلاندۇرىمەن؟

ــ هەددىڭدىن ئاشما! قىلدۇرماي...، ــ موماي ۋاقىراپ تاشلىدى.

ــ قىلمەنغۇ قېنى! ــ دىدى باخشى تەرسالىق قىلىپ.

ــ مەنغۇ مەيلى، مەن... شۇنى بىلگىنكى، ئانىسىغا قارا سانىغان

ئادەمگە رەھىم قىلسا بولمايدۇ. ئوغلۇم مەن سەندىن ئەن-
سىرەيمەن!...

— مەندىن ئەنسىرىمە! مەن ساڭا كارامىتىمنى كۆرسىتىپ باقاي
دەيمەن. مەن سېنىڭ ماڭا ئىشەنچ باغلىشىڭنى ئىسپاتلىماقچىمەن.
سەن مەندىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ! مەن سېنى بىر كېپىنەككە ئايلان-
دۇرۇپ قويسام قانداق؟ بۇ ئانچىكى ئىش...بەكمۇ چىرايلىق
كېپىنەك!

موماي چۆچۈپ ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم داجىدى:

— ئوغلۇم، ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ... سېنى كىشى ئەپۇ
قىلمايدۇ.

نىكولاس ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي، سېھرى ئىشلەتتى.

— كېپىنەككە، كېپىنەككە ئايلان! مەن سېنى كېپىنەككە ئايلاندۇ-
رىمەن ئاپا! سەن كېپىنەك، بەكمۇ چىرايلىق كېپىنەك بولىسەن... —
دەپ ۋاقىرىدى نىكولاس ھەم ئانىسىنىڭ يۈزىگە قولىنى قارىتىپ
شىلتىدى.

شۇ ھامان موماي غايىپ بولدى-دە، بىر كېپىنەك — قانىتى
مەرمەر تاشتەك چىرايلىق بىر كېپىنەك ئۆي ئىچىدە ئۇ ياق-بۇ ياققا
ئۇچۇپ يۈردى... ئاخىر بېرىپ شامغا ئۆزىنى ئۇردى، كۆيۈپ
شىرە ئۈستىگە چۈشتى. دەل ئەنە شۇ چاغدىلا ھوشىنى تاپقان نىكو-
لاس لاسسىدە ئورۇندۇققا يىقىلدى-دە، گويا ئۆزى بىلەن ئۆزى
گەپلەشكەندەك:

— گۇناھىمدىن ئۆتكىن ئانا... ئويناشقاندەك قىلىۋىدىم... ئەمدى
مەن يېتىم بولۇپ قالدىم. ئۆزەم ئۆزەمگە قىلدىم، — دىدى.

مەگزىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر تامچە ياش قويۇق ساقىلىغىچە

www.uyghurkitap.com

ئېقىپ كېلىپ غايىپ بولدى.

نىكولاس باخشى بولسىمۇ، لېكىن خۇددى چاشقان پادىشاسىغا ئوخشاش، مىلو بىلەن لىيۇبانىڭ تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارارلىغان جايغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغىدىن خەۋەرسىزلا ماموق ياستۇقىنى ئىگىز قويۇپ بىخارامان ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.

لىيۇبا بەزىدە ئەندىكىپ كەتكەندەك بولۇپ، سەللا دىققەت قىلمىغاندا مۇنارنىڭ ئاستىغا مۇئەللەق ئېتىپ چۈشۈپ پارە-پارە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئويغانماقچى بولىدى، چۈنكى ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىغىنى بىلەتتى، چۈشنى ئۈزۈپ تاشلاشقا بولاتتى. بىراق بۇ ئۇنىڭ ھىسسىياتىلا ئىدى،... چۈش ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ چۈشتىن بەك مىننەتدار ئىدى!

مانا يىگانە مۇنارنىڭ رۇجىگىگە كېلىپ قالدى. يەنە ئازراقلا سىلجىسا بىچارە پارلىپانى كۆرەتتى.

ئادەم قۇتقۇزۇش ئەزەلدىن ئاسان بولمايتتى.

مىلو بىلەن لىيۇبا ھېرىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، تىرىشىپ-تىرىشىپ يۈرۈپ رۇجەككە يامىشىپ، پارلىپا زۇلۇم تارتىۋاتقان ئۆيگە كىردى.

مەھبۇس ئايال شەپىنى ئاڭلىدىيۇ، كۆزىنى ئاچمىدى؛ ئۇ قارشىلىق كۆچىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل زەھەرلىك سۇيىقەستلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييار ئىدى.

— قانداق، سالامەت تۇرۇۋېتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مىلو لىيۇبادىن خۇددى ئۇ جاۋاپ بېرەلەيدىغاندەك.

شۇ ئەسنادا مەھبۇس ئايال كۆزىنى سەل ئاچتى... لېكىن كۆزى

يۇمۇلۇپ قالدى، كۆزىنى تازا ئۇۋۇلىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋە-قەگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن:

— مىلو... مىلومۇسەن؟ — دىدى.

— ھەئە، مەن، — دەپ جاۋاپ بەردى مىلو مەغرۇرانە.

— مەن سىنىڭ كېلىدىغانلىغىڭغا ئەزەلدىن ئىشىنەتتىم... مىنى قۇتقۇزغۇچى... سىنى ساقلاپ كەلدىم... ساقلاپ كەلگىنىمگە قانچە يىللار بولۇپ كەتتى!

خوشاللىق يىشى ئۇنىڭ تامىدەك سارغايغان مەڭزىدىن خۇددى ئاققان سۇدەك تارام-تارام تۆكۈلدى.

— پارلىپا! خۇددى بۇرۇنقىدەك كۆكسۇمگە تاڭاي سىنى!

مىلو مەھبۇبىنىڭ ئالدىغا ئىتىلىپ باردى-دە، باغرىغا باستى. ئۇ پارلىپانى ئورنىغا قايتا ئولتۇرغۇزۇۋىدى، پارلىپا ھالىدىن كەتتى، ئۇ ھارغىن كۆزى بىلەن يىگىتكە بىر قارىدى-دە، يۈزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

— ئۇلار سىنى نىمە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان-ھە! — دەپ ۋاقى-رىۋەتتى مىلو.

— پۇتۇم... مىنىڭ ئەمەس! — دىدى پارلىپا، — مىنىڭ ئۆز پۇتۇم ئەمەس، ياغاچ...

— ھىچقىسى يوق! ماڭا سەن كىرەك...

مىلو يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پارلىپانىڭ پۇتىنى توختىماي سۆيگىلى تۇردى.

بىردىنلا بىر كارامەت كۆرۈلدى! كارامەت، يەنە كىلىپ كارامەت ئىچىدىكى كارامەت... ئىككى ياغاچ پۇت بۇرۇنقى پۇتقا ئايلىنىپ قالدى. پارلىپا دەلدەڭشىپ بىرقانچە قەدەم مىڭىپ كۆردى. كىيىن

www.uyghurkitap.com

غەيرەتكە كېلىپ رەسمىلا ماڭدى... يۈكۈنۈپ باقتى، ھېچقانداق تۈيۈلمىدى.

خاتالىشىۋاتىمەنمۇ نېمە دەپ، ئۇ كىمخاپ كۆينىگىنى قايرىدى. ئۇچەيلەنگە كىرەكتىن چىققان ياكى ياغاچ پۇت ئەمەس، بەلكى راست پۇت، بالىت ئۇسۇلىدا پىقىرايدىغان پۇت كۆرۈندى. ئىشىنىپ كېتەلمىگەن پارلىپا يەم بىلەن بىرنەچچە پىقىراپ كۆردى. پىقىرىغانسېرى ئىشەنچى ئاشتى... بىردىنلا توختىدى ـ دە، ئۆزىنى مىلونىڭ قوينىغا ئاتتى.

— سۆيۈملۈكۈم... سەن مېنى قۇتقۇزدىڭ!

— بۇ بىر كارامەت، ئەجەپ كارامەت، — دېدى مىلو پارلىپانى باغرىغا تېخىمۇ قاتتىق بېسىپ تۇرۇپ.

— ياق،... كارامەت ئەمەس! — دېدى پارلىپا مىلوغا، — سېنىڭ مۇھەببىتىڭ سېھرىنى يەڭدى. سەن ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ مەن سەندىن كەچمەيمەن دېگەن ئىدىڭ. مېنىڭ پۇتۇم كىرەكتىن چىققان، ياغاچ پۇتقا ئايلىنىپ قالغاندىمۇ مەندىن كەچمىدىڭ! پۇتۇمنى سۆيدىڭ، شۇنىڭ بىلەن سېھرى كۈچىدىن قالدى.

پارلىپا مانا ئەمدىلا لىيوبانى كۆردى.

— بۇ قىزچاق كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مىلو لىيوبانى پارلىپانىڭ ئالدىغا ئېپكەلدى.

— بۇ مېنىڭ باتۇر دوستۇم، — دېدى مىلو، — ئۇ مېنى قۇتقۇزغان، شۇنىڭ بىلەن تىرىلىپ قالدىم. ئاندىن ئىككىمىز ئۇچۇپ كېلىپ سېنى قۇتقۇزدۇق.

— ئىككىڭلارغا بەكمۇ رەھمەت ئېيتىمەن! — دېدى پارلىپا ئارقا ـ ئارقىدىن، لېكىن بىردىنلا ئۇيات قىلغاندەك يۈزىنى بۇرۇۋالدى.

مىلو بىردىنلا جىددىلەشتى، ھەتتا تەرىنى ئۆزگەرتتى.

— بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىمىز كېرەك! ئۇزۇكىنى سالىمساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ...

مىلو بىلەن لىيۇبا يانچۇقلىرىدىن كىچىك مۇز قاپنى ئېلىپ ئۇزۇك-لىرىنى قولىلىرىغا سىيلىشتى...

— ئەمدى ئارقامدىن مېڭىڭلار!... — دېدى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن مىلو خۇددى ئەپىتسەرلەردەك بۇيرۇق چۇشۇرۇپ.

— ئىشىك تاشقىرىدىن ئېتىكلىك، — دېدى پارلىپا.

مىلو ئىشىكنىڭ تاقىغىغا ئۇزۇكنى تەككۈزىۋىدى، يوغان ئىشىكنىڭ ئىلغۇسى جاراقىدە چۇشۇپ كەتتى - دە، ئىشىك سىلىقلا ئېچىلدى...

مىلو بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى.... ئۇچەيلەن باتۇرلۇق بىلەن قاراڭغۇ تەرەپكە ئېتىلدى. ئۇلار ئۇن - تىن چىقارماي بىرىنىڭ قولىنى بىرى تۇتۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— توختاڭلار! — دېدى مىلو ئاستاغىنا، — ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بىزنى ياردەمگە چاقىرىۋاتىدۇ...

ئۇچىلىسى تىنىقىنى توختاتتى، يەنە ئاۋاز كەلدى.

— ئالدىمىزغا ماڭىلى! — دەپ بۇيرۇدى مىلو، — بىراۋ بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ...

كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئازراق يورۇق كۆرۈندى. باتۇرلار خۇددى مۇنارغا چىققاندەك ئېتىلىپ باردى، قارىسا چاشقان تۇتىدى-غان يوغان توردەك قەپەز ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. تۆمۈر قەپەزنىڭ ئارقىسىدا بىر يىگىت تۇرۇپتۇ، ئۇ قۇتقۇزۇشنى تىلەپ توۋلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قاپتۇ.

پارلىپا قەپەز يېنىغا ئېتىلىپ باردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ناتانئىل!

— كىم بۇ؟ — دېدى مىلو.

— ناتانئىل! شەھىرىمىزدە چاشقان تۇتىدىغان ئادەم.

— ئۇنى بۇ يەرگە قاماپ قويغىلى قانچە ئۇزاق بولدى؟

قەپەزدىكى يىگىت بۇنىڭغا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ جاۋاپ بەردى:

— كاپىتان، چاشقانلار بۇ دۆلەتنى ئىشغال قىلغان ھەم سىزنى ياڭاق چاققۇچقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ۋاقىتتىن باشلاپ.

— ناتانئىل! سەن مېنى تونۇيالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— نېمىشقا تونۇماي قالىدىكەنمەن! — دېدى ناتانئىل يۆتىلىپ كېتىپ قەپەزنىڭ تېگىگە ئاستاغىنا يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ، — ئۇسۇل ئويناش ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ۋە مەنئى قىلىنمىغان ئالتۇندەك كۈنلەردە، ئۇسۇل دېگەننى ئەجەپمۇ قالتىس ئوينايتتىڭىز...

— ئۇلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق، — دېدى مىلو ئۇلارنىڭ گېپىنى چورتلا ئۈزۈۋېتىپ.

ئۇ قەپەزنىڭ ئىشىگىگە ئۆزۈكنى تەككۈزۈۋىدى، ئىشىك شاققىدە ئېچىلىپ كەتتى. ناتانئىل قەپەزدىن جان تالىشىپ دېگەندەك ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ چىقتى. ئۇ مىلونى قۇچاقلىۋالاي دەپ قۇچىقىنى ئېچىپ كېلىۋىدى، مىلو شارت قىلىپلا ئۆزىنى قاچۇرۇۋالدى-دە:

— قۇچاقلىشىدىغانغا ۋاقىت نەدە ھازىر،...چاپسان بولايلى! ناتانئىل، گازارمىنىڭ نەدىلىگىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەمدىغان!

— گېپىمگە قۇلاق سالغىن...، — دېدى مىلو بىر قولىنى ياش بالىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — سەن ئەسكەرلەر لاگېرىغا

بېرىپ، مېنىڭ نامىمدىن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بەرگىن، ئۇلار دەرھال قورال-ياراق ئىسكىلاتىغا بېرىپ تولۇق قوراللانسۇن. ئۇلارغا سەن يېتەكچىلىك قىلغىن! مەن سېنى ئەپىتسەرلىككە بەلگىلىدىم! بىر مىنۇت-بىر سېكۇنت ۋاقتىنىمۇ زايا قىلىۋەتمەيلى،... لېۋبا! ئۆزۆكنى ناتانىشلىغا بېرىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭغا ھازىر ئۆزۆك تېخىمۇ بەك زۆرۆر بولۇۋاتىدۇ...

ياش بالا كۆكۆش رەڭلىك ئۆزۆكنى سېلىپ ئۈچ مەرتىۋە قاتتىق-قاتتىق نەپەس ئېلىۋىدى، ساپ-ئەركىن ھاۋا ئۇنىڭ كۆكسىگە تولۇشى بىلەنلا بىردىنلا سالامەتلىگى ئەسلىگە كەلدى.

شىرەنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان دۆۋىلىشىپ كەتكەن قارتىنىڭ ئارىسىدا بىر قانتى پۇچۇلىنىپ كەتكەن بىر ئۆلۈك كېپىنەك ياتاتتى.

چىراقپايدىكى شام ئۆچەي دەپ قالغان ئىدى.

— بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيدىغۇ بۇ يەردە،... ئۆي قۇرۇقلا قالغىنى نىمىسى! — دىدى لېۋبا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ تۆت ئەتراپقا سەپ سېلىپ.

— تېزلىك بىلەن چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھىساپلىشىشىمىز كېرەك! بىر-بىرلەپ... ھىساپلىشىشىمىز كېرەك! — دىدى مىلو ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى ئالدىرىتىپ، — مېنىڭ ئۆزۆگۆم سەل ئۆزگىرىپ، سېھرىي كۈچىدىن قالغىلى تۇرۇۋاتىدۇ...

— قارىغىنا، مىلو! ئاۋۇ كېپىنەكىنى! ئۇ ئوتقا ئېتىلىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ...

مىلو شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىدىكى ئۆزۆكىنى ئۆلۈك كېپىنەككە تەككۈزۈپ قويدى.

— سىلەر مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلار... — بىردىنلا ياشانغان بىر سىنىڭ بوش ئەمما خىقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى. شىرەنىڭ ئۇستىدە نىكولاسىنىڭ ئانىسى ئولتۇراتتى. — سىلەرگە رەھمەت. ۋاسىلنى ئىبىتسام، ئۆزەمنىڭ مەيلىچە بولغاندا قايتا تىرىلگۈم يوق ئىدى، ۋەھشىيانە ھالدىكى ئىشلارنى كۆرگۈم يوق ئىدى، — ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغۇچىلارغا ھەيران بولغان ھالدا بىر قارىۋېتىپ، — سىلەر كىم بولىسىلەر؟ مەن سىزنى، — دىدى ئۇ مىلوغا قاراپ، — نەدىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن.

— سىز مېنى تونۇشىڭىز كېرەك، خانىشەم! — دىدى مىلو، — سىزنىڭ ئوغلىڭىز...مېنى ياغاچ ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولغان چاغدا مەن تېخى سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا ئىدىم!

— ئوغلۇم ئەقلىدىن ئازغان! — دىدى ھىلىقى خوتۇن شىرەنىڭ ئۇستىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇققان ئانىسىنى كېپىنەككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ شىرەگە تاشلىۋېتىدۇ دەپ كىم خىيالىغا كەلتۈرەلەيدۇ! ئوغلۇمنىڭ ئاشۇ تەرىقىدىكى ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى قانچە قىلىپمۇ خىيالىمغا كەلتۈرەلمەيمەن... مىڭ قىلغان بىلەن ئانا دېگەن ئانا ئىكەن... شۇڭا سىزدىن ئوغلۇمنى چاشقانلار ئىشلەتكەن زەھەرلىك جادۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىڭىزنى سورايمەن! سىلەردىنمۇ شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، — دىدى ئۇ لىيۇبا بىلەن پارلىپاغا قاراپ، — سىلەر كىم بولىسىلەر ئەمدى؟

— مەن پارلىپا بولىمەن! — دىدى بالت ئۇسۇلچىسى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— پارلىپا! — دىدى قېرى خوتۇن ۋاقىراپ، — بالت ئۇسۇلچىسى پارلىپا سەنمۇ؟ مېنىڭ ھىلىقى قاپاقۋاش ئوغلۇم ئالماقچى بولغان

پارلىپا دىگەن سەنمۇ تىخى؟!

— توغرا دىدىڭىز. ئەمما مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ياتلىق بولمايمەن. مەن دىگەن مىلونىڭ سۆيگىنى بولىمەن!

— مىنىڭ ئوغلۇم سىنىڭ خىلىڭ ئەمەس! — دەپ ئۇنىڭ گىپىنى قۇۋۋەتلىدى قىرى خوتۇن، — نىكولاس قەن ـ گىزەك پادىشالىغىنىڭ ئايال پادىشاسى بىلەن پۈتۈشكەن، ئەمما ئۇ ھىلىقى ئايال پادىشانى ئالداپ قويىدى. نىمە دىگەن سەتچىلىك بۇ! ئەملىيەتتە بولسا نىكو-لاسىنىڭ جىنايىتى يوق، ئۇ پەقەت چاشقانلار پادىشاسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن خالاس! — ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن دىدى، — ئانا ئۇچۇن ئىيتقاندا، بالا مەڭگۈ... گۇناكار ئەمەس؛ ھەتتا ئۇ ئانىسىنىڭ قانتىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ؛ ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە... ئوتقا تاشلاپ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتكەن ھالەتتىمۇ...

— چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسىنى نەدىن تۇتىمىز؟ — دەپ سورىدى مىلو بىتاقەت بولۇپ ئۇنىڭ گىپىنى بۆلۈۋىتىپ.

— يۈرۈڭلار... — دىدى قىرى خوتۇن، — قىنى ئۇلارنىڭ قەيەر-دىلىگىنى مانا مەن بىلىمەن!

قىرى خوتۇن كىتاپ سالىدىغان تام جاۋىنىگە يىقىنلاپ بىرىپ بىرقانچە چۆچەك كىتاۋىنى ئىلىپ، توك كونۇپكىسىنى بىسىۋىدى، شۇ ئانلا تام ئىككى ياققا سىلجىدى ـ دە، قاراڭغۇ بىر تارچۇق ھاسىل بولدى.

ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە ئىقىشقا باشلىدى.

گۇنۇس ھالەتتىكى چوڭ ئۆينىڭ تىمىغا كونا قىلىپتىكى مىلتىق ۋە نەيزە ئىسىقلىق تۇراتتى. نىكولاس بولسا ئىلمەك خەنجىرىنى تۇتقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ھالدا چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ياتىدىغان ئۆيىنىڭ ئىشىگى يېنىدا تۇراتتى.

— سەن نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ نېمە قىلماقچى؟ — دېدى ئۇ مىلونى كۆرۈپلا ھۆكىرىگەن پېتى.

— چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى بىلەن كۆرۈشمەكچى! ئاندىن بىز سەن بىلەن مەخسۇس سۆزلەشمەكچى...

باخشى ھىلىگەرلىك بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سېنىڭ تەلۋىلىك ئانچىمۇ يۇقۇرى ئەمەسكەنغۇ! — دېدى.

— ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى توسماي نېرى تۇر! — دېدى مىلو ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ.

— چاخچاق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى نىكولاس ئىلمەك خەنجىرىنى مىلونىڭ بېشىغا دوملاپ ھەيۋە قىلىپ.

— سەندىن قاچمايمەن! — دېدى مىلو جاۋاپ تەرىقىسىدە، ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ قورقۇش ئالامىتى كۆرۈنمىدى ۋە ئۇزۇك سالغان قولىنى ئېگىز كۆتەردى.

ئىلمەك خەنجەر بىردىنلا پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى-دە، شېغىل يەرگە شاراقلاپ چۈشتى.

چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئىشىكنىڭ تاشقىرىسىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە خەنجەر پارچىلىرىنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ زەڭ قويۇپ ئاڭلىغىلى تۇردى،... شەپەرەڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ ھەركىتىگە دىققىتىنى بېرىپ، قاناتلىرىنى خوشياقماسلىق بىلەن پالاقشىتماقتا ئىدى. چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى سەگەكلىشىپ، ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۇ يان-بۇ يانغا قاراشقا باشلى-

دى. ئۇ توساتتىنلا ئۆزىنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىسىگە بۇيرۇق چۈشۈردى ـ دە، ئۆزى قاناتلىرىنى كېرىپ داغدام ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ يېقىن مۇھاپىزەتچىسىمۇ قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ ئالدىرىغان پېتى ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كەتتى...

ملو لىۇبا بىلەن پارلىپانى باشلاپ سارايىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى. سارايىنىڭ ئىچى قۇرۇق ئىدى.

نىكولاس ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ، پادىشانىڭ ياتاقخانىسىنىڭ سىرتىدا ھۆكىرەپ يىغلىماقتا ئىدى:

— ئەمدى مەن ھېچنەرسە قىلالماس بولۇپ قالدىم! سېھرىي كۈچۈمدىن قالدىم،... ھېچنىمە ئەمەسمەن ئەمدى!

— لېكىن، ئىلگىرىكى نىكولاس مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلـ دى،... — دىدى ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — مېنىڭ ئاق نىيەتلىك ئوغلۇم قايتىپ كەلدى...

ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ بېشىنى ئىلگىرىكىدەكلا سىلىغىلى تۇردى.

ملو قولى بىلەن يامىشىپ دېرىزىنىڭ سۇپىسىغا يامىشىپ چىقتى. ئاڭغىچە شامال ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇۋېلىپ پاقىۋاش قىلىۋەتتى.

— بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويماڭ! — دەپ يېلىندى پارلىپا ئۇنىڭغا.

— بىزنى بىللە ئېلىپ كىرگىن! ـ دەپ يالۋۇردى لىۇبا، — بىز ـ نىمۇ بىللە ئېلىپ كىرگىن،... جاراھەتلىنىپ قالما يەنە، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە بولغىنىمىز ياخشى... ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— سىز بولمىسىڭىز، بىز بۇ يەردە قالساق قورقىمىز! — دىدى پارلىپا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى قىياس قىلىپ.

مىلو دەرھاللا قارار قىلىپ، قولىنى ئۈن-تىنسىز ھالدىلا قىزلارغا ئۇزاتتى-دە، ئۇلارنىمۇ دېرىزە سۇپىسىغا تارتىپ چىقىرىۋالدى. شامال گويا ئۇلارنى مەخسۇس كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆينەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ بوشلۇقتا لەپىلدىتىپ ئوينىغىلى باشلىدى.

— مىلو، قارىغىنا، قارىغىنا! — دېدى لىۋبا بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىراپ.

يەر-كۆكنى قاپلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ شەپەرەڭ شەھەر قەلئەسى تەرەپكە ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى...ئۇلار ئاستا-ئاستا ئۇچماقتا ئىدى، ياخشى ئىشتىن دېرەك بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. ۋاش-ۋاش قىلىپ چىقىۋاتقان قانات ئاۋازى كەلدى... ئارقىدىنلا يەنە ۋەھشىيانە چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى.

مىلو دېرىزە سۇپىسىدىن ئۆيگە سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن قىز-چاقىلارنىمۇ قولتۇقلاپ چۈشۈرۈپ قويدى-دە، غاچ قىلىپ دېرىزىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى.

— مەن بىلەن مېڭىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ، — چاپسان بولۇڭلار!

ئۈچەيلەن ياتاقخانىدىن چىقىپ كېتىپ بولغىچە، جالاقىدە قىلىپلا دېرىزە ئېچىلىپ كەتتى. قارا بۇلۇتتەك قاپساپ كەلگەن شەپەرەڭلەر بىر بىرىگە ئۈرۈلۈپ-سوقۇلۇپ دىگەندەك ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، ھەش-پەش دىگىچە ئۆينىڭ ئىچى توشۇپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئىشىكتىن قىستىلىشىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى-دە، پۈتكۈل شەھەر قەلئەسىنى قاپساپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

پەستىكى سارايدا، ناتانىئىل باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر چاشقانلار

بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. ناتانىئىل بولسا شەھەر بويىچە چاشقان تۇتۇش ماھىرى بولۇپ، چاشقانلارنىڭ ئەدىۋىنى كېلىشتۈرۈپ بېرىش ئۇنىڭ ئاتا مىراس كەسپى ئىدى.

خاسىيەتلىك ئۆزۈك ناتانىئىلنى خەيىم-خەتەردىن ساقلاپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ قىلىچى دۈشمەنگە تېگىپلا قالسا، دۈشمەن ئۆلۈپلا كەتمەستىن، ئۇلار گويا بۇ ئالەمدە مەۋجۇت ئەمەستەكدەك بىردىنلا ھېچقانداق ئىز-نىشان قالمايلا غايىپ بولۇپ كېتەتتى.

قەلئەدىمۇ جەڭ بولماقتا ئىدى. مىلونىڭ قولىدىكى مۇز ئۆزۈك ئېرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا سېھرىي كۈچىدىن قالمىغان ئىدى، شەپەرەڭلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشا-يېقىنلاشمايلا غايىپ بولۇپ كېتەتتى.

نىكولاس جېنى چىققۇدەك قورقۇپ كېتىپ، شىرەنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىۋېلىپ، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى رەخنى ئېلىپلا يۆگىنىۋېلىپ بولۇۋاتقان جەڭنى تاماشا قىلماقتا ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئانىسى، لىۋبا ۋە پارلىپالار بولسا تام مەشىنىڭ قىسقۇچلىرىنى، كۆل تارتقۇچلىرىنى قورال قىلىۋېلىپ تۇرۇپ، خۇددى راستلا جەڭچىگە ئوخشاش دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى.

چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى مىلوغا قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇچلۇق تىرناقلىرى بىلەن ئەپتىسەرنىڭ قويۇق چاچلىرىنى تۇتۇۋېلىشنى، زەھەرلىك چىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى چىقىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ،...لېكىن دەل شۇ پەيتتە ناتانىئىل سەپداشلىرىنى باشلاپ بېسىپ كىردى. چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ھىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، چاشقان تۇتار بوۋايغا ئېتىلدى، چۈنكى ئۇ بوۋاي پۈتۈن چاشقانلار جەمەتىنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى

ئىدى.

ناتانىئىل خەنجىرى بىلەن پادىشانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئىشلىتىۋىدى، پادىشا ئۆزىنى چەتكە قاچۇرۇۋالدى، ئۇزۇك بىردىنلا ئېرىپ سۇغا ئايلىنىپ كېتىپ ناتانىئىلنىڭ بارماقلىرىنى بويلاپ ئاقتى ـ دە، بارا ـ بارا قوشۇلۇپ مۇزدەك سۇ تامچىلىرى ھاسىل قىلىپ يەرگە ئېقىپ كەتتى.

ــ ناتانىئىل ئېھتىيات قىل ئۇزۇك ئېرىپ كەتمىسۇن! ــ دېدى ئۆزىنىڭ كارامەت ئۇزۇكىگە دىققەت بىلەن كۆز بولۇپ كېلىۋاتقان لىيۇبا ۋاقىرىدى، ــ ملو نەدىسەن؟

ــ مېنىڭ ئۇزۇكۇممۇ قالمىدى! ــ دېدى ملو، ــ مېنىڭ ئۇزۇ-كۇممۇ ئېرىپ كەتتى!

لىيۇبا ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئىگىشىپ تۇرۇپ بىر پاي كەشنى سالدى ـ دە، چاشقانلار پادىشاسىغا قارىتىپ ئاتتى. ھىلىقى كەش بارغانچە بېرىپ پادىشانىڭ تاجىسىغا تەگدى...تاج پادىشانىڭ سوزغان ئۇزۇنچاق بېشىدىن ئۇچۇپ يەرگە پالاقىدە چۈشۈپ كەتتى ـ دە پىقىراشقا باشلىدى. پادىشا ھايالسىزلا كىچىككىنە بىر كۆلرەڭ چاشقانغا ئايلىنىپ قالدىيۇ، شۇ ئانلا قېچىپ كەتتى... شەپەرەڭلەر ئۆز پادىشاسىنىڭ يوقلۇغىنى سېزىپ قېلىپ، گويا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندەك تەرىزدە دېرىزىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇپ چىقىپ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتتى.

ملو ناتانىئىلنى يېنىغا چاقىرىپ:

ــ ئاغىنە، سەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن: لىيۇبانى كۆللۈككە ئېلىپ بارغىن. ئۇ يەردە بىر كۆلچەك بار، كۆلچەكنىڭ يېنىدا بىرسى كۈتۈپ تۇرىدۇ...

— مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغان كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان لىيۇبا.

— سەن مېنىڭ قوماندانلىغىمغا بوي سۇنىدىغان بولغان ئىدىڭغۇ! — دىدى ملو قەتئى ھالدا.

لىيۇبا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئورمانلىقنىڭ كەينىدىن تۈكى چۇشۇپ كەتكەن ئورۇق بىر مۇشۇك چىقىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇك شەپەرەڭلەردىن قېچىپ مۇشۇ يەردە مۆكۈپ تۇرغانغا خېلى بىر ھازا بولغاندەك قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىگە خەۋپ-خەتەر كەلمەيدىغانلىغىنى سەزگەن بولسا كېرەك. ئۇ بەللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بۇرۇتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. شۇ ئەسنادا نەدىندۇ بىر يەردىن ئۇشتۇمتۇتلا كىچىككىنە بىر چاشقان چىقتى. ھىلقى چاشقان مۇشۈكنى كۆرۈپلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى-دە، مۇشۇك كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ ئالقىنى بىلەن بەدىنىنى توسۇۋالدى. ئەمما مۇشۇك بەربىر يەنە ئۇنى بايقاپ قالدى-دە، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ھەركەت قوللاندى... شۇنداق قىلىپ چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى تۈگەشتى، جەڭدە لىيۇبا ئۇ پادىشانىڭ تاجىنى ئېلىۋالدى.

كۆز قاماشتۇرغىدەك ئاپتاپ شەھەر ئەتراپىدىكى كەڭ زىمىننى يورۇتتى. قۇش جانىۋارلارنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ، ناخشا-قوشاق-لىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. باغۇ-بوستانلىقلاردا باھار كەيپىياتى جۇشقۇنلاپ، دەل-دەرەخلەر بىخ سۈرۈپ، يېشىل يوپۇرماقلارنى قامالدىن ھۆرلۈككە چىقىرىۋەتكەندەك قىلغان ئىدى. كېپىنەكلەر گۈلزارلىقتا ئۇچۇپ ئوينىماقتا، ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇل-

www.uyghurkitap.com

داشماقتا ئىدى.

ليۇبا بىلەن ناتانىئىل كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋاي-ۋۇي، نىمە ماۋۇ! — دېدى ليۇبا سىرلىق هالدا كۈلۈم-سىرەپ قويۇپ، ئاندىن چىلك تولغۇلگەن مۇشتىنى بوشىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى كىچىككىنە زەر تاج ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناپ كەتتى.

— چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسىنى سىز يەڭدىڭىز! — دېدى ناتانىئىل.

ليۇبا كۈلۈپ كەتتى.

— مېنىڭ قانداق قىلىپ كەش بىلەن...بۇ كىچىك تاجنى چۈشۈ-رۈۋالغانلىقىمنى، چاشقانلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسىنى قانداق قىلىپ كىچىككىنە بىچارە چاشقانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىمنى كۆردۈڭمۇ؟

ئۇ يەنە قانداقتۇ بىر نىمە دېمەكچى ئىدى، ئەمما ئۈندىمىدى. ئاق قاردىن ياسالغان تۈرنىغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىر قۇش قومۇشلۇق-نىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى...

ليۇبا چۈشەندىكى، تۇرنا قۇش ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئىكەن. ليۇبا ژارگونتا دۆلىتىدىن كېتىشى كېرەك ئىدى.

## ئەمدى چۈش كۆرمەيدىغان بولدى...

ليۇبا ئۇيقۇ خۇمارى ئىدى...لېكىن ئۇ كۆنى ئەتىگەندە ناهايىتى تېزلا ئورنىدىن قوپتى. ئانىسى قوڭغۇراقلىق سائەتنى بۇراشنى ئۇنۇ-تۇپ قالغان ئىكەن، شۇڭا قوڭغۇراق جىرىڭلىمىغان ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى ليۇبانى ئويغىتىشنى خالىماي قالسا كېرەك!...شۇنداق-

تىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇخلىمىغان ئىدى! ئۇ كارۋاتتا يېتىپ ئويـلاشقا باشلىدى: مىلو بىلەن پارلىپا نىمىشقا مەن بىلەن خوشـلاشمايدىغانـدۇ؟ مېنى كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ قالغان چېغى بارمىـدۇ؟...ناتانىئىلچۇ؟ مەن ئاق تۇرنىغا قارىـغان چاغـدا، ئۇ قەيەرگە كېتىـپ قالغاندۇ؟ تېخى يەنە بىر گەپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ناتانىئىل ئەمەس، بەلكى يېقىن خوشنا بولغۇچى سىتاسكى پوتىمكىن ئىكەن، ھەر ھەپتە كۈنى بىرلىكتە مۇز تېيىلىشقا باراتتۇق...نىمىشقىمۇ كۆرمىگەن بولغىيتىمكى؟

لېۋبا كېيىنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاشقا تازا غەيـرەت قىلىپ باققان بولسىمۇ،...كېيىنچە ھېچقانـداق ئىـش بولـمىـدى! ئۇ ئويغىنىپ قارىۋىدى، ئۆز كارۋىتىدا يېتىپتۇ، باشقا ھېچـنەرسـىمۇ كۆرۈنمەيتتى!

لېۋبا ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىـنى باشـتىن-ئاياق ئانىـسـىغا ئۆرۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ــ پېئونىر چېغىدا بۇنداق چۈشلەرنى كۆرگىنى قانداق! چۈشىدە باخشى بىلەن تۇمارنى كۆرگەنلىگى تېخىمۇ ئەجەپلىـنەرلىـك... ــ دىدى ئانىسى لېۋبانىڭ چۈشنى ئاڭـلاپ بولغانـدىن كېيـىن تازا ھەيران بولۇپ، ــ سېنىڭ پىكىر قىلىـشىڭـدا بىر چاتاق بار...دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقساڭ بولغۇدەك!

ــ سىزنىڭ قىزىڭىز مۇتلەق سالامەت ئىـكەن! ــ دىـدى گىلىيېۋ سېرگـيـېۋىچ پۇگـاچ دوخـتۇر، ــ ئاجايىپ-غارايىپ چۆچەكـلەرنى ئوقۇشقا ئامراق ۋە بالدۇرراق ئۇخلايدىغان بالىلار مۇشۇنداق داۋاملىشىپ بارىدىغان قىزىقارلىق چۈشلەرنى تولا كۆرىدىغان بولىدۇ.

ــ راست شۇنداق، مەن ئۇيقۇغا ئامراق، ــ دىـدى لېۋبا، ــ تولۇق بىر ئاي ئۇخلىسامـمۇ رازى ئىدىم، بىر يىل بولسىمۇ مەيلى

www.uyghurkitap.com

ئىدى!

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى دوختۇر ھەيران بولۇپ.

— چۈشۈمدە ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئىشلارنى قىلالايمەن... ئالد-
جاناپ ئىشلارنى قىلالايمەن!

— بۇنداق ئىشلارنى ئۇخلىمىغان چاغدا قىلىڭ! — دەپ تەكلىپ
بەردى دوختۇر.

— ئەمدى سەنچۇ ھېچكىمگە كېرەك ئەمەسكەنمەن، ھېچكىم مېنى
چۈشەنمەيدىكەن دەپ ئويلاپ قالما ئەمسە! — دېدى ئانىسى
قايتىلاپ.

— ئۇخلىمىغاندىمۇ؟! — دەپ سورىدى لېۋا قايتىلاپ. ئۇ چوڭقۇر
خىيالغا پاتتى.

(سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ
1985 - يىللىق 3 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **غوپۇرجان ئابدۇرەھىم.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



# غەيرى رەسمىي ئويۇن

**دۇمباز**

بىز كونا ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق، ئۇ چاغلاردا ئاخىرقى قاتاردىكى جوزىدا يانمۇ-يان ئولتۇراتتۇق. مۇئەللىم داسكىغا خەت يازغىلى تۇرغان هامان، بىز هەمىشە دىگۇدەكلا مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ چىرايىمىزنى پۈرۈشتۈرۈپ قوياتتۇق. مەۋسۇملۇق ئىمتىهاننى قايتا بىرىشكىمۇ ئىككىمىز بىللە قاتنىشاتتۇق.

بۇلار 15 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار ئىدى. 15 يىلنىڭ بۇياغى زادىلا دىدار كۆرۈشەلمىگەن ئىدۇق. بۈگۈن، مەن ئاخىرى هاياجانغا چۆمۈلگەن هالدا 4-قەۋەتكە چىقىپ كەلدىم...

ۋاي تاڭ، ئۇ مىنى تونۇيالارمۇ، تونۇيالماسمۇ؟

مەن غەيرەتكە كىلىپ ئىلىكتىر قوڭغۇرىغىنى باستىم.

— نەس قولۇڭنىڭ ناكا بولۇپ كىتىشىدىن قورقمىدىڭما، لەنىتى ئەبلەخ! بۇ جاقىراشنىڭ دەستىدىن بۇ ئۆيدە تۇرغىلى بولماس بولۇپ كەتتى. بۇ ئەسكى خۇيۇڭنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەسە هەي؟ — دەپ تىللاۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى ئۆيدىن.

ئىزا تارتقانلىغىمدىن يۈزلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى-دە، ئالدىراپ-تىنەپلا قولۇمنى يانچۇغۇمغا سىلىۋالدىم. ساغۇچ چاچلىق بىر قىزچاق ئىشىكنى ئاچتى، قارىماققا ئۇنىڭ يىشى 8 — 9 ياشلار ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى.

— نوگزار ئاماناديزنىڭ ئۆيى مۇشۇما؟

— ئۇ كىشى مېنىڭ دادام.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ، قىزچاق، مەن شاۋتا دېگەن تاغىڭىز بولىمەن، دادىڭىزنىڭ كونا ساۋاقدىشى ئىدىم.

— ھە، ئۆيگە كىرسىلە!... ماموكا! دادامنىڭ ساۋاقدىشى شاۋتا تاغام كەپتۇ، — قىزچاق ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ توۋلاپ قويۇپ، مېنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

پۈتۈن ئەزايىدا سىيا يۇقى بار ئالتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئالدىمغا چىقىپ كەلدى.

— ئاتا ـ ئاناڭلار ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە يوق. ئۇلار بىر دەمدىلا قايتىپ كېلىدۇ.

— ئىككىڭلار نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.

— ”دادا بىلەن ئانا ئويۇنى“نى ئويناۋاتىمىز. مەن دادا بولدۇم، مۇزىيا ئانا بولدى، — دېدى ماموكا ماڭا.

— سىلەر ئويۇنۇڭلارنى ئويناۋېرىڭلار، مەن سىلەرگە كاشىلا بولماي، — دېدىم مەن تاماكۇمنى تۇتاشتۇرغاچ كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ. ”نوگزارنىڭ ھال ئەھۋالى قانداقراقتۇ؟ — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — تۇرمۇشنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانمىدۇ، بەختلىكمىدۇ؟“

بالىلارنىڭ چۇقۇراشقان ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغىتىۋەتتى.

— ھەي، بالىلارنىڭ ئانىسى! بۈگۈن قانداقراق ياخشى غىزا قىلاي دەيسىلە؟ — دەپ سورىدى ماموكا نامەلۇم بىر كىشىنىڭ تەلەپپۇزىنى دورىغان قىياپەتتە.

— يوق يە! مەنمۇ سەندىن سوراپ باقاي قېنى، تاماقنى نېمىدە ئېتىمەنكىن؟ ئۆيدە ھېچنېمە بولمىسا!

— نېمە ئانچە ئاغزىڭ يامان سېنىڭ، ئادەم تىللاشقا كەلگەندە

سېتىقچى خوتۇنلاردەك تىللايدىكەنسەنغۇ!

— سەن نىمە قورقاتتىڭ! ئاشخانىغا كىرىپ بىر ئولتۇرساڭ، يەپ تويياپ، ئىچىپ مەس بولمىغىچە... مەن قانداق قىلىدىكەنمەن؟

شۇ زامانلا مېنىڭ بەدەنلىرىمدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام نەلەردە ئەشىمىدە قىشلاپ يۈردۈڭ؟ ئېيتقىنا! — مۇزىيا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ بېلىنى تۇتۇپ غادىيىپ تۇراتتى.

— سېنىڭ نىمە چاتىغىڭ!

— نىمە دىدىڭ، مېنىڭ چاتىغىم بولمامدىكەن تېخى؟ خوپ ئەمىسە، سېنىمۇ كوچىدىكى جالاپلارغا قېتىۋېتەي جۇمۇ!

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟!

— تويۇپ كەتتىم! بولدى! باللارنى ئېلىپ بۈگۈنلا ئانامنىڭكىگە كېتىمەن!

— باللارنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۆزەڭ نەگە يوقالساڭ يوقال!

— مۇنداق ئاسان ئىش دىگەن نەدە ساڭا!

— ئوغلۇم ماڭا قالسۇن!

— ياق، بولمايدۇ، مەن ئېيتتىمغۇ! — دىدى مۇزىيا جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ.

— گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر: ئوغۇلنى قويۇپ قوي! بولمايدىغان بولسا... ماڭا ياستۇقنى ئېلىپ مۇزىيانى ئۇردى.

— خەپ توختاپتۇر، سەن تېخى ئادەم ئۇرغۇدەك بولدىڭما؟! هۇ هايۋان! مۇزىيا قوچاقنى پولاڭلىتىپ كېلىپ ئىنىسىنىڭ بېشىغا زەردە بىلەن ئۇردى. ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىدىكى، ئۇنىڭ

زەربىسىدىن ماموكانىڭ كۆزلىرىدىن شۇ ئانلا ياش چىقىپ كەتتى.
مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتىم.
— باللار، ھەقىقەتەنمۇ ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىكەن. بۇ قانداق ئويۇن بولىدىكەن!؟

— مېنى قويۇۋەت، نىنا! — دېدى مۈزىيا غاچچىدە بۇرۇلۇپلا ماشا قاراپ ۋاقىراشقا باشلىدى، — سىلەر خولۇم-خوشنىلار بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر! ئۇ كۈن بويى مېنى بوزەك قىلدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈشكە پەقەت ئامالىم قالمىدى، مېنىڭ قېنىمنى پۇتۇنلەي ئىچىپ بولدى، لەنىتى ئەبلەخ! قورۇلۇپ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمغا قارىمامسىلەر! — دېدى، مۈزىيا ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن قىزىلگۈلدەك يۈزىنى نوقۇپ تۇرۇپ.
—بۇ جادۇگەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار!—دېدى ماموكا ماشا قاراپ.
— تاكالىلا شاڭلار! — مەن ئۆزەمنى تۇتۇپ ئالالماي، ئۇلارغا قاتتىق ۋاقىرىدىم. باللار ماشا ۋەھىمە بىلەن تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەن بىر نەپەس ئىلىۋالدىم، ئىككى باللىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ رولىنى ئىككىنچى ئالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا ۋەدە بېرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئاندىن دەلدۈگۈنگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.
"ئەھۋالدىن قارىغاندا، دوستۇمنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى 'كۆڭۈللۈك' ئىكەن!" دەپ قالدىم ئىچىمدە. مەن يول بويى مۈزىيا بىلەن ماموكانىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئوينىغان ئائىلىۋى تۇرمۇش كومېدىيىسىنى ئەسلەپ چىقتىم.

(«چەتئەل مىكرو ھېكايىلىرى»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **خۇدابەردى خېلىل.**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



كىتاب تۇر بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۇرگىنېۋنىڭ نەسرى شېئىرلىرىدىن

## ئىت

ئىتىم بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە تۇرىمىز. تالادا قورقۇنچلۇق شىۋىرغان دەھشەتلىك ھۇۋۇلىماقتا!

ئىت مېنىڭ ئۇدۇلىمدا ئولتۇرىدۇ — كۆزۈمگە تىكىلىپلا تۇرىدۇ.

مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدىم.

ئۇ گويا ماڭا نىمىلەرنىدۇ دىمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ئىندىمەي، شۈكلا تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنمەيدۇ، ئەمما ئۇنى مەن چۈشىنىمەن.

ماڭا مەلۇمكى، مۇشۇ قىسقا پەيتتە ئۇمۇ مەن بىلەن ئوخشاشلا ھىسسىياتقا كەلگەن، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ھەر ئىككىمىز ئوخشاشىمىز، ھەر ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوخشاشلا لاۋۇلداپ ئوت يانماقتا، چاقنىماقتا!

ئۆلۈم ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ۋە كەڭ قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچقان پېتى چۈشتى - دە، ئۇنىڭغا ئېتىلدى....

شۇنىڭ بىلەن، ھەممە نەرسە تۈگەشتى!

بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ قانداق ئوت تۇتاشتۇرغانلىغىمىزنى كەلگۈسىدە كىملەر بىلىپ چىقالار؟

ياق! بۇ ھەرگىز ھايۋان بىلەن ئىنساننىڭ بىر بىرىنى گۆزەللىك

جەھەتتىكى سېلىشتۇرۇشى ئەمەس!...

ئىككى جۈپ ئوخشاش كۆزنىڭ بىر بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇشىنى بۇ!

شۇڭا، بۇ ئىككى جۈپ كۆزنىڭ ھەرقاندىغى، مەيلى ھايۋاندىكىسى، ياكى ئىنساندىكىسى بولسۇن — بىر ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر ئوخشاش ھاياتلىق بىلەن ئۆزئارا قورقۇپ تۇرۇپ يېقىنلىشىۋاتقىنى.

1878 ـ يىل، فېۋرال.

## قۇرۇت

چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان چوڭ بىر ئۆيدە ئون ئىككەيلەن ئولتۇرغۇدەكمىز.

ئارىمىزدا ئاياللارمۇ، باللارمۇ، چوڭلارمۇ بارمىش،... بىز ھەممەيلەن ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان مەلۇم مەۋزۇلار ئۈستىدە پاراڭلاشقۇدەكمىز — پاراڭلىرىمىز قىزىق ۋە لېكىن تۇتۇق، ئېنىق ئەمەس ئىمىش.

توساتتىنلا، ئىككى دىيۇيىم ئۇزۇنلۇقتا كەلگۈدەك چوڭ بىر قۇرۇت مەنىسىز غۇڭۇلدىغان پېتى ئۆيگە ئۇچۇپ كىرگەنمىش... ئۇ كىرىپ ئۆينى بىرقانچە پىقىرىۋەتكەندىن كېيىن تامغا قونغانىمىش.

ئۇ گويا بىر چېۋىنگە ياكى سېرىق ھەرىگە ئاجايىپ ئوخشارمىش. بەدەنلىرى پاسكىنا، كۆلرەڭ ئىمىش، تەكشى ياپىلاق، تۈز ـ قاتتىق كەلگەن قاناتلىرىمۇ شۇ خىل رەڭدە ئىمىش. ئۇنىڭمۇ يىڭناغۇچقا ئوخشاش بىرقانچە ئاچىماق تۈكلۈك پۇتلىرى، قوپال، كالامپاي بېشى بارمىش، پۇتلىرى بىلەن بېشى قىپ ـ قىزىل رەڭدە ئىمىش، خۇددى

قاننىڭ رەڭگىگە ئوخشاش.

ئۇ غەلىتە قۇرۇت بېشىنى گاھ ئۇستىن، گاھ تۆۋەن، گاھ سولغا، گاھ ئوڭغا مىدىرلىتىپ تۇرغۇدەكمىش، پۇتلىرىنىمۇ مىدىرلىتىپ تۇرغۇدەكمىش... ئاندىن تۇيۇقسىزلا تامدىن ئايرىلىپ، غوڭۇلدىغىنىچە ئۆينى بىر ئايلىنىۋېتىپ يەنە قونۇۋالارمىش، ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك دەرىجىدە قىمىرلايمىش، ئەمما ئۆز جايىدىن قىلچە ئاجرىمايمىش.

ئۇ ھەممىمىزنىڭ نەپرىتىنى، قورقۇنچىسىنى، ئالاقزادىلىكىنى قوزغاۋاتقۇدەك... ئارىمىزدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىمىز ئۇ سىياقتىكى مەخلۇقنى كۆرمىگەچكە، ھەممىمىز: "بۇ مەخلۇقنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەيلى!" دەپ ۋاقىراپ، يىراقتىن تۇرۇپ قول ياغلىقلىرىمىزنى پۇلاڭلاتقۇدەكمىز... چۈنكى ھېچقايسىمىزمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بارالمىغۇدەكمىشمىز... شۇنداق قىلىپ، قۇرۇت يەنە ئۇچۇشقا باشلىغاندا، ھەممىمىز ئىختىيارسىزلا قاچقۇدەكمىشمىز.

ئارىمىزدىكىلەردىن تېخى ناھايىتى ياش، چىرايلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىرلا كىشى ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي گۇمانسىراش نەزىرى بىلەن كۆپچىلىككە قارارمىش. ئۇ يەلكىسىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۈلۈمسىرەرمىش، بىزنىڭ نېمىگە يولۇققانلىقىمىزنى، نېمە ۋەجىدىن بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى تامامەن چۈشىنەلمەي تۇرارمىش. ئۇنىڭ ئۆزى ھېچقانداق قۇرۇتنى كۆرمىگەنمىش ــ ئۇ جانىۋارنىڭ قانىتىنى لەپىشتىكەن چاغدىكى ۋەھىملىك ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانمىش.

بىتۇيۇقلا، ھېلىقى قۇرۇت ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالغىنىمىش، ئۇچقانچە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋالىمىش ـ دە، ئۇنىڭ قاڭشىرىغا نەشتىرىنى سانچىۋالغۇدەكمىش... ھېلىقى ياش سۇسقىنا بىر ئىنجىق-

لاپ قويۇپلا پۇلاڭـگىدا يىقىلىپ چۈشـۈپ، ھايال ئۆتمەيلا جان ئۈزۈپتىمىش.

نەشتىرى بار قورقۇنچلۇق قۇرۇت شۇ ئانلا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەنمىش... مۇشۇ ۋاقىتتىلا، ئاندىن قانداق نەرسىنىڭ مېھمان بولۇپ كەتكەنلىگىنى ئويلاپ يەتكەنمىشمىز.

1878 ـ يىل، ماي.

## قەلەندەر

كوچىـدا كېتىـۋاتاتـتىم... بىر قەلەنـدەر ــ مىسكىن بىر بوۋاي ئالدىمنى توستى.

ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن ياشاڭغۇراق كۆزلەر، كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلەر، قوپال رەختتىن تىكىلگەن جۇل ـ جۇل كىيىم، يىرىڭداپ كەتكەن جاراھەت بىلەن قاپلانغان بەدەن...ئاھ! يوقـسۇزلۇق بۇ بەختسىز ئادەمنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ـ ھە!

ئۇ ئىششىپ كەتكەن، مەينەت بىر قولىنى ماڭا ئۇزاتـتى... ئۇ ئىڭرايتتى، يالۋۇرۇپ سەدىقە تىلەيتتى. قولۇمنى ھەنىـۋا يانچۇقلىرىمغا سېلىپ بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقتىم...نە پورتمال، نە سائەت، نە بىرەر قول ياغلىقمۇ ئۇرۇنمىدى... يېنىمغا ھىچنەرسە سالمىغان ئىكەنمەن.

ئەمما، قەلەندەر تېخىچە سەدىقە كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى...ئۇنىڭ ماڭا سوزغان قولى جانسىز ھالدا تىترەيتتى.

مەن نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭ مەينەت، تىترەپ تۇرغان قولىنى چىڭ قىستىم ۋە: "كەچۈرگىن،

بۇرادەر، ھىچنەرسەم يوق ئىكەن" دىدىم.

قەلەندەرنىڭ ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ماڭا قادىلىپلا تۇراتتى؛ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى بىلەن ھىجىيىپ قويىدى ـ دە، ئۇمۇ مىنىڭ توڭلاپ كەتكەن مۇزدەك بارماقلىرىمنى چىڭ قىسىپ قويىدى ۋە:

ـــ نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، بۇرادەر، ـــ دىدى دۇدۇقـ لاپ، ـــ شۇنچىلىك قىلغىنىڭىز ئۈچۈنمۇ كۆپ رەھمەت. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ خەيرى ـ ساخاۋەت ـ دە، بۇرادەر.

چۈشەندىمكى، مۇشۇ بۇرادىرىمدىن مەنمۇ خەيرى ـ ساخاۋەتكە ئېرىشتىم.

1878 ـ يىل، فېۋرال.

## قۇشقاچ

ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، باغدىكى دەرەخ سايىلىرى ئاستىدىكى يول بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ئىتىم ئالدىمدا يۈرەكتە ئىدى.

ئىت بىرەر ياۋا نەرسىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك بىردىنلا توختاپ يەر بېغىرلاپ تىمىسقىلاشقا باشلىدى.

يول تەرەپكە قارىۋىدىم، جاۋغىيىدا تېخى سېرىغى بار، بېشىغا ئەمدى سېرىق تۈك پۈپىشكى چىققان قۇشقاچقا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ (يول بويىدىكى ئاق قېيىن شامالدىن ھەدەپ ئىغاڭلىماقتا ئىدى) ـ دە، ئەمدىلا چىققان ئاجىز ـ كىچىك قاناتلىرىنى كەرگەن پېتى پوكىنىنى يەرگە يېقىپ جىمغىنا ياتاتتى.

ئىتىم ئاستا ـ ئاستا بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇشتۇمتۇتلا، قارا پوكان بىر يوغان قۇشقاچ بىر دەرەختىن ئۇچۇپ چۈشۈپ، گويا بىر

تال تاش ئېتىلغاندەك ئىتنىڭ بۇرنىغا يېقىن قوندى ـ دە، تۈكلىرى ھۆرپەيگەن، ئالاقىزادە بولغان ھالدا، ئۈمىتسىزلىك، ھەسرەتلىك ئاۋازى بىلەن چىرىلداپ، چىشلىرى ھىڭگايغان ئىتنىڭ ئاغزىغا ئىككى قېتىم ئېتىلدى.

ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ بالىسىنى قۇتقازماقچى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنى ـ گەۋدىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇچۇرما بولمىغان بالىسىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتاتتى... ئەمما ئۇنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى ۋەھىمىدىن تىترەپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئاۋازىمۇ ئاجايىپ قوپاللىشىپ خىرىلداپ قالغان ئىدى، ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلماقتا ئىدى!

قۇشقاچنىڭ نەزىرىدە ئىت دېگەن نەقەدەر چوڭ مەخلۇق ـ ھە! ۋاھالەنكى، ئۇ يەنىلا ئېگىز، بىخەتەر شېخىدا ئولتۇرالمىغان... ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىدرەك ـ پاراستىدىنمۇ قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئۇ يەردىن ئېتىلىپ چۈشۈشكە مەجبۇر قىلغان.

مېنىڭ ترېزورىم* قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، ئارقىغا سەل چېكىندى... ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇمۇ بۇنداق كۈچنى سەزگەندەك قىلاتتى.

مەن ئالاقزادە بولۇپ قالغان ئىتىمنى دەرھال چاقىرىۋالدىم ـ دە، ئاندىن ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن بۇ يەردىن كەتتىم.

شۇنداق ـ تە، زاڭلىق قىلمىغايسىز! مېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىم ھېلىقى كىچىككىنە باتۇر قۇشقا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۇرغۇشىغا ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە مەنسۇپتۇر.

---

* ترېزور ــ ئىتنىڭ ئىسمى.

ئويلايمەنكى، مۇھەببەت دىگەن ئۆلۈمدىنمۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ كۈچلۈك كېلىدۇ. پەقەت ئاشۇلا، ئاشۇنداق مۇھەببەتلا ھاياتنى ساقلاپ، كۆكلىتەلەيدۇ.

1878 ـ يىل، ئاپرېل.

## يىرىك ئىش قىلغۇچى كىشى بىلەن يىرىك ئىش قىلمايدىغان كىشى

### دىئالوگ

يىرىك ئىش قىلغۇچى كىشى: سەن نىمىشقا ھە دىسىلا بىزنى ئاۋارە قىلىۋېرىسەن! سەن بىزنىڭ ئادىمىمىز ئەمەسسەن،... يوقال نېرى!

يىرىك ئىش قىلمايدىغان كىشى: سىلەرنىڭ ئادىمىڭلارمەن، قېرىنداشلار!

يىرىك ئىش قىلغۇچى كىشى: قانداقسىگە ئۇنداق بولىدۇ! قانداقسىگە بىزنىڭ ئادىمىمىز بولۇپ قالىسەن! قارىغىنا قوللىرىمغا، ناھايىتى مەينەت تۇرامدۇ؟ چۈنكى ئۇ قوللىرىم گەندە ـ قىغلارنى تۇتقان، تاشكۆمۈر مايلىرىنى توشۇغان، سېنىڭ قوللىرىڭ بولسا شۇنچە پاكىز ـ ئاق تۇرىدۇ. قوللىرىڭدىن غەلىتە بىر قىسما پۇراق چىقىۋاتىدىغۇ!

يىرىك ئىش قىلمايدىغان كىشى (قوللىرىنى چىقىرىپ تۇرۇپ): پۇراپ باققىنا قېنى!

يىرىك ئىش قىلغۇچى كىشى ئۇ قوللارنى پۇراپ باققاندىن كېيىن: غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟ ئۇ قوللىرىڭ دات باسقان تۆمۈر ھىدى پۇراۋاتىدۇغۇ!

يىرىك ئىش قىلمايدىغان كىشى: راستىلا داتلىغان تۆمۈر ھىدى.

توپ ـ توغرا ئالتە يىل ئىككى قولۇمغا كويزا سېلىقلىق ئۆتتۈم.

يىرىك ئىش قىلغۇچى كىشى: نىمە سەۋەپتىن شۇنداق بولدى؟

يىرىك ئىش قىلمايدىغان كىشى: مەن سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا كۆڭۈل بۆلگىنىم ئۈچۈن، سىلەرنى ئازاتلىققا چىقىرىش كويىدا بولغانلىقىم، نادان ـ ئارقىدا قالغان كىشىلەرنى ئازاتلىققا چىقىرىش يولىدا، سىلەرنى ئەزگەنلەرگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەنلىكىم ئۈچۈن...ئۇلار مېنى ھەپسىگە ئېلىشتى.

يىرىك ئىش قىلىدىغان كىشى: ھەپسىگىمۇ كىردىڭمۇ؟ جاپا تارتىپ ئىسيان كۆتىرىپ نىمە قىلاتتىڭ؟

## ئىككى يىلدىن كېيىن

يىرىك ئىش قىلغۇچى باشقا بىر كىشى (يەنە باشقا بىرسىدىن سورايدۇ): پېتىر، ئاڭلىدىڭمۇ، يوق؟...ئالدىنقى يىل يازدا، يىرىك ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ساڭا دېگەن گەپلىرى ئېسىڭدە باردۇ؟

يىرىك ئىش قىلغۇچى يەنە بىر كىشى: ئېسىمدە بار،...نىمە قىلاتتىڭ؟

يىرىك ئىش قىلغۇچى بىرىنچى كىشى: بۈگۈن ئۇنى دارغا ئاسىدىكەن دەيدۇ، ئاڭلىغانسەن؟ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقى توغرىسىدا شۇنداق بىر ئېلان چىقىپتۇدەك!

يىرىك ئىش قىلغۇچى ئىككىنچى كىشى: ئۇ يەنە ئىسيان كۆتىرىپتىما؟

يىرىك ئىش قىلغۇچى بىرىنچى كىشى: ئىسيان كۆتىرىپتىكەن.

يىرىك ئىش قىلغۇچى ئىككىنچى كىشى: ھەي،...مىسىقا بۇرادەر، مۇنداق دېگىنە تېخى. ئۇنى دارغا ئاسىدىغان ئارقانىنى قولغا

كىر گىۈزەلەرمىزمۇ ـ قانىداق؟ ئاڭلاشىلارغا قارىغانىدا، ئۇنىداق قىلالىسا ئائىلىگە چوڭ ئامەت كەلتۈرەرمىش.
يىرىك ئىش قىلغۇچى بىرىنچى كىشى: بۇنى توغرا ئېيتتىڭ. سىناپ باققۇلۇق، پېتىر بۇرادەر.

1878 ـ يىل، ئاپرېل.

## ئىككى باي

روتروىلد دىگەن كاتتا باي ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى دارا-مىتىدىن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان سوممىلارنى ئاجرىتىپ، بالىلارنى ئوقۇتۇشقا، كېسەللەرنى داۋالىتىشقا، قېرى ـ ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا خىراجەت قىلدى. كىشىلەر مېنىڭ ئالدىمدىلا ئۇنى ماختىغان چېغىدا، مەنمۇ ماختىدىم ۋە ناھايىتى تەسىرلەندىم.

ئەمما مەن ماختىغان ۋە تەسىرلەنگەن چېغىمدا، باشقا بىر نامرات دىخان ئائىلىسىنى ئويلىماي تۇرالمىدىم، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا بىر تۇققان-نىڭ يېتىم قالغان قىزىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي دىگۈچىلىگىمۇ قالمىغان كونا ئۆيىگە ئېپكېتىپ بېقىۋالغان ئىدى.

ـــ ناۋادا بىز كاتيوشانى ئۆيىمىزگە كىرگۈزىدىغان بولساق، ـــ دىدى دىخان موماي، ـــ ئۇنىڭ خەج ـ خىراجەتلىرى بىلەن ئۆزىمىزگە بىرەر يارماقمۇ ئاقچا قالمايدۇ. تۇزمۇ ئالالماي قالىمىز، بولكا سالىدىغانغا تۇزمۇ بولماي قالىدۇ....

ـــ نىمە بولسا بولسۇنكى، ئۇنى ئۆيگە ئېپكېلىۋالايلى... تۇزسىز قالساقمۇ مەيلى، ـــ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇنىڭ دىخان ئېرى.

روتروىلد ئۇ دىخاندىن ناھايىتى كۆپ ئارقىدا تۇرىدۇ ـ دە!

1878 ـ يىل، ئىيۇل.

# مۇخبىر

ئىككى دوست جوزىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى.
كوچىدا بىردىنىلا چۇقان-سۈرەن كۆتىرىلدى. ھە دەپ ناله-
زار قىلىشۋاتقان ئىڭراشلار، قاتتىق تىللىششلار ۋە باشقىلارنىڭ
ئازاپ چېكىشىگە خوشال بولۇشۇپ كۈلۈشلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈل-
مەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— بىرسى تاياق يەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى دېرىزد-
دىن قاراپ، كۆرسىتىپ تۇرۇپ.
— تاياق يىگۈچى جىنايەتچىمكەن؟ ئادەم ئۆلتۇرگەن قاتىلمكىن
يە؟ — دېدى يەنە بىرى، — تازا تىڭشاپ بېقىڭا، ئۇ مەيلى كىم
بولسا بولسۇن، سوتقا تارتىلماي تۇرۇپ ئۇرۇشقا بولمايدۇ-دە،
بېرىپ ئارىچىلاپ قويايلى بولمىسا!
— تاياق يىگۈچى ئادەم ئۆلتۇرگەن قاتىل ئەمەسكەن.
— ئادەم ئۆلتۇرگەن قاتىل ئەمەسكەن؟ تاياق يىگۈچى ئوغرىمد-
كەن ئەمىسە؟ ئىشقىلىپ نىملا بولمىسۇن، بېرىپ توپنىڭ ئىچىدىن
ئۇنى چىقىرىپ قويايلى.
— ئوغرىمۇ ئەمەسكەن.
— ئوغرىمۇ ئەمەسكەن؟ ئۇنداق بولسا، تاياق يىگۈچى بىلەت
ساتقۇچىمىدۇ، تۆمۈريول ئىشچىسىمىدۇ، ھەربى لاۋازىماتچىمىدۇ،
روسىيە مىتىسىناتىلىرىمىدۇ، ئاقنىيەتلىك تەھرىرىمىدۇ، جامائەت ئىشلىرىغا
ئىنانە قىلغۇچىمىدۇ؟... نىملا بولمىسۇن بىز بېرىپ ياردەم قىلايلىچۇ!
— ياق،...تاياق يىگۈچى بىر مۇخبىر ئىكەن.
— تاياق يىگۈچى مۇخبىر ئىسكەن؟ ئوھوي، نىمنى بىلەتتى ئۇ،

بولدى ـ بولدى، ئاۋال بىر ئىستاكاندىن چاي ئىچەيلى!

1878 ـ يىل، ئىيۇل.

## نەپسانىيەتچى

ئۇنىڭدا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى قامچىلاشقا لازىم بولغان نەرسىلەرـ نىڭ ھەممىسى تەل ئىدى.

ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ساغلام، تۇغۇلۇشىدىنلا باي ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن يىللىق ھايات يولىدا باشتىن ـ ئاخىر باياشات ۋە ساغلام بولۇپ كەلگەن ئىدى، بىرەر قېتىممۇ ئەۋەن كۆرۈلمىگەن، بىرەر قېتىممۇ خاتالىق سادىر قىلمىغان، بىرەر قېتىممۇ گېپىدە كەتكۈزۈپ قويمىغان، شۇنداقلا بىرەر قېتىممۇ يېڭىلىشمىگەن ئىدى.

ئۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن گەپ سىغمايدىغان دەرىجىدە تۈز مۇئامىلە قىلاتتى!... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ تۈزلۈگى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلاتتى ۋە شۇ تۈزلۈگى بىلەن بارلىق كىشىنى — ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنى، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرىنى بېسىپ تۇراتتى.

تۈزلۈك ئۇنى ھەرقانداق قانۇندىن سىرت ياخشى ئىشلارنى قىلمايدىغان، شەپقەتسىز ئادەم بولۇشقا ھوقۇقلۇق قىلىپ قويغان ئىدى؛ يەنە تېخى ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىگى شۇ قەدەر ئىدىكى، زادى ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان ئىدى،... چۈنكى قانۇنلۇق ياخشى ئىش ياخشى ئىش ھىساپلانمايتتى.

مۇشۇنداق تىپىكلەشكەن ئۆزىدىن باشقا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق كىشىگە ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيتتى! بولۇپمۇ، مۇبادا باشـ

قىلارمۇ ئۇنىڭ ئۆزەمچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەي قويىدىغانلا بولسا، ئۇ تازا سەپرا بولۇپ كېتەتتى!

ئەمماكى، ئۇ ئۆزىنى تېخى نەپسانىيەتچى دەپ ھېساپلىمايتتى، — بەلكى نەپسانىيەتچىلىككە ھەرقانداق كىشىدىنمۇ بەكرەك تۈيغۇن ئىدى، ئۇنى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ بەكرەك سۆكۈپ ئەيىپلەيتتى! باشقا نېمە سۆز كەتسۇن! باشقىلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنىڭ توسالغۇسى ئىدى — دە!

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك — ئەڭ كىچىك ئاجىزلىقلىرىنىمۇ بويىنىغا ئالمايتتى، شۇڭا باشقىلارنىڭ ھەرقانداقلىكى ئاجىزلىقىنىمۇ چۈشەنمەيتتى ۋە ئۇنىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ ھەرقانداق كىشىنى ۋە ھەرقانداق ئىشنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ھەممە ئىدى، تۆت ئەتراپى، ئاستى — ئۈستى، ئوڭ — سولى پۈتۈنلەي ئۇنى دەۋرىي قىلىپ ئايلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ھەتتا كەڭ قوساق بولۇشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەڭ قوساقلىق بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق تۇرسا باشقىلارغا كەڭ قوساق بولۇشقا نېمە ھاجەت بولسۇن!

ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ سوتى ئالدىدا، ئۆز خۇداسى ئالدىدا، ئۇ، ئاشۇ غەلىتە مەخلۇق، ئاشۇ ئەخلاق مۇشتۇمزورى كۆزىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ، قەتئىي ئەمما ئېنىق تەلەپپۇزدا: "دۇرۇس، مەن دىگەن ئار — نومۇسى بار ئادەم، مەن دىگەن ئەخلاقلىق ئادەم!" دەپ ئېيتىدۇ تېخى!

ئۇ جان ئۆزۈش ئالدىدا تۇرغاندىمۇ تۆشكىدە يېتىپ يەنە شۇ گەپلەرنى تەكرارلىشى مۇمكىن — ھەتتا شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ تاشتەك قاتتىق يۈرىكى — ئۇقسانسىز، يۈرىكى — قىلچە تەۋرەنمەس بەلكىم.

ھەي، مەغرۇر، تەرسا، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان ئەخلاقى پەس-كەش، سېنىڭ ئەكسىچە ۋە قىپ-يالىڭاچ ھالدا ئەخلاقسىز قىلمى-شىڭنى ئاشكارىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەستە!

1878 - يىل، دېكابىر.

## كۆرەشنى داۋام قىلايلى يەنە!

ئىنتايىن كىچىككىنە، ئەرزىمەس بىر ئىشمۇ بەزىدە بىر ئادەمنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن!

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چوڭ يولنى بويلاپ چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتاتتىم!

ئېغىر بىر يوشۇرۇن سىزىم كۆكرىگىمنى قاتتىق باسماقتا، بوشىشىش كەيپىياتى يۈرىگىمگە زېلىم سالماقتا!

بېشىمنى كۆتەردىم... ئالدى تەرىپىمدە، ئىككى قاتار ئېگىز سۇۋادان تېرەكلىك ئارىسىدىكى يول گويا ئوقيانىڭ ئوقىدەك يىراق-يىراقلارغا سوزۇلۇپ تۇرماقتا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنى — شۇ يولنى بېسىپ ماڭدىم، مەندىن 10 ماڭدام نېرى كەلگۈدەك جايدا، كۆز قاماشتۇرغۇدەك ياز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىدا بىر توپ قۇشقاچ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دىكىلداپ سەكرەشمەكتە، ئاجايىپ لىۋەن دىكىلدىشىپ، ئىشەنچ بىلەن كۆڭۈل ئاچماقتا.

بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قۇشقاچ يانتۇ بولۇپ، يېنىچە تۇرۇپ بىر دەم شوخلۇق بىلەن دىكىلدىسا، بىر دەم پوكىنىنى پومپايتىپ، گويا ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ قورقمايدىغاندەك قىلىپ چاۋىل-داپ سايرىماقتا! ئۇ شۇنداق قەيسەر، شىجائەتنى نامايان قىلماقتا!

ئەمما مۇشۇ پەيتتە، ئاسمان قەرىدە چوڭ بىر لاچىن ئەگىپ ئايلانماقتا ئىدى، ئۇ بەلكىم مۇشۇ قەيەرگە چاڭگال سالماقچى نىيەت قىلغان چېغى.

مەن قاراپ تۇرۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم، روھىم جۇش ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن، ئەندىشىلىك ئوي-خىياللىرىم غايىپ بولدى، باشقىدىنلا مەندە ھاياتقا غەيرەت، قىزغىنلىق، ئارزۇ تۇغۇلدى!

مېنىڭ لاچىنلىرىمۇ باش ئۈستۈمدە ئەگسۇن قېنى....

"كۆرەشنى داۋام قىلايلى يەنە، بارچە يوقالسۇن كۆزدىن يىراققا!"

1879-يىل، نويابىر.

## يازغۇچى بىلەن ئوبزورچى

يازغۇچى ئۆز خانىسىدىكى يېزىق شىرەسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، تۇساتتىنلا بىر ئوبزورچى ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

— قانداق ئىش بۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئوبزورچى، — مەن سىزگە قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنى يازغىنىمدا، ئۇزۇن-ئۇزۇن ماقالىلىرىمدا، ئوبزور ۋە خەتلىرىمدە سىزنىڭ ھازىر ھېچقانداق تالانت-ئىقتىدارىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى، ئىلگىرىمۇ بولمىغانلىقىنى خۇددى ئىككىنى ئىككىگە كۆپەيتسە تۆت بولىدىغانغا ئوخشاش ئېنىق قىلىپ دەلىللەپ ئۆتكەن ئىدىم، سىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپلا كەتكەنلىكىڭىز توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم، سىزنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ بىلىمسىز-نادان ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ مانا ئەمدىلىكتە بولسا پۈتۈنلەي ئىقتىدارىڭىزدىن قېلىپ، ھالسىزلىنىپ بىر پارچە



www.uyghurkitap.com

يىرتىق لاتىغا ئوخشاپ قالغانلىقىڭىزنى دەپ ئۆتكەن ئىدىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ھەدەپ يېزىۋېتىپسىز، ئىجات قىلىۋېتىپسىز!

يازغۇچى خاتىرجەملىك بىلەن ئوبزورچىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— سىز ماڭا قارشى بىرمۇنچىلىغان ماقالا ۋە ئوبزورلارنى يازدىڭىز، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ، — بۇنىسى شەك - شۈبھىسىز. ئەمما، سىز تۈلكە بىلەن مۈشۈك ھەققىدىكى مەسەلنى بىلەمسىز؟ تۈلكىنىڭ ھىلە - مىكىرلىرى تولا بولسىمۇ، يەنە تۇتۇلۇپ قالىدۇ؛ مۈشۈكنىڭ بىرلا ئامالى بولۇپ، ئۇ دەرەخكە چىقىۋالىدۇ... ئىتنىڭ بولسا مۈشۈكچىلىك بۇنداق ئىقتىدارى يوق ئىكەن. مەنمۇ شۇنداق قىلدىم: سىزنىڭ ھەممىۋا ماقالىلىرىڭىزغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، بىر كىتاۋىمدىلا سىزنى پۈتۈنلەي ئىچىپ تاشلىدىم؛ سىرىكىچىنىڭ ئۈچ-لۇق قالپىقىنى ئەقىللىق كاللىڭىزغا كىيدۈرۈپ قويدۇم، كەلگۈسىدە نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىز ئالدىدا شۆھرەتلىك بولۇۋالارسىز.

— نەۋرە - چەۋرىلىرىم ئالدىدا؟! — دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ئوبزورچى، — گويا سىزنىڭ كىتاپلىرىڭىز نەۋرە - چەۋرىلەرگە قەدەر يېتىپ بارالايدىغاندەك قىلىدىكەنسىز! 40 يىلدىن كېيىن، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 50 يىلدىن كېيىن، سىزنىڭ كىتاۋىڭىزنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان بولىدۇ!

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دىدى يازغۇچى جاۋابەن، — شۇنىسى، مەن ئۈچۈن مۇشۇلا كۇپايە قىلىدۇ. گومىر ئۆزىنىڭ تېرسىتېسىغا مەڭگۈلۈك ياخشى ئاتاق قىلغان ئىدى، ئەمما سىزنىڭ قېرىنىدىشىڭىز ئۈچۈن يېرىم ئەسىرلا يېتەرلىك بولىدۇ. سىز ھەتتا قىزىقچىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىمۇ مۇناسىپ بولالمايدى-كەنسىز. خەير - خوش، جاناپ،... جانابىڭىزنىڭ ئىسمى - شەرىپى-

ڭىزنى ئاتاق دىمەكچىمۇ؟ بۇ بىھاجەتتۇر بەلكىم! مەن دىمىسەممۇ، سىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىڭىزنى كىشىلەر بىلەلەيدۇغۇ.

1878 ـ يىل، ئىيۇن.

## ئەيىپ كىمدە؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپپاق، يۇمشاق قولىنى ماڭا سۇندى... لېكىن مەن ئۇنى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتىم. ئۇنىڭ ياش ھەم يېقىملىق چىرايىدا ئەجەپلىنەرلىك بىر قىسما روھىي كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى؛ ياش ھەم پاك كۆزلىرى ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلەتتى؛ ياش ھەم ساپ قەلبى مېنى ئانچە چۈشەنمەيتتى.

ــ ئەيىۋىم نىمە؟ ــ ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۈمچىيىپ كەتتى.

ــ سىنىڭ ئەيىۋىڭ؟ ھەممىدىن بەك پارلاپ تۇرىدىغان ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئەڭ خۇشال ـ خورام ھۆر ـ پەرىشتە سەندىنمۇ تېزرەك گۇنا سادىر قىلغاندۇ بەلكىم.

مېنىڭ ئالدىمدا گۇنا ـ قىلمىشىڭ يەنىلا ئېغىر.

سەن چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان، مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان ئۇ ئەيىۋىڭنى بىلگىڭ كېلەمدۇ؟

بۇ بىر ئەيىپ شۇ يەردىكى: سەن تېخى ياش، مەن قېرى.

## ئۆمۈلگۈچى قۇرۇت*

ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن بىر ئۆمۈلگۈچى قۇرۇتنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قانلىرى ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقىنى ئېقىتقان پېتى تولغىنىپ يۈرمەكتە، تۈرۈلۈپ ـ تارتىشىپ بېشىنى كۆتەر-

مەگنە، قۇيرۇق نەشتىرىنى كۆز ـ كۆز قىلماقتا، ئۇ تېخى تەھدىت سالماقتا، جانسىز ھالەتتە تەھدىت سالماقتا.

مەن رەسۋا، پەسكەش بىر يازغۇچىنىڭ كىچىك بىر ماقالىسىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ شال ـ شۇلگەيلىرىنى يۇتقان، رەزىل ئىشلىرىنىڭ سېسىق يىرىڭلىرىنى پۇرقۇغان ئىدى، ئۇ تولۇپ ـ تارتىشىپ غەلىتە ھالەتكە كىرىۋېلىپ "چېكرا سىزىغى"** دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى ـ دە، دۇئىل يولى بىلەن ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئاقلاشنى... شان ـ شەرىپىنى ئاقلاشنى تەكلىپ قىلدى!

شۇنىڭ بىلەن، ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن ھىلىقى ئۆملىگۈچى قۇرۇتنى، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك قۇيرۇق ـ نەشتىرىنى ئويلاپ قالدىم.

1878 ـ يىل، ماي.

## چوڭ ئازاپ يوق

زەڭگەر ئاسمان، مامۇقتەك لەيلەپ يۈرگەن سۇس بۇلۇتلار، گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرى، ياشلارنىڭ يېقىملىق كۈلكىلىرى، ئۇلۇغ ـ ۋار بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ پارلاق گۈزەللىكى، سېھرىي كۈچكە ئىگە ئاياللارنىڭ چىرايىدىكى بەختلىك كۈلۈمسىرەشلەر ۋە كىشىنى مەستانە قىلغۇچى كۆزلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىۋاسى نىمىگە ئەسقاتىدۇ؟

ھەر ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىگە ۋەھىمە سالىدىغان،

---

* بۇ نەسرىي شېئىردا پەسكەش ئەدىپ مارگىۋىل يوشۇرۇنچە مەسخىرە قىلىنىدۇ، ئۇ بىر چاغلاردا تۇرگېنىۋقا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان.

** چېكرا سىزىغى ــ ئىككى تەرەپ دۇئىلغا چىققاندىكى چەك ـ چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن ئارىلىق دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنۇم بەرمەيدىغان بىر قوشۇق دورىنى دەرھاللا ئىچىشكە توغرا كېلىدۇ.

## باشقا كۈن چۈشكەندە*

— بۇ ئىڭراشلار نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟

— مېنىڭ ئازاپلىنىۋاتقانلىقىمنى، ھەددىدىن زىيادە ئازاپلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ.

— جىلغىدىكى ئېقىن سۇ تاشقا ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ شاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ئاڭلىغان... لېكىن بۇ ئەمدى نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟

— شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شاقىرىغان ئاۋاز بىلەن سېنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىڭ باشقا نەرسە بولماستىن، ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا ئاۋاز دېگەن سۆز. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، جىلغىدىكى سۇنىڭ شاقىراشلىرى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ، سېنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىڭ بولسا ھېچكىمنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قوزغىيالمايدۇ. سەن بەرداشلىق بېرەلمەي ئىڭراپ كەتتىڭ، شۇنى ئەستە تۇتقىنكى، بۇ باشقا نەرسە بولماستىن، ئىشقىلىپ ئاۋاز، ئاۋاز ئىكەن، گويا دەل-دەرەخلەرنىڭ سۇندۇرۇلغان چاغدىكى قاراس قىلىغان ئاۋازىغا ئوخشاش... ئاۋازدۇر.

1882 ـ يىل ئىيۇن.

* تۇرگېنېۋ مەزكۇر نەسرىي شېئىرنى ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى يازغان، ئۇ چاغدا تۇرگېنېۋ ئېغىر كېسەل (ئومۇرتقا راكى) بولۇپ ياتقاچقا، تازا ئازاپلىنىپ ئىڭراۋاتقان ۋە يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ئىدى.

# روس تىلى

دەرگۇمانىدا بولۇپ خاتىرجەمسىزلەنگەن چاغلىرىمدا، ۋەتىنىم تەقدىرىدىن غەم قىلىپ قاتتىق خىيالغا پاتقان چاغلىرىمدا، ماڭا ئىلھام، مەدەت بەرگەن، پەقەت سەن، ئەي ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، ھەققى، ئەركىن روس تىلى! سەن بولمىساڭ ئىدىڭ، يۇرتىمىز ئەھۋالىنى كۆرەلەيتتى كىم، ئۈمىتسىزلىك دېڭىزىغا پېتىپ قالماسمىدى ھەركىم! ۋاھالەنكى، بۇنداق بىر تىل ئەگەر ئۇلۇغۋار بىر مىللەتكە مەنسۇپ بولمىغان بولسا، ئىشەنگىلى بولماس ئىدى!

1882 ـ يىل، ئىيۇن.

# ئەيسا

چۈشۈمدە ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتىمەن، ھەتتا كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قاپتىمەن ـ دە، پاكارغىنا بىر يېزا چېركاۋىدا تۇرغۇدەكمىشمەن. پەيغەمبەرنىڭ قەدىمىي رەسىمى ئالدىغا قويۇلغان نوكچا ـ نوكچا ئىنچىكە شاملار يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقۇدەكمىش.

ھەر بىر كىچىك يالقۇننىڭ ئۆز ئالدىغا نۇر چەمبىرىكى بارمىش. چېركوۋگۇنۇس، خىرە ئىمىش... مېنىڭ ئالدىمدا بىرمۇنچە ئادەم تۇرغۇدەك.

كۆز ئالدىمدىكىلىرى پۈتۈنلەي ساغۇچ چاچلىق دىخانلارنىڭ باشلىرى ئىمىش. ئۇلار ھەدەپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەۋرىنىپ ئىغاڭلاپ بىر دەم يېتىۋېلىپ، يەنە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋالغۇدەك، گويا پىشقان بۇغداي باشاقلىرى يازنىڭ سەلكىن شامىلىدا لەرزان يەلپۈنۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا، دولقۇنسىمان ئىغاڭلاپ تۇرغۇدەك.

توساتتىن بىر كىشى ئارقا تەرەپتىن ئالدى تەرەپكە كېلىپ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغۇدەك.

مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمايمىشمەن، ئەمما شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئاشۇ كىشى ئەيسانىڭ ئۆزى دەپ سەزگۈدەكمىشمەن.

مېنى بىردىنلا ھاياجانلىنىش، قىزىقىش، قورقۇش ھىسسىياتى چۇلغىۋالغۇدەكمىش. مەن غەيرەتكە كېلىپ... يېنىمدا تۇرغان كىشىگە قاراپ قويغۇدەكمىشمەن.

ئۇنىڭ چىرايىمۇ باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ چىرايىغىلا ئوخشار ئىمىش. ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل ئۈستۈنگىرەك قارىغان بولۇپ، نەزىرىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا بىمالال تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ لەۋلىرى يۇمۇقلۇق، ئەمما بەك چىڭ يۇمۇلمىغان بولۇپ، ئۈستۈنكى كالپۇكى تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقاندەك تۇرارمىش. شالاڭ ساقىلى ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ ئىككى قولى بىر بىرىگە كىرىشكەن بولۇپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرىمىش، كىيىنىشلىرىمۇ باشقا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرىگە ئوخشاشمىش.

"قانداقمۇ ئەيسا بولسۇن بۇ؟ ــ دەپ ئويلىغۇدەكمىشمەن، ــ شۇنچىۋالا ئاددى، شۇنچە ساددا كىشىكەنغۇ! ياق، ئەيسا ئەمەس ئۇ!"

مەن بۇرۇلۇپ بىر ياققا كەتكۈدەكمىشمەن. مەن دىققىتىمنى ھېلىقى ئادەتتىكىدەك كىشىدىن يۆتكەشكە ئۈلگۈرمەستىنلا، يېنىمدىكى ھېلىقى كىشىنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى باشقىدىن ھىس قىلغۇدەكمىشمەن.

مەن يەنە غەيرەتكە كېلىپ قالغۇدەكمىشمەن... شۇنداق قىلىپ، يەنە شۇنداق بىر چىرايىنى، ھەممە ئادەمنىڭ چىراي ـ تۇرقىغا

ئوخشىشىپ كېتىدىغان چىرايىنى، ماڭا تونۇش بولمىسىمۇ لېكىن
ئاجايىپ ئاددى چىرايىنى كۆرگۈدەكمىشمەن.

مېنى ئالامەت قورقۇنچ باستى — ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن. شۇ
تاپتىلا چۈشەندىمكى مۇشۇ چىراي، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىغا
ئوخشىشىپ كېتىدىغان چىراي، راستىنلا ئەيسانىڭ چىرايى ئىكەن!

1878 ـ يىل، دېكابىر.

## قىيا تاش

دېڭىز قىرغىقىدا تۇرغان كۆلرەڭ قەدىمى تاشنى، قۇياشنىڭ
ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن باھار كۈنلىرىدە، دولقۇن ئۆرلىگەن پەيت-
لەردە، تۆرگۈن ـ تۆرگۈن دولقۇنلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئۇنىڭغا
ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى — ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئوينا-
ۋاتقانلىقىنى ۋە سۆيۈۋاتقانلىقىنى، ھەتتا پارقىراپ تۇرغان مەرۋايىتلار-
دەك بۇژغۇنلارنى موخ قاپلاپ كەتكەن تاشقا چېچىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەنمىدىڭ؟

قىيا تاش ئوخشاشلا قىيا تاش بولۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇنىڭ
تۇتۇق يۈزىدە پارلاق نۇر ـ رەڭ چاقناپ تۇرىدۇ.

چاقناپ تۇرغان ئۇ رەڭ يىراق ـ يىراق زامانلاردىن ھىكايە قىلىپ
تۇرىدۇ، ئۇ زامانلاردا ئېرىپ سۇيۇقلۇققا ئايلانغان گىرانىت تاشلار
ئەمدىلا تىن قېتىشىپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىدىن ئوتتاش-
تەك قىپ ـ قىزىل رەڭ چاقناپ تۇرىدىكەن.

مۇشۇ يېقىندا، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان نارىسىدە قىزنىڭ
روھى تۇشمۇ ـ تۇشتىن مېنىڭ زەئىپ كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى،
ئۇلارنىڭ پەپىلىشى بىلەن، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئىلگىرى چاقناتقان

رەڭلىرىنى يېڭىۋاشتىن پارلاتتى، ئىلگىرى ياندۇرغان ئۇچقۇنلىرىنى يالقۇنجاتتى!

دولقۇن ئۆتۈپ كېتىدۇ... ئەمما رەڭ ئۆز جۇلاسىدىن قالمايدۇ، گەرچە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغاق شامال ئۇلارنى سوقۇپ تۇرسىمۇ!

1879 ـ يىل، ماي.

(«تۇرگېنيۋنىڭ نەسرىي شېئىرلىرى»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**



# بىر ئالقاپنىڭ چۈشى

(پانتازىيىلىك ھېكايە)

**دوستويېۋسكى**

**1**

مەن بر ئالقاپ. ئۇلار مېنى ساراڭ دېيىشىۋاتىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇرۇنقىدەك يەنىلا ئالقاپ بولمىغىنىمدا ئىدى، ساراڭ دېگەن ئاتاق دەرىجەمنى بر بالداق كۆتەرگەن ھېساپلىناتتى. بىراق، مەن ئەمدى بۇنداق ئاتاشقا خاپا بولمايدىغان بولۇپ قالدىم، ھازىر ئۇلار ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا مېنى مەسخىرە قىلغان چاغدىمۇ ئۇلار ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتمىغان بولسام، بەلكىم ئۇلار بىلەن بىللە كۈلگەن بولاتتىم، — ئۆزەمنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قىزىق ئىكەن دەپ كۈلگەن بولاتتىم. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېچىندىم، مەن بولسام ھەقىقەتنى بىلىمەن. ھەي، ھەقىقەتنى بىرلا ئادەم بىلسە، بۇ ئادەم ئۈچۈن نېمە دېگەن ئازاپ! لېكىن، ئۇلار بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇنداق، ئۇلار بۇنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ.

خەقلەر مېنى شاللاق ۋە كۈلكىلىك دەپ قارايدۇ، بۇرۇن

بۇنىڭغا دائىم كۆڭلۈم بەك يېرىم بولاتتى. مەن قارىماققا ئالىقاپلا ئەمەس، بەلكى راست ئالىقاپ. مەن ئەزەلدىنلا ئالىقاپ، بۇ ئۆزەمگە ئايان، ئېھتىمال، دۇنياغا ئاشۇنداق تۆرەلگەن بولغىيدىم. ئۆزەمنىڭ ئالىقاپ ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چاغدا، ئالاھەزەل يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسام كېرەك. كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم، ئاقىۋەت قانداق بولدى؟ — ئوقۇغانسېرى ئۆزەمنىڭ ئالىقاپ ئىكەنلىكىنى سەزدىم. شۇڭا، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپتە شۇنچە كۆپ بىلىم ئالغانلىقىم ئەڭ ئاخىردا گويا بىلىمنى قانچىكى چوڭقۇر تەتقىق قىلسام، شۇنچە ئالىقاپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنىلا ئىسپاتلاپ بەردى ۋە چۈشەندۈردى، خالاس. بىلىم تەتقىق قىلغان-لىقىمنىڭ نەتىجىسى ئاشۇنداق، ئەمەلىي ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى. يىللار ئۆتتۈۋەردى، مەن ئۆزەمنىڭ ھەممە جەھەتتىكى ئىپادەم بەك شاللاق ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىمدىن چۈشەندىم، بۇنداق چۈشىنىش ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ، بارغانسېرى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ھەممە ئادەم مېنى مەسخىرە قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئەگەر دۇنيادا ھەر-قانداق كىشىدىن ئالىقاپ ئىكەنلىكىمنى ئەڭ ئېنىق بىلىدىغان بىر ئادەم بار دېيىلسە، ئۇ ئادەم ئۆزەم بولىمەن، بۇنى ھېچكىم چۈشەن-مەيدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇنى چۈشەنمەيدىغانلىقىغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن. ئەمما، مەنمۇ ئۆزەمدىن كۆرىمەن: مەن دائىم شۇنداق ھاكاۋۇرمەنكى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنىڭ ئالىقاپلىقىمنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايمەن. مەندىكى بۇنداق ھاكاۋۇرلۇق يىلدىن-يىلغا ئېشىپ باردى، ناۋادا باشقىلار ئالدىدا ئۆزەمنىڭ ئالىقاپلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشقا يول قويسام، ئۇ ھالدا، شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، شۇ كېچىسىلا ناگان بىلەن كاللامنىڭ

قېتىغىنى چىقىرىۋېتەلەيمەن. كىچىكىمدىن تارتىپلا ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھەمرالىرىم ئالدىدا ئۆزەمنىڭ ئالىقاپ ئىكەنلىكىمنى توساتتىن ئېتىراپ قىلىپ سىلىشتىن بەك ئەنسىرەپ كەلگەن ئىدىم، بىراق، مەن يىگىت بولۇپ يېتىلگىچە، ئۆزەمنىڭ غەلىتە مىجەزىمنى يىلدىن-يىلغا بەكرەك چۈشەنگەن بولسامۇ، ئەمما نىمشقىدۇر كۆڭلۈم خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. "نىمشقىدۇر" دىگەنلىكىمنىڭ سەۋىۋى شۇكى، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ سەۋىۋى، ئېھتىمال، بىر ئەھۋال ماڭا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، كۆڭلۈمدە بىر خىل قورقۇنچلۇق غەم داۋاملىق ئۆسۈۋاتقانلىقىدا بولسا كېرەك: كونكىرىت قىلىپ ئېيتقاندا، مەندە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن بىر تىپىن دىگەن ئېتىقات پەيدا بولدى. مەن خېلى بۇرۇنلا بۇنى ئالدىن سەزگەن ئىدىم، بىراق مۇكەممەل ئېتىقات ئۆتكەن يىلىلا نىمشقىدۇر بىردىنلا ئېتىلىپ چىقتى. مەن تۇيۇقسىزدىن دۇنيا راست مەۋجۇتمۇ ياكى ھېچنىمە يوق قۇرۇق نەرسىمۇ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن بىر تىپىن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. مەن ئۆزەمنىڭ ئەتراپىمدا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەنلىكىنى سېزىشكە باشلىدىم ۋە تولۇق ھىس قىلدىم. دەسلەپتە، مەن نۇرغۇن شەيئى ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولغان دەپ قارايتتىم، بىراق كېيىن ئويلاپ باقسام ئۆتمۈشتىمۇ قۇپ-قۇرۇق ئىكەن، پەقەت مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەردە شۇنداق بولسا كېرەك دىگەن ھىسسىيات قالدۇرغان ئىكەن. مەن كەلگۈسىدىمۇ ھېچنەرسە بولمايدىغانلىقىغا بارا-بارا ئىشەندىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن بىردىنلا باشقىلاردىن خاپا بولمايدىغان، باشقىلارغىمۇ ئانچە دىققەت-ئېتىۋار

www.uyghurkitap.com

بىلەن قارىمايدىغان بولدۇم. راستىنى ئېيتسام، بۇنداق ئەھۋال ھەتتا بەزىبىر ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇردى: ئېيتايلۇق، بازاردا كېتىۋېتىپ پات-پات باشقىلارغا ئۇسسۇۋالىمەن. بۇ مېنىڭ خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىمدىن ئەمەس: مېنىڭ خىيالغا چۆكۈپ كەتكۇدەك نىمەم بار ئىدى. ئۇنداق چاغلاردا مەن ھەرقانداق نەرسىنى زادىلا ئويلىمايتتىم، چۈنكى مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە بىر تىيىن ئىدى. ئەگەر بەزى مەسىلىنى ھەل قىلالىغان بولسامغۇ مەيلى ئىدى، كاشكى، بىرەر مەسىلىنىمۇ ھەل قىلالىمىدىم، ھەل قىلغۇدەك مەسىلەم ساماندەك ئەمەسمىدى؟ ئەمما، ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن بىر تىيىن ئىكەنلىكىنى ئويلىسamla، ھەممە مەسىلە بىراقلا غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ھەقىقەتنى تونۇۋالدىم. مەن ئۆتكەن يىلى 11-ئايدا، كونكىرىت ۋاقتى 11-ئاينىڭ 3-كۈنى ھەقىقەتنى تونۇۋالدىم، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر بىر دەقىقە ۋاقىتنى ئەستە تۇتالايمەن. بۇ ۋەقە تۇمانلىق بىر كېچىدە يۈز بەردى، شۇ كېچىسى قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. شۇ چاغ كەچ سائەت 11 بولغان چاغ ئىدى، مەن ئۆيگە قايتىۋېتىپ، بۇنىڭدىنمۇ دىمىق ۋاقىتنىڭ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئويلىغانلىقىم ھىلىمۇ ئېسىمدە. ھەتتا جىسمانى جەھەتتىمۇ شۇنداق ھىسسىياتتا بولدۇم. يامغۇر ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي يېغىپ تۇراتتى، سوغاق ئۇستىخانلارغا يىڭنىدەك سانچىلىپ كېچە بەك سۇرلۇك ۋە سۆرۈن تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىگە بىر خىل ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى، بۇ يامغۇرنىڭ قەستەن كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقاندەك يېغىۋاتقانلىقى ھىلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. يامغۇر سائەت ئون بىردە تۇيۇقسىزلا توختاپ قالدى، بۇ چاغدا

قورقۇنچلۇق نەم ھاۋا يېتىپ كەلدى، بۇ نەم ھاۋا يامغۇر ياققان چاغدىكىدىنمۇ سوغاق ئىدى، جىمى يەردىن، يولغا ياتقۇزۇلغان ھەر بىر پارچە تاشتىن، ھەممە كىچىك كوچىلاردىن نەم ھاۋا چىقىپ تۇراتتى، چوڭ كوچىدىن كىچىك كوچىلارنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىساڭ، ھەممە يەرنى تۇمان بېسىپ كەتكەن. ئەگەر كوچىلاردىكى گاز لامپىلار ئۆچۈپ كەتكەن بولسا، بەلكىم، كىشىگە تېخىمۇ ئازادىرەك تۇيۇلار دەپ ئويلىدىم بىردىنلا؛ گاز لامپىلار كىشىنى تېخىمۇ زېرىكتۈرۈۋېتەتتى، چۈنكى بۇ لامپىلار ھەممە ياقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇ كۈنى چۈشتە زادىلا ھىچنىمە يېمىدىم، كەچقۇرۇنلۇغى بالدۇرلا بىر ئىنژېنېرنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى دوستى بار ئىكەن. مەن لام-جىم دىمەي ئولتۇردۇم، ئۇلار مەندىن زېرىكتى بولغاي، بەلكىم. ئۇلار ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ سوقۇشۇپ، بىردىنلا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. بىراق، ئۇلار بىر پەس ھاياجانلانغىنى بىلەن، ئۇلار ئۈچۈنمۇ ھەممە نەرسە بىر تېيىن ئىكەنلىگىنى سەزدىم. "جاناپلار، — سۆز قىستۇردۇم مەن، — مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىش سىلەر ئۈچۈن ئەزەلدىنلا بىر تېيىنگە ئەرزىمەيدۇ." ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ خاپا بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە مېنى مازاق قىلىپ كەتتى. چۈنكى مېنىڭ گېپىمدىن باشقىلارنى ئەيىپلەش مەنىسى چىقمايتتى، پەقەت مەن ئۈچۈن ھەممە ئىش بىر تېيىن بولغانلىغىدىن بولدى. ئۇلار مېنىڭ ھەممە نەرسىنى بىر تېيىن دەپ قارايدىغان پوزىتسىيەمنى سېزىۋالغانلىغى ئۈچۈن تازا ئېچىلىپ-يايراپ كېتىشتى.

مەن كوچىدا ئاسمان بوشلۇغىغا نەزەر سالغاچ گاز لامپىلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ماڭدىم. تۈن ئادەم قورققۇدەك قاراڭغۇ ئىدى، شۇنداق

بولغان تەقدىردىمۇ بۇلۇت پارچىلىرىنى يەنىلا ئېنىق پەرقلەندۇرگىلى بولاتتى، بۇلۇتلار ئارىسىدىن پارچە-پارچە تېگى يوق چوڭقۇر قارا داغلار كۆرۈنەتتى. بىر پارچە قارا داغ ئىچىدىن توساتتىن بىر كىچىك يۇلتۇزنى كۆردۈم-دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدىم. چۈنكى كىچىك يۇلتۇز ماڭا ئىلھام بەردى: مەن مۇشۇ كېچىدىلا بۇ دۇنيادىن جۇدا بولۇش قارارىغا كەلدىم. مەن بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىلا ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم، گەرچە ناھايىتى نامراتلىقىمغا قارىماي خېلى ئوبدان بىر تاپانچا ئېلىپ قويغان ۋە شۇ كۈنىلا ئۇنى ئوقلاپ قويغان ئىدىم. ئەمما، ھەش-پەش دېگىچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، تاپانچا يەنىلا تارتمامدا تۇرۇۋەردى؛ بىراق مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە بىر تىيىن بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەت تېپىپ، ئۆزەم ھەممە نەرسىنى بىر تىيىن دەپ قارىمايدىغان بولغان چاغدا بىر گەپ بولار دېگەن ئويغا كەلگەن ئىدىم، نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىكەنلىكىمنى ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن. شۇڭا، ئىككى ئايدىن بۇيان، ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە كىرىپلا ئۆزەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش خىيالىدا بولۇپ كەلدىم. پۇرسەت كۈتۈپ كەلدىم. ئەمدى بۇ كىچىك يۇلتۇز ماڭا ئىلھام بەردى، بۈگۈن تۈندە جەزمەن ھەركەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. كىچىك يۇلتۇزنىڭ قانداق قىلىپ ماڭا ئىلھام بەرگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئۆزەممۇ ھېچ چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

ئاسمانغا قاراپ تۇراتتىم، بىر قىزچاق يېڭىمنى قاتتىق تارتتى. كوچا قوپ-قۇرۇق بولۇپ، بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. يىراق يەردە بىر يېنىك پەيتۇن تۇراتتى، ھارۋىكەش پەيتۇن ئىچىدە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. قىزچاق سەككىز ياشلاردا بولۇپ، بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان، ئۈستىگە



www.uyghurkitap.com

قىسقا ھەم تار پەشمەت كىيىۋالغان ئىدى. ئۇستىۋېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۇغا مىلىنىپ كەتكەن ئەسكى ئايىغى ئىسمىدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، ھەتتا ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاياق كىيىمى بولۇپمۇ كۆزەمگە غەلىتە كۆرۈنەتتى. قىزچاق تۇيۇقسىزلا يېڭىمنى تارتىپ قويۇپ، ماڭا سالام بەردى. ئۇ يىغلىمىدى، بەلكى دۇدۇقلاپ بىرنىمىلەرنى دەپ كەتتى، ئۇ توڭلاپ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمىدى. ئۇ بىر نىمىدىن جېنى چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كېتىپتۇ، ئېچىنىشلىق ھالدا "ئانا! ئانا" دەپ توۋلايتتى. مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم-دە، گەپ قىلماستىن ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم، ئەمما ئۇ يۈگرەپ كېلىپ مېنى توختىتىۋالدى، ئۇنىڭ گېپىدىن ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن بالىنىڭ ئۈمىتسىزلىك ھىسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇنداق گەپنى پەرقلەندۈرەلەيتتىم، قىزچاق گېپىنى تۈگىتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇنىڭ ئانىسى مەلۇم يەردە سەكراتتا قالغان، ياكى ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ، ئۆزى ئادەم قىچقارغىلى چىققان، ئاپىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر نىمە تەلەپ قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئەمما، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارمىدىم، ئەكسىچە، ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى بولدۇم، مەن باشتا ئۇنىڭغا ساقچىغا بېرىڭ دىدىم. بىراق، ئۇ كىچىك قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈۋېلىپ، توختىماستىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ، مېنى قويۇپ بەرمىدى. مەن شۇ زاماتلا ئۇنىڭغا تېپىچەكلەپ ۋاقىراپ سالدىم. ئۇ پەقەت: "بېگىم، بېگىم!..." دەپلا مېنى قويۇۋېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى كوچىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە كەتتى: ئۇ يەردە بىر ئۆتكۈنچى ئادەم

پەيدا بولدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ مېنى تاشلاپ، شۇ ئادەمنى تاپماقچى بولدى.

مەن ئۆزەم ئولتۇرغان بەشىنچى قەۋەت بىناغا چىقتىم. ئۆي ئىگىسى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرمايمەن، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ئۆيى بار. مېنىڭ ھوجرام ئاددى ھەم تار بولۇپ، ئۇنىڭ بالىخانىلاردا ئادەتتە بولىدىغان يېرىم دۈگىلەك دېرىزىسى بار ئىدى. ئۆيدە كىلىيونكا بىلەن قاپلانغان بىرسافا، بىر شىرە، شىرە ئۈستىدە بىرئاز كىتاپ، يەنە ئىككى ئورۇندۇق، يۇمشاقىنا بىر دىۋان بار، بۇ دىۋان گەرچە كونىراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا يەنىلا ۋولتار دىۋانى① ئىدى. مەن ئولتۇرۇپ، شام ياقتىم، ئاندىن خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. تاختاي بىلەن توسۇلغان نېرىقى ئۆيدە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇلار توختىماي ۋاقىرىشىپ-جاقىرىشىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە ھەربىيدىن چېكىنگەن بىر كاپىتان ئولتۇراتتى، ئۇ بىر قىسىم مېھمان — بەش-ئالتە قولاق كەستىنى چاقىرىپ كېلىپ، ۋوتكا ئىچىشىپ، كونا قارتتا قىمار ئوينىشاتتى. ئاخشام ئۇلار ھەتتا مۇشلىشىپ قالغان ئىدى، ئىككەيلەن بىر بىرىنىڭ چېچىنى يۇلۇشۇپ خېلىغىچە قويۇپ بەرمىگەنلىگىنى ئاڭلىدىم. ئايال ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ئەيىپلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى كاپىتاندىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. بۇ بىنادا يەنە بىر ئائىلە يەنى بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ۋىجىك خوتۇنى ئولتۇراتتى، ئۇ باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، قۇچقاچتەك كىچىك-كىچىك ئۈچ بالىسى بار ئىدى، كۆچۈپ

① يۆلەنچۈكى ئىگىز بىر خىل دىۋان.

كەلگەندىن كېيىن باللىرى ئاغرىپ يېتىپ قالىدى. بۇ خانىم بىلەن
باللىرى كاپىتاندىن بەك قورقاتتى، كېچىچە دىر ـ دىر تىتزەپ،
مەيدىسىگە كىرىست سىزىپ چىقاتتى، كېچىك بالىسى قورقۇپ بىر خىل
تارتىشش كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. بۇ كاپىتاننىڭ بەزىدە نېۋا
كوچىسىدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن تىلەمچىلىك قىلىدىغانلىغىنى ناھا ـ
يىتى ئېنىق بىلەتتىم. ئۇنىڭ خىزمىتى يوق ئىدى، ئەمما شۇنىسى
ئاجايىپكى (مېنىڭ بۇنى تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەپ دەل مۇشۇ)، ئۇ
كۆچۈپ كەلگەن بىر ئاي ئىچىدە مېنى زېرىكتۈرمىدى. توغرا، مېنىڭ
باشتىلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقۇم بار ئىدى، ئۇ ماڭىمۇ زادىلا قىزىق ـ
مىدى، ئۇلارنىڭ تامنىڭ نېرىسىدا قانچە ۋاقىراشقان ـ جاقىراشقان ـ
لىرى بىلەن، قانچە ئادەم بارلىغى بىلەن مېنىڭ زادىلا چاتىقىم
بولمىدى. مەن كېچە ـ كېچىلەپ ئولتۇرۇپ چىقىمەن، ئۇلارنىڭ
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغانلىغىنى راست ئاڭلىماپتىمەن، ــ مەن ئۇلارنى
پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تۈن بويى ئۇخلىيالماي
چىقىمەن، ئۆتكەن بىر يىلنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. كېچىچە
جوزا يېنىدىكى دىۋاندا ئولتۇرۇپ ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزىمەن. پە ـ
قەت كۈندۈزى ئازراق كىتاپ ئوقۇيمەن. شۇنداق ئولتۇرۇپ
كېتىمەن، ھەتتا ھېچنىمىنى ئويلىمايمەن، كاللامغا ئازراق خىيال
كىرىپ قالسىمۇ، ھامان ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىمەن. ھەر ئاخ ـ
شىمى بىر شامنى يېقىپ بولىمەن. ئۈن ـ تىنسىز جوزىنىڭ
يېنىدا ئولتۇرۇپ، تاپانچىنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىمغا قويۇپ قويىمەن.
ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، تاپانچىنى قويۇپ قويۇپ، ئۆزەمدىن: "بۇ
قانداق قىلىق؟" دەپ سورايمەن، ئارقىدىنلا كەسكىن ھالدا ئۆزەمگە
"مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك" دەپ جاۋاپ بېرىمەن. بۇ ئۆزەمنى

www.uyghurkitap.com

ئېتىپ ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك دېگەنلىك ئىدى. بۈگۈن كەچتە جەزمەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىغىمنى بىلەتتىم. مېنىڭ جورىنىڭ ئالدىدا يەنە قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇرالايدىغانلىغىمغا كەلسەك ــ بۇنىڭغا بىر نىمە دېيەلمەيمەن. ھىلىقى قىزچاق بولمىسىغان بولسا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللىبۇرۇنلا ئۆزەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولاتتىم.

## 2

شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە بىر تىيىن بولسىمۇ، لېكىن سەزگۈ جەھەتتىن ئالغاندا، تېخى ئاغرىقنى سېزەلەيمەن. بىرەرسى مېنى ئۇرسا، ئاغرىيدىغانلىقنى سېزىمەن. روھىي جەھەتتىمۇ شۇنداق: ئەگەر ئادەتتىن تاشقىرى پاجىئەلىك ۋەقە تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشنى بىلىمەن، مەن بۇرۇن شۇنداق ئىدىم، ئۇ چاغدا مەندە تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرگە بىر تىيىن دەپ قارايدىغان قاراش تېخى يوق ئىدى. يېقىندا، مەندە ئېچىنىش ھىسسىياتى بولغان ئىدى: ھىلىقى قىزچاققا مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن. بىراق، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىدىم، نىمە ئۈچۈن؟ بۇ ئەينى چاغدىكى بىردەملىك خاتا ئوي ـ پىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس: قىزچاق مېنى تارتتى، مېنى قىچقاردى، شۇ چاغدا بىر مەسىلە كاللامغا بىردىنلا كىرىۋېلىپ، ئۇنى ھەل قىلالمىدىم. مەسىلە بەك بىمەنە مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ تازا ئاچچىغىم كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىغلاندىمكى، مەن بۈگۈن ئاخشام ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىگىم ئۈچۈن، ئەمدىلىكتە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە

مەن ئۈچۈن تېخىمۇ بىر تىيىن بولۇشى كېرەك. نىمە ئۈچۈن مەندە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ھەممە نەرسە بىر تىيىن ئەمەس ئىكەن دىگەن ئوي تۇغۇلۇپ، بىر قىزچاققا ئىچ ئاغرىتتىم؟ مەن ئۇنىڭغا بەك ئىچ ئاغرىتتىم، ھەتتا يۈرىكىم ئاجايىپ مۇجۇلۇپ كەتتى، يۈرىكىم مەن تۇرغان ئەھۋالدا پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇجۇلۇپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن، ئەمما بۇ ھېسسىيات تاكى ئۆيگە قايتىپ جوزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىچە ماڭا ھەمرا بولدى، ناھايىتى بىئارام بولدۇم، ئۇزاققىچە بۇنداق بىئارام بولۇپ باققان ئەمەس. ھەر خىل ئەقلىي خۇلاسىلار ئارقا-ئارقىدىن كاللامغا كەلدى. ئەھۋال ناھايىتى ئېنىقكى، مەن قۇرۇق نەرسە ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىكەنمەن، ھازىرچە تېخى يوقلۇققا ئايلانمىغان ئىكەنمەن، دىمەك، مەن تېخى ھايات بولغاچقا، مەندىمۇ قايغۇرۇش ۋە ئىچ پۇشۇقى بولىدۇ، ئۆزەمنىڭ قىلىقلىرىم ئۈچۈن نومۇس قىلىمەن. خوش، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى. بىراق، ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان، ئېيتايلۇق، ئىككى سائەت ئۆتكەندە ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئىكەنمەن، ئۇنداقتا، قىزچاقنىڭ مېنىڭ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئار-نومۇس دەمسەن، دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى دەمسەن، بۇلارنىڭ مېنىڭ بىلەن نىمە چاتىقى؟ مەن تۈگىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ چاغدا تەل-تۆكۈس يوق بولۇپ كېتىمەن. مەن شۇنى تونۇدۇمكى، مەن ھازىرلا پۈتۈنلەي تۈگىشىمەن، شۇ سەۋەپتىن ھەممە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالىدۇ، بۇنداق ئوي-پىكرىم قىزچاققا ئىچ ئاغرىتىشقا بولغان ھېسسىياتىمغا، پەسكەش ئىش

قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان نومۇسۇمغا ئازراق تەسىر قىلمامدۇ؟ دېمەك، مەن دەل مۇشۇ سەۋەپتىن بەختسىز قىزچاقنى تەپچىكلىگەن، تېخى ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن ۋاقىراپ-جاقىرىغان. ئىچىمدە گويا مۇنداق دېگەنگە ئوخشاش: ”مەندە ئىچىنىش ھېسسىياتى يوق، ئەمەس، ئەگەر ماڭا چىدىغۇسىز پەسكەش قىلىقلارنى قىل دېسە، ھازىرلا قىلالايمەن، چۈنكى ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ.“ مېنىڭ ۋاقىراپ-جاقىراپ كەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ، كۆپچىلىك بۇنىڭغا ئىشىنەمدۇ؟ بۇنىڭغا مەن ھازىر شەكسىز چوڭقۇر ئىشىنىمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، تۇرمۇش بولسۇن، دۇنيا بولسۇن، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا باغلىق بولۇپ قالدى. ھەتتا ھازىرقى دۇنيانى گويا مەن ئۈچۈنلا يارىتىلغان دېيىشكە بولىدۇ: مەن ئۆزەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرسەم، كەم دېگەندە مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيا ئىككىنچى مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئېھتىمال، ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممە نەرسە راستىنلا مەۋجۇت بولماي قېلىشى مۇمكىن، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، ناۋادا سېزىملىرىم يوقاپ كەتسە، پۈتكۈل دۇنيامۇ دەرھال يوقىلىدۇ، ئەرۋاھدەك، مېنىڭ سېزىملىرىمگە پۈتۈنلەي بېقىندىغان نەرسىلەردەك ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيادا ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتتە مەنلا بولۇشۇم مۇمكىن. ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، مەن ئولتۇرۇپ خىيالغا غەرق بولغاندا، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچۈپ كەلگەن بۇ يېڭى مەسىلىلەرنى ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئويلاندىم، ھەتتا پىكىر-خىيالىم باشقا ياقلارغا كېتىپ قېلىپ، پۈتۈنلەي يوقىلاڭ خىيالغا بېرىلىپ كەتتىم. مەسىلەن، مەن تۇيۇقسىزلا غەلىتە خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم،

www.uyghurkitap.com

ئەگەر مەن بۇرۇن ئاي شارىدا ياكى مارستا ياشىغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ نومۇسسىز، ئەڭ پەسكەش ئىشلارنى قىلغان، ئۇ يەرلەردە قارغىش ئالغان، تازا رەسۋا بولغان، يۈز-ئابرويۇم تۆكۈلۈپ پەقەت چۈشتىكى ياكى قارا باسقان چاغلاردىلا ھېس قىلالايدىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، يەنە مەسىلەن، مەن كېيىن يەر شارىغا كەلدىم ھەمدە باشقا سەييارىدىكى قىلغان-ئەتكەنلىرىم تېخى ئېسىمدە تۇرغان، بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزەمنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىككىنچى قېتىم ئاي شارىغا قايتىپ چىقالمايدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، بۇ چاغدا، يەر شارىدىن ئاي شارىغا قارىغىنىمدا، — ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن بىر تېيىن بولامدۇ، يوق؟ ئۆزەمنىڭ ھەركىتىدىن نومۇس قىلمەنمۇ، يوق؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز، ئوشۇق ئىش، چۈنكى تاپانچا ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، تېنىمدىكى ھەر بىر تال نېرۋا بۇ ۋەقەنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى سېزىۋاتىدۇ، بىراق بۇ مەسىلىلەر مېنى ھاياجانغا سالدى، غەزەپلەندۈردى. مەسىلىنىڭ ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىپ چىقمىغىچە مەن تېخى ئۆلەلمىگۈدەكمەن. گەپنىڭ قىسقىسى، قىزچاق مېنى قۇتقازدى، چۈنكى مەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر قىلىش تۈپەيلىدىن ئۆزەمنى ئېتىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈردۈم. شۇ چاغدا، كاپىتاننىڭ ئۆيىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ توختىدى: ئۇلار قارت ئويناپ بولۇپ ياتماقچى بولۇۋاتقاندا، كوتۇلدۇشۇپ چارچاپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ چاغدا، مەن جوزا يېنىدىكى دىۋاندا ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قاپتىمەن، بۇ زادىلا بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. پەقەت تۇيمايلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ھەممىگە مەلۇمكى، چۈش دېگەن ئىنتايىن غەلىتە نەرسە: بەزى چۈش ئادەم

چۈچۈگىدەك ئېنىق بولىدىكەن، ھەتتا تەپسىلاتلىرىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن مەرۋايىتتەك كەم-كۈتىسىز بېجىرىم بولىدىكەن، بەزى چۈش بولسا غىل-پاللا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، گويا ماكان بىلەن زامان ئارىلىقىدا تېز ئۇچۇشۇۋاتقاندەك، ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمايدىكەن. چۈشنى تىزگىنلەپ تۇرغان نەرسە ئەقىل ئەمەس، بەلكى ئارزۇ-ئارمان، كاللا ئەمەس، بەلكى روھ ئىكەن، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەقلىم چۈشۈمدە بەزىدە تازا نەيرەڭ ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى دانا! بۇ چاغدا، ئەقلىمنىڭ چۈشتە پەيدا قىلغىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىشلار. مىسال ئۈچۈن ئېيتسام، ئاكامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا بەش يىل بولدى، بەزىدە ئۇنىڭ ماڭا ياردەملىشىپ بېرىۋاتقانلىقى، بىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ناھايىتى كۆيۈنىدىغانلىقىمىز چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ چۈشۈمدىمۇ ئاكامنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنلىكىنى، يەرلىككە قويۇلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتىم ۋە ئېسىمدە بار ئىدى. ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېنىمدا تۇرغان، ماڭا ياردەملىشىۋاتقان تۇرسا، بۇنىڭغا مەن قانداقسىگە ئازراقمۇ ھەيران بولماي تۇرالايمەن؟ ئەقلىم نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئىشنىڭ بولۇشىغا تامامەن يول قويىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھازىرچە توختالمايلى. يەنىلا چۈشۈم ئۈستىدە توختىلايلى. راست، شۇ چاغدا، يەنى ئون بىرىنچى، ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى بىر چۈش كۆردۈم! ئۇلار ھازىرغىچە مېنى مازاق قىلىپ، بۇ دېگەن چۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېيىشتى. بىراق، بۇ چۈش ئارقىلىق ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ چۈش ياكى راست ئىش ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى مەن ئۈچۈن بىر تىيىن ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ۋە تونۇغان ئىكەنسەن، ئۇ ھالدا مەيلى ئۇخلا

ياكى ئويغاق بول، ئىش قىلىپ بەربىر ھەقىقەتنى چۈشەنىدىڭ، بۇنىڭدىن باشقا ھەقىقەت يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى چۈش دىسە مەيلى، چۈش بولىۋەرسۇن، سەنلەرنىڭ ماختاپ كۆككە كۆتىرىۋاتقان بۇ خىل تۇرمۇشنى مەن ئۆلىۋېلىش يولى بىلەن ئاياقلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىمەن. ھالبۇكى، مىنىڭ چۈشۈم، ئاھ، شۇ چۈشۈم بولسا ماڭا بىر خىل ئۇلۇغ، نۇرلۇق، ھەممىسى يىڭىۋاشتىن باشلانغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان يىڭى تۇرمۇشنى گەۋدىلەندۈردى!

گىپىمنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغايسىز.

3

يۇقۇرىدا ئۆزەمنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئۇخلاپ قىلىپ، گويا بايىقى مەسىلىلەرنى داۋاملىق ئويلاۋاتقاندەك بولغانلىغىم ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇم. تۇيۇقسىزلا بىر چۈش كۆردۈم: ئولتۇرغان يىرىمدە تاپانچىنى ئۆزەمنىڭ يۈرىگىمگە — كاللامغا ئەمەس، يۈرىگىمگە توغرىلاپتىمەن؛ ئىلگىرى تاپانچىنى چوقۇم كاللامغا، ئوڭ چىكەمگە توغرىلاش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. تاپانچىنى مەيدەمگە دەللىگەندىن كىيىن، ئارىدىن بىرەر سىكۇنت ئۆتكەندە، توساتتىنلا ئۆيدىكى شام، جوزا ۋە تاملار ئالدىمدا پىقىراشقا ۋە تەۋرەشكە باشلاپتۇ. دەرھال بىر پاي ئوق چىقىرىپتىمەن.

چۈشۈڭگە بەزىدە ئىگىزدىن يىقىلىپ چۈشكەنلىگىڭ، ياكى بىرەرسى سىنى ئۆلتۈرمەكچى، ئۇرماقچى بولغانلىغى كىرىپ قالدۇ، ئەمما ھەرگىز ئاغرىغانلىقنى ھىس قىلمايسەن، ئىسىڭنى بىلەلمەي ئۆزەڭنى راستىنلا كارۋاتقا ئۇرۇۋالغان بولساڭمۇ قاتتىق ئاغرىغانلىقنى سىزىسەن، كۆپ ھاللاردا ئاغرىپ ئويغىنىپ كىتىشىڭ مۇمكىن.

مېنىڭ چۈشۈممۇ شۇنداق: مەن ئاغرىغانلىق ھېس قىلماپتىمەن، پەقەت ئۇچ ـ باغرىمنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتكەنلىكىنى، ھەممە نەرسە بىردىنلا غۇۋالىشىپ، ئەتراپىم ئادەم قورقۇدەك قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتىمەن. خۇددى قارغۇ ۋە گاچىدەك بولۇپ كېتىپتىمەن، قاتتىق بىر نەرسە ئۈستىدە تاناپتەك تۈپ ـ تۈز بولۇپ، ئوڭدامغا يېتىپتىمەن، كۆزەمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، مىدىر ـ سىدىرمۇ قىلالمايتتىم. بەزىلەرنىڭ ئەتراپىمدا ئۇ يان ـ بۇ يان يۈگرەپ يۈرگەنلىكى، ۋاقىراپ ـ جاقىراپ يۈرگەنلىكى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى، كاپىتاننىڭ ئەرلەر بويىچە تۆۋەن ئاۋازى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاياللار بويىچە يۇقىرى ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ــ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىردىنلا توختاپ قاپتۇ، بايا ئۇلار مېنى ئاغزى قاتتىق ئېتىلگەن گروبقا سېلىپ كۆتىرىپ مېڭىپتۇ. گروبنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتقىنىمدا بىر خىيال بىرىنچى قېتىم مېنى چۆچۈتىۋەتتى: مەن ئۆلۈپتىمەن، ھەممە تۈگىشىپتۇ، بۇ ئۆزەمنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن قىلچە گۇمان يوق، ھېچنېمىنى كۆرمەيمەن ھەم مىدىرلىيالمايمەن، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھېسسىيات بار ئىدى، پىكىر قىلالايتتىم. ئەمما، مەن ناھايىتى تېزلا بارىغا شۈكرى قىلىدىغان بولۇپتىمەن، ئادەتتە چۈش كۆرگەندەكلا رىياللىقنى سوغۇققانلىق بىلەن ئېتىراپ قىپتىمەن.

ئۇلار مېنى يەرلىكىمگە قويۇپتۇ. خالايىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تارقاپ كېتىشىپتۇ، پەقەت ئۆزەملا قاپتىمەن. قىمىر قىلالمايتتىم. ئىلگىرى ھەقىقەتەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۆرگە كۆمۈلۈشۇم مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، شۇ چاغدا گۆرگە باغلاپ تەسە-

ۋۇر قىلغىنىم قاراڭغۇ، زەي ھەم سوغۇق ھىسسىياتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە راستلا بەك سوغۇق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى بەك مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى سەزمىدىم.

مەن ياتتىم، ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ھېچنىمىدىن ئۈمىت كۈتمىدىم، بىر ئۆلۈكنىڭ ھېچنىمىگە ئۈمىت باغلىمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تىنغان ھالدا ئېتىراپ قىلدىم. يەر بەك زەي ئىدى. قانچىلىك ئۇزاق ياتقانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمىدىم، — بەلكىم بىر سائەت، بىر-نەچچە كۈن، ياكى نۇرغۇن كۈنلەر ياتقان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ چاغدا، تاۋۇتنىڭ قاپقىقىدىن بىر تامچا سۇ سىڭىپ كىرىپ، يۇمۇق-لۇق سول كۆزۈمگە چۈشۈپتۇ، بىر مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر تامچا چۈشۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ ھەر مىنۇتتا بىر تامچا سۇ توختىماي چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ زەردەم قايناپ، يۈرىكىم بىردىنلا قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. "بۇ ئوق تەككەن يېرىم بولسا كېرەك" — دەپ ئويلىدىم — "بۇ ئوق جاراھىتى، ئوق تېخىچە ئىچىدە تۇرۇپتۇ..." ھەر مىنۇتتا بىر تامچا سۇ يۇمۇقلۇق بىر كۆزۈمگە توپ-توغرا چۈشۈپ تۇراتتى. مەن تۇيۇقسىزلا دەرت تۆكۈشكە باشلاپتىمەن، ھەركەت قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئاۋازىم بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بەدىنىم بىلەن، مېنى مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان خۇداغا دەرت تۆكۈپتىمەن:

— كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىي نەزەر، مەۋجۇتلا بولىدىكەنسەن، ھازىر بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەھ-ۋال ھىلىھەم مەۋجۇتلا بولسا، ئۇ مۇشۇ يەردە پەيدا بولسۇن. ئەگەر مەن ئەقىلدىن ئېزىپ ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىمدىن ئۆچ ئېلىش

مەقسىددە مېنى بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە ئۇچىغا
چىقىان بىمەنە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلساڭ، ئۇ ھالدا،
شۇنى بىلىپ قويكى، مېنىڭ ھەرقانداق چاغدا چەككەن ھەرقانداق
كۆلپىتىمنى مېنىڭ سۆكۆت ئىچىدە بولغۇسى ئار-نومۇسۇمغا سېلىش-
تۇرغىلى بولمايدۇ. ھەتتا تارتقان كۆلپىتىم يۈز مىليون يىللار داۋام
قىلسىمۇ مەيلى!...
دەرت تۆكۈپ بولۇپ ئىككىنچى لام-جىم دىمىدىم. جىمجىتلىق
توپ-توغرا بىرمىنۇت دىگۈدەك ھۆكۈم سۈردى، شۇ ئارىلىقتا يەنە
بىر تامچا سۇ تېمىپ چۈشتى، لېكىن، بىلدىمكى، شۇنىڭدەك تولۇق
ئىشەنچ بىلەن ۋە قەتئى ھالدا بىلدىم ھەم ئىشەندىمكى، پۈتكۈل
ئەھۋالدا دەماللىققا چوقۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ. قەۋرەم توساتتىن
يېرىلىپ كېتىپتۇ. قەۋرىنىڭ ئۆزى ئېچىلىپ كەتكەن ياكى بىرسى
تەرىپىدىن قېزىپ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا، ئەزەلدىن
كۆرۈپ باقمىغان قاپ-قارا بىر ئالۋاستى مېنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ،
ئەرشى-ئەلاغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىزلا كۆزۈم ئېچىلىپ
كېتىپتۇ: بايا تۈن كېچە ئىكەن، ئەلمىساقتىن بۇيان كۆرۈلۈپ باق-
مىغان قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىكەن! بىز يەر شارىدىن ئايرىلىپ، ئالەم
بوشلۇغىدا ئۇچتۇق. مېنى تۇتۇۋالغان ھىلىقى ئالۋاستىدىن ئارتۇق-
چە بىر نەرسە سورىمىدىم، مەن كۈتتۇم، بەك قورۇندۇم. يۈرى-
گىمنى قاپتەك قىلىپ، قورقماس بولدۇم، ھېچنىمىدىن قورقماس
بولغانلىقىمدىن بەك خوشال بولۇپ كەتتىم. زادى قانچە ئۇزاق
ۋاقىت ئۇچقانلىقىمىز ئېسىمدە ئېنىق ئەمەس، شۇنداقلا ئېسىمگىمۇ
ئالالمىدىم، چۈنكى ھەممە ئىش ئادەتتە چۈش كۆرگەندىكىگە ئوخ-
شاش ئىدى، چۈشۈگىدە زامان بىلەن ماكاندىن ئۆتۈپ، مەۋجۇدىيەت

بىلەن تەپەككۇر قانۇنىيىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كۆڭلۈڭدە تەلپۈن-
گەن يەرگە بېرىپ توختايسەن. قاراڭغۇدا كۆزۈمگە بىر كىچىك
يۇلتۇز كۆرۈنگەنلىكى ئېسىمدە. "بۇ ئاسمان بۆرىسىمۇ؟" دەپ
سورىدىم مەن، بۇ گەپ ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى،
ئىش يۈزىدە مېنىڭ ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرگۈم يوق ئىدى. "ياق،
سەن ئۆيگە قايتىۋېتىپ يولدا بۇلۇت ئارىسىدىن كۆرگەن يۇلتۇز
مۇشۇ" دەپ جاۋاپ بەردى مېنى تۇتۇپ تۇرغان ئالۋاستى. بۇ ئال-
ۋاستىنىڭ ئادەم چىراي ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. شۇ يېرى ئاجا-
يىپكى، مەن بۇ ئالۋاستىنى ياخشى كۆرمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىزار
بولدۇم. مەن پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىشنى كۈتكەن ئىدىم، دەل
شۇنداق بولغاچقا، تاپانچىنى يۈرىكىمگە توغرىلاپ ئاتقان ئىدىم.
ئەمدىلىكتە بولسا، مەن ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم، تەبىئىكى
ئۇ ئىنسان ئەمەس، بىراق ئۇ بەرىبىر مەۋجۇدىيەت، يەنە كېلىپ
تىرىك-جانلىق نەرسە: "بايا قەۋرە سىرتىدىمۇ ھاياتلىق بار ئىكەن-
دە!" مەن چۈش كۆرگەندەك قالايمىقان ئوي-خىيالغا چۆكۈپ كې-
تىپتىمەن، لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېچقانداق چوڭ ئۆز-
گىرىش بولمىدى: "ئەگەر قايتا تىرىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا — دەپ
ئويلىدىم مەن، — يەنە قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان مەلۇم بىر خىل
ئىرادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كۈن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدى-
كەن، ئۇنداقتا، ھەرگىز زۇلۇم چېكىشنى ۋە خارلىنىشنى خالىماي-
مەن!" "سەندىن قورقىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، مېنى كۆزگە ئىلماي-
ۋاتىسەنغۇ" دېدىم تۇيۇقسىزدىن ھەمرايىمغا، مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋا-
لالماستىن يۈز-ئابرۇيۇمغا ئاھانەت كەلتۈرىدىغان بىر سوئالنى ئوت-
تۇرىغا قويدۇم، بۇ سوئال ھەممىگە ئايان بولغان، يوشۇرغىلى بولماي-

دىغان مەنىگە ئىگە بولغاچقا، يۈرىگىمگە يىڭنە سانچىلغاندەك ئىزا-
ئاھانەتتە قالدىم. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ قايتۇرمىدى، ئەمما مەن
شۇ زاماتلا ئۇنىڭ مېنى كەمستمەيدىغانلىغىنى ۋە مازاق قىلمايدىغانلى-
غىنى، شۇنداقلا ماڭا ھىسداشلىقمۇ قىلمايدىغانلىغىنى سەزدىم. بىز-
نىڭ مۇساپىمىز ئېنىق بولمىغان، مەن ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان
بىر مەنزىل ئىدى. ئىچىمدە بارا-بارا قورقۇشقا باشلىدىم. ئۇن-تىنى-
سىز بىر خىل دىلخەستىلىك لام-جىم بولۇۋالغان ھەمرايىمدىن
پۈتۈن تېنىمغا سىڭىپ كەتكۈدەك تەسىر قىلدى. بىز قاپ-قاراڭغۇ يات
ھاۋا بوشلۇغىدا تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتۇق. ئۆزەمگە تونۇشلۇق
بەزى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى خېلى ۋاقىتقىچە كۆرمىدىم. ماڭا مەلۇمكى،
پايانسىز كەڭ ئالەم بوشلۇغىدا بەزى يۇلتۇزنىڭ نۇرى نەچچە مىڭ
يىلدا، ھەتتا نەچچە مىليون يىلدا يەرشارىغا ئاران يېتىپ كېلىدۇ.
بىر ئېھتىمال بۇ يۇلتۇزلاردىنمۇ ئۇچۇپ ئۆتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن.
يۈرىگىمنى قاتتىق مۇجۇۋاتقان ئىچ پۇشۇغى ئىچىدە مەن بىرنىمە-
لەرنى كۈتىۋاتاتتىم. بىردىنلا، بىر خىل تونۇشلۇق بولغان، كىشىنى
چەكسىز ھاياجانلاندۇرىدىغان ھىسسىيات مېنى ھەيران قالدۇردى: مەن
توساتتىن بىزنىڭ قۇياشىمىزنى كۆردۇم! مەن بىلىمەنكى، بۇنىڭ
بىزنىڭ قۇياشىمىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ يەرشارىمىزنى
يېتىشتۈرگەن قۇياش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ قۇياشىمىز
بىلەن بولغان ئارىلىغىمىز چەكسىز يىراقتا، لېكىن مەلۇم سەۋەپلەر
تۈپەيلىدىن، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن شۇنى سەزدىمكى، ئۇ بىزنىڭ
قۇياشىمىزغا ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ قۇياشىمىز بىلەن
قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىدەك قىلچە پەرق قىلمايدىكەن. ئادەمنىڭ
يۈرەك تارىنى چېكىپ تۇرغان شېرىن ھىسسىيات خوشاللىققا تولغان

قەلبىمدە مەۋج ئۇرماقتا: ماڭا ھايات بېغىشلىغان نۇرنىڭ يېقىملىق كۈچى قەلبىمدە ئەگىمەكتە، ئۇ ئەرۋاھىمغا جان كىرگۈزدى، مەن قەۋرىگە كىرگەندىن تارتىپ بىرىنچى قېتىم ھاياتىي كۈچكە، ئاللە-بۇرۇن مەھرۇم بولغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىغىمنى ھىس قىلدىم.

"ئەگەر بۇ قۇياش بولغان بولسا، ئەگەر بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىلىقى قۇياشىمىز بولغان بولسا، — مەن ئۇنىلۈك توۋلىدىم، — ئۇن-داقتا، يەر شارى قەيەردە؟" ھەمرايىم دەرھال ماڭا بىر كىچىك يۇل-تۇزنى كۆرسەتتى، قاراڭغۇدا كىچىك يۇلتۇزدىن يېشىل نۇر چاقناپ تۇراتتى، بىز ئۇنىڭغا قاراپ ئۇدۇللا ئۇچۇپ باراتتۇق.

"ئالەمدە ئوپمۇ-ئوخشاش نەرسىلەر بولارمۇ، بۇ راستلا تەبىئەت-نىڭ قانۇنىمدۇ؟... ئەگەر بۇ باشقا بىر يەرشارى بولغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ يەر شارىمىز بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمىدۇ... ھىلىقى بەخت-سىز، ئېچىنىشلىق، شۇنىڭدەك يەنە قىممەتلىك ۋە ئەبىدى سۆيۈملۈك بولغان يەر شارى بىلەن، ئۇنىڭغا بەكمۇ ۋاپاسىزلىق قىلغان بالىسى-نىڭ قەلبىدىمۇ ئۇنىڭغا ئازاپلانغان مېھرىنى قوزغايدىغان ھىلىقى قۇياشىمىز بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاشمىدۇ؟..." مەن ئىختىيارسىز ھالدا شاۋقۇن كۆتىرىپ، ھىلىقى ئۆزەم چۆرۈۋەتكەن، ئەمما ماڭا بەك يېقىملىق بولغان يەر شارىغا مەندە چەكسىز سۆيۈنۈش پەيدا بولدى. مەن يامان كۆرگەن ھىلىقى بىچارە قىزچاقنىڭ سايىسى كۆز ئالدىمدىن غىپپىدىلا ئۇچۇپ ئۆتتى.

"ھەممىنى كۆرىسىز" دىدى ھەمرايىم جاۋابەن. ئۇنىڭ ئۈنىدىن بىر خىل ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا بىز ھىلىقى سەييارىغا يېقىنلىشىپ باراتتۇق. بۇ سەييارە كۆزۈمگە بارا-بارا چوڭ بولۇپ

كۆرۈنەتتى، مەن دېڭىز بىلەن ياۋروپانىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولدۇم، كۆڭلۈمدە غەلىتە بىر خىل ھېسسىيات، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بىر خىل قىزغىنلىق بىردىنلا پەيدا بولدى: "بۇنداق تاسادىپىي ئوخشاشلىق مۇمكىنمۇ، بۇنداق ئوخشاشلىق نېمە ئۈچۈن بولىدۇ؟ مەن ئۆزەم تاشلىۋەتكەن يەر شارىنى قىزغىن سۆيىمەن، پەقەت شۇنىلا قىزغىن سۆيىمەن، ۋاپاسىزلىق قىلغان مەن تاپانچا بىلەن كۆكرىگىمگە ئېتىپ ئۆلۈۋالغان چېغىمدا قېنىم شۇ يەر شارىغا تۆكۈلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ھەرقانداق چاغدىمۇ شۇ يەر شارىنى سۆيمىگەن ئەمەس، ھەتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن جۇدالاشقان كېچىدە ئۇنى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك سۆيدۇم. بۇ يېڭى يەر شارىدىمۇ جەۋرى-زۇلۇم بارمىدۇ؟ بىزنىڭ يەر شارىمىزغا كەلسەك، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئازاپلىق ھېسسىيات ئىچىدىلا سۆيىمىز، جەۋرى-جاپا ئىچىدە سۆيىمىز! بىز ئۇنى باشقا ئۇسۇل بىلەن سۆيەلمەيمىز، ئۇنى سۆيۈشنىڭ باشقا ئۇسۇلىنىمۇ بىلمەيمىز. ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەت چېكىشكە رازىمەن. ئەمدىلىكتە، مەن كۆزۈمگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئۆزەم جۇدا بولغان يەر شارىنى سۆيۈپ قويۇشنىلا ئۈمىت قىلىمەن، ئارزۇ قىلىمەن، بۆلەك بىر يەر شارىدا تىرىلىشنى خالىمايمەن ۋە شۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايمەن!..."

بۇ چاغدا، ھەمرايىم مېنى تاشلاپ يولىغا راۋان بوپتۇ. مەن گويا ھېچنىمىنى سەزمەيلا كۆز ئالدىمدىكى يەنە بىر يەر شارىغا چۈشۈپتىمەن، ئەسلىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۈن نۇرى ھەممە يەرنى يورۇتۇپ، جەننەتتەك، كىشىنى مەپتۇن قىلىپ تۇرىدىكەن. تاپىنىم بىر كىچىك ئارالغا تەككەنلىكىنى ھېس قىلدىم، بۇ ئارال يەر شارىمىزدىكى ئېگەي دېڭىزى ئىچىدىكى تاقىم ئاراللارنىڭ بىرسىگە بىدك

ئوخشايتتى، شۇنداقلا قۇرۇقلۇقنىڭ بۇ ئاراللار بىلەن تۇتاشقان مەلۇم يېرىگىمۇ ئوخشايتتى. توۋا، ھەممە نەرسە يەر شارىمىزدىكى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەن، گويا ھەممە يەر بايرام خوشاللىقىغا تولۇپ تاشقاندەك ئىكەن، ھەممە يەردە ھەيۋەتلىك، مۇقەددەس، ئەڭ ئاخىردا ئېرىشكەن غەلىبە نۇرى چاقناپ تۇرماقتا. يۇۋاش-مۇلايىم دېڭىزدا دولقۇنلار داۋالغۇپ قىرغاقلا ئاۋازسىز ئۇرۇلۇپ، غەمسىز، چىن كۆڭلىدىن، ئىخلاس بىلەن دېڭىز قىرغىقىنى يەڭگىل سۆيۈپ تۇراتتى. دەل-دەرەخلەر ئاسمان-پەلەك قەد كۆتىرىپ تۇرغان بولۇپ، ياپ-يېشىل ھەم چىرايلىق ئىدى، سان-ساناقسىز يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۇراتتى، ئۇلار خۇددى ماڭا مېھىر-مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ياپ-يېشىل چىمەنزارلىقتا رەڭگا-رەڭ گۈللەر خۇش پۇراق چاچماقتا ئىدى. توپ-توپ ئۇچار قاناتلار كۆكتە پەرۋاز قىلاتتى، ئۇلار مەندىن پەقەت قورقمايتتى، مۈرەمگە ۋە بىلىكىمگە قونۇشۇپ، چىرايلىق قاناتلىرى بىلەن خوشال ھالدا مېنى قاقاتتى. ئەڭ ئاخىردا، مەن بۇ جەننەتتىكى كىشىلەرنى بايقىدىم ۋە كۆردۈم. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ماڭا قاراپ كەلدى، مېنى ئورىۋالدى ۋە مېنى سۆيدى. بۇلار قۇياشنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، قۇياشنىڭ بۇ پەرزەنتلىرى — ئېھ، ئۇلار نىمە دىگەن چىرايلىق-ھە! يەر شارىمىزدا ئادەمنىڭ بۇنچە چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا كۆرۈپ باقماپتىمەن. ئېھتىمال پەقەت باللىرىمىزدىن، باللىرىمىز يۈگەك ئىچىدە ياتقان دەۋردە ئۇلاردىن بۇنداق گۈزەللىكنىڭ غۇۋا، نازۇك ئىزلىرىنى بايقاش مۇمكىن. بەختلىك بۇ كىشلەرنىڭ كۆزلىرى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇراتتى ۋە خاتىرجەم-

لىك ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇلار خۇش چىراي ئىكەن، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە ئۈنى پاك خۇشاللىققا تولغان ئىدى. ئېھ، ئۇلارنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈپلا ھەممىنى دەرھال چۈشەندىم! بۇ، ئىنسانلارنىڭ جىنايىتى بۇلغىمىغان پاك زېمىن، بۇ زېمىندا ياشاۋات-قانلارنىڭ ھەممىسى گۇناسىز پاك ئادەملەر ئىكەن، ئۇلار خۇددى بىز ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان، بىزنىڭ گۇ-نالىق بوۋىلىرىمىز ياشىغان جەننەتتە ياشايدىكەن، پەرق پەقەت شۇنىڭدىكى، بۇ كەڭ زېمىننىڭ ھەممە يېرى ئاشۇنداق جەننەت ئىكەن. بۇ كىشىلەر خۇشال ھالدا مېنى چۆرىدەپ كەلدى، ماڭا ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلدۈردى: ئۇلار مېنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ باردى، ھەممە يە-لەن مەندىن ھال سوراشتى. ئۇلار مەندىن ھېچنىمىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى، لېكىن مەن ئۇلار مېنى تولۇق چۈشەنگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئۇلار چىرايىمدىن كۈلپەت داغلىرىنى تېزلىكتە تۈگىتىش كويىدا ئىدى.

## 4

سىلەرگە مەلۇمكى، بۇ ئاخىر، ھە راست، چۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! بىراق، بۇ ئاق كۆڭۈل، گۈزەل كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى مەندە قالدۇرغان تەسىرات كۆڭلۈمدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھېلىھەم شۇ يەردىن يۈرىكىمگە قۇ-يۇلۇپ تۇرماقتا. ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇلارنى تونۇي-مەن، ئۆزەمچە ئۇلارنى سۆيىمەن، كېيىن تېخى ئۇلار ئۈچۈن قايغۇر-غان. ھەي، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا مەن نۇرغۇن جەھەتتە ئۇلارنى

تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىمنى دەرھال ئۇقتۇم؛ مەسىلەن، ھازىر-قى زاماندا ئالغا بېسىشقا ئىنتىلگەن بىر رۇس ۋە ئەرزىمەس بىر پېتېربۇرگلىق تۇرۇپ شۇنى پەقەت چۈشىنەلمىدىمكى، ئۇلار يەر شارىمىزدىكى بىلىملەرنى ئىگەللىمەي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر بىلىملىك بولۇپ كەتكەن. بىراق، مەن ناھايىتى تېزلىكتە شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالدىمكى، ئۇلار بىلىملىرىنى ئۆزلۈكسىز تولۇق-لاپ بېرىش ۋە ئۆستۈرۈپ بېرىشتا تايانغان كۈزىتىش ئىقتىدارى يەر شارىمىزدىكىگە ئوخشمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەۋىسىمۇ بىزنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدىكەن. ئۇلار قۇرۇق ئارزۇ قىلمايدىكەن، تەبىئەتتىن ئاتاق-ئابرويغا قىزىقمايدىكەن، ئۇلار بىزدەك تۇرمۇشنى چۈشىنىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلمايدىكەن، چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنى ناھايىتى تولۇق بىلىدىكەن. لېكىن ئۇلار ئىگەللىگەن بىلىم بىزنىڭ بىلىمىمىزدىن بەكمۇ چوڭقۇر ۋە كۆپ ئىكەن؛ چۈنكى بىز بىلىمىز ئارقىلىق ھامان نىمىنىڭ رېيال تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، تىرى-شىپ رېياللىقنى تونۇش، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ قانداق ياشى-شىغا يېتەكچىلىك قىلىش كويىدا بولۇپ كەلدۇق؛ ئۇلار بولسا ھېچ-قانداق بىلىمگە تايانماي تۇرۇپلا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلىدىكەن. بۇ قائىدىنى مەن چۈشىنىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۇقمايمەن. ئۇلار مېنى باشلاپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ دەل-دەرەخلىرىنى كۆرسەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ دەل-دەرەخلەرنى تاماشا قىلغان چاغدىكى چوڭقۇر مۇھەببىتىنى چۈشىنىپ كېتەلمىدىم: ئۇلار خۇددى ئۆز تۇرى-دىكىلەر بىلەن ھېسسىياتلىرىنى ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقاندەك بولاتتى. مەن شۇنى ئېيتالايمەنكى، ئۇلار جەزمەن دەل-دەرەخلەر بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرىدۇ، ئېھتىمال بۇنىڭدا خاتالاشمىسام كېرەك!

توغرا، ئۇلار دەل ـ دەرەخنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭمۇ ئۇلارنى چۈشىنىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن. ئۇلار دەل مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىغا مۇئامىلە قىلاتتى ـ ئۆزلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكەن تۈرلۈك هايۋاناتلارغا مۇئامىلە قىلاتتى، هايۋاناتلار ئۇلارغا چېقىلمايدىكەن، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاسرىشى ئارقىسىدا بەك كۆنۈكۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ماڭا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرسەتتى، تېخى بۇ يۇلتۇزلارنى مەن چۈشەنمەيدىغان گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى، بىراق مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاسمان جىسىملىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان چارىسى بولسا كېرەك، بەلكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئەمەس، ئەملىي ئۇسۇل ـ تەدبىرىمۇ بولسا كېرەك. ھە، بۇ كىشىلەر بىزنى چۈشەنمىسەڭ زادىلا بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالمايدىكەن، مەن ئۇلارنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۇلار مېنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىكەن، مەن ئۇلارنىڭ مېنى مەڭگۈ چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا ئۇلار ئالدىدا يەر شارىمىزنى زادىلا ئېغىزىمغا ئالمايمەن. مەن ئۇلارغا قارىتىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى سۆيۈپ، ئۇلارغا بولغان سۆيۈنۈشۈمنى بىلدۈردۈم، ئۇلار بۇنى كۆردى ھەمدە مېنىڭ ئۆزلىرىگە باغلىغان مۇھەببىتىمگە يول قويدى، مېنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىمغا خىجالەت بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ نۇرغۇن نەرسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن ناھايىتى خوشال بولغان ھالدا شۇنى بىلدىمكى، ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن ماڭا جاۋاپ قايتۇردى، شۇڭا مەن بەزىدە كۆزۈمگە لىقىدە ياش ئېلىپ ئۇلارنىڭ پۈتىنى سۆيگىنىمدە، ئۇلارمۇ مەن ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتمايتتى. مەن بەزىدە

ھەيران بولغان ھالدا ئۆزەمچە سورۇشتۇرۇپ كېتىمەن: ئۇلار نېمىشقا مەندەك ئادەمنى بۆزەك قىلمايدۇ؟ مەندەك ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىرەر قېتىممۇ گۇمانلىق ۋە كۆرەلمەسلىك ھېسسىياتى قوزغىمايدۇ؟ مەن ياندۇرمىلاپ ئۆزەمگە سوئال قويدۇم: مەندەك بىر پوچى، يالغانچىنىڭ نېمىشقا ئۇلارغا ئۆزەم بىلىدىغان ئىشلارنى (ئۇلار بۇنداق ئىشلاردىن، تەبىئىكى، قىلچە خەۋىرى يوق) ئېيتىپ قويمىدىم؟ بۇ ئىشلار ئۈستىدە، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇش مۇددىئاسىدا توختالمىدىم ياكى پەقەت ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈش يۈزىسىدىن توختالدىم؟ ئۇلار بالىلاردەك خوش ۋە خوشال-خورام ئىكەن. ئۇلار مەنزىرىسى چىرايلىق چاتقاللىق ۋە ئورمانلىق ئىچىدە سەيلە-تاماشا قىلىدىكەن، مۆڭلۈك ناخشىلارنى ئېيتىشىدىكەن، ئۇلار دەرەخلەردىكى مېۋىلەر، ئورمانلاردىكى ھەسەل، ئۆزلىرى بىلەن دوستانە ئۆتۈشىدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. ئۇلار كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك ئۈچۈن ئازغىنا يېنىك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەر-ئاياللىرى بىر بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، پەرزەنت كۆرىدىكەن، ئەمما ئۇلاردا شەھۋانىلىق سەۋدىسىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقتەك تەلۋىلىك ئىپادىسى بارلىقىنى ئەسلا كۆرمىدىم. بىزنىڭ يەرشارىمىزدا بولسا، بۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق ئەھۋالى ھەممە ئادەمدە دېگۈدەك مۇستەسناسىز ھالدا بار ئىدى، بۇنداق شەھۋانىلىقنى بىز ئىنسانىيەتنىڭ قىلغان تۈرلۈك گۇنايىنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار پەرزەنت كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرى بىللە بەخت كۆرىدىغان بۇ يېڭى ھاياتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن خوشال بولىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا تالاش-تارتىش بولمايدىكەن،

www.uyghurkitap.com

قىزغىنىش بولمايدىكەن، ھەتتا بۇلارنىڭ نىمە مەنىدە ئىكەنلىگىنىمۇ زادى بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇمۇمەنلىك بولىدىكەن، چۈنكى ھەممە ئادەم بىر ئورتاق ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشقان ئىكەن. ئۇلارمۇ ئۆلۈمدىن قورقۇلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئاغرىق-سىلاق دىگەن نەرسە بولمايدىكەن؛ ياشانغانلار ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئالەمدىن بەھۇزۇر كېتىدىكەن، ئالەمدىن كەتكەن چاغدا ھەممەيلەن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىكەن، ئۇ، كىشىلەرگە بەخت تىلەيدىكەن، تەبەسسۇم قىلىدىكەن، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن خوشال ھالدا تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىكەن. مەن شۇنى سەزدىمكى، كىشىلەر بۇنداق چاغلاردا قايغۇرمايدىكەن، يىغلىمايدىكەن، ئۇلاردا پەقەت چەكسىز خوشال بولغۇدەك مۇھەببەتلا بولىدىكەن، بىر خىل تىنچ، مەزمۇنغا باي، جىمجىت خوشاللىق بولىدىكەن. ئۇلار ھەتتا ئالەمدىن كەتكەن كىشى بىلەن يەنىلا ئالاقە باغلاپ تۇرىدىكەن، ئۆلۈممۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ۋاقىتدا ئورناتقان يېقىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ دەپ ھىساپلىساقمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. مەن ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك ھايات بولامدۇ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇلار بۇ گېپىمنى زادىلا چۈشىنەلمەدى، بىراق ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن، بۇنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز، بۇ مەسىلە ئۆزلىرى ئۈچۈن مەسىلە ئەمەس دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ ماكانىدا ئىبادەتخانا بولمايدىكەن، بىراق ئۇلار پۈتكۈل ئالەم بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ھەممەنپەس، تەقدىرداش، ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشتەك مۇناسىۋەت ئورناتقان؛ ئۇلار دىنغا ئىشەنمەيدىكەن، ئەمما ئۇلار قەتئىي ئىشىنىدۇكەنكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى خوشال-

خوراملىق پانى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چەككە يەتسىلا، ئۇلار (مەيلى
هاياتلار ۋە ئۆلگەنلەر بولسۇن) ئۇچۇن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئالەم
بىلەن تېخىمۇ كەڭ تۇردە ئۇچرىشىدىغان چاغ يېتىپ كېلىدىكەن.
ئۇلار بۇ چاغنىڭ يېتىپ كېلىشىنى خوشال هالدا كۈتىدىكەن، خۇددى
ئالدىن سېزىدىغاندەك، ئاسقىپمۇ كەتمەيدىكەن، ئەندىشىمۇ قىلماي-
دىكەن، شۇنىڭدەك بىر بىرىگە خەۋەر قىلىشىدىكەن. ئۇلار هەر
ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قۇلاققا يېقىملىق ناخشىلارنى تەڭ تووۋ-
لاشقا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ناخشا ئارقىلىق شۇ كۈنكى تۇرلۈك هېسسى-
ياتلىرىنى ئىزهار قىلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۈننى مەدهىيلەيدىكەن
ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىكەن. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنى، كەڭ
زېمىننى، دېڭىز-ئوكيانىنى ۋە ئورماننى كۈيلەيدىكەن. ئۇلار باشقى-
لارنى تەرىپلەيدىغان بەزى ناخشىلارنى توقۇپ، باللاردەك بىر بىرد-
نى ماختىشىدىكەن؛ بۇ ناخشىلار گەرچە ئىنتايىن साددا، هەشەمەت-
سىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان
چىن هېسسىيات بولغاچقا، كىشىنى بەك تەسىرلەندۇرىدىكەن. دېمەك،
ئۇلار ناخشىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل هاياتىدىمۇ بىر بىرىگە
مەدهىيە ئوقۇيدىكەن. بۇ، مەلۇم ئۇلۇغۋار، كەم-كوتىسىز، هەممىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان مېهرىۋانلىق هېسسىياتىدۇر. يەنە ئاهاڭى سەلتە-
نەتلىك، قىزغىن ۋە جۇشقۇنلۇق بەزى ناخشىلارمۇ باركى، ئۇلارنى
پۈتۈتلەي دىگۇدەك چۈشىنەلمىدىم. ناخشا تېكىستلىرىنى چۈشەن-
سەممۇ، ئەمما ئۇنىڭ تولۇق مەنىسىنى بىلىپ كېتەلمىدىم. كاللامدا
ئۇلارنى چۈشىنىش تەستەك تۇرغىنى بىلەن، كۆڭلۈمدە بولسا ئۇلار-
نى ئاڭسىز هالدا بارغانچە چوڭقۇر هېس قىلىپ باردىم. مەن هەمى-
شەم ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: ئىلگىرى بۇلارنى ئالدىنئالا

سەزگەن ئىدىم، بۇنداق خوشال-خۇراملىقلار ۋە گۈزەل نەرسىلەر يەر شارىمىزدا، مەندە قاتتىق پىكىر قىلىشتەك مەيۇسلىنىشنىلا پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە كۆڭلۈم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈشۈمدە كۆرگەن ئەھۋاللاردا، كاللامدا پەيدا بولغان ئارزۇ-تىلەكلەردە، مەن سىلەردەك ئادەملەرنىڭ ۋە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇنلا سەزگەن ئىدىم؛ يەر شارىمىزدا، مەن دائىم ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ تۇرۇپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتەتتىم...مەن يەر شارىمىزدىكى كىشىلەرگە نەپرەتلىنىمەن، نەپرەت ئىچىدە كۆپ ھاللاردا پەرىشان بولۇشۇم بار: نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى يامان كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يەنە ياخشى كۆرىمەن؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى جەزمەن ئەپۇ قىلىمەن؟ ئۇلارنى سۆيىمەن، لېكىن سۆيۈش ئىچىگىمۇ ئوخشاشلا پەرىشانلىق يوشۇرۇنغان: نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى سۆيۈش بىلەن تەڭ، ئۇلارغا نەپرەتلەنمەي تۇرالمايمەن؟ مەن شۇنى سەزدىمكى، بۇ خەقلەر گېپىمنى ئاڭلاپ، مېنىڭ زادى نىمىلەرنى دېگەنلىكىمنى چۈشەنمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمغا ئۆكۈنمەيمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزەم تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەرنى نەقەدەر قاتتىق ياد ئېتىۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ھە، ئۇلار مۇلايىم، يېقىملىق نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ دىلىممۇ ئۇلارنىڭكىدەك ئوخشاش پاك، تۈز بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلغىنىمدا، ئۇلارنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆكۈنۈپ يۈرمەيمەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىكەن، بۇ ئەھۋال مېنى مەپتۇن قىلاتتى، شۇڭا ئۈنتىنسىز ھالدا ئۇلارغا بەخت تىلىدىم.

ھە، ھازىر ھەممەيلەن مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ: چۈشۈڭدە كۆرگەن ئىشىڭ سۆزلەپ بەرگىنىڭدەك شۇنچە تەپسىلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈشۈڭدە كۆرگەن ياكى ھېس قىلغىنىڭ ئەس ـ ھۇشۇڭنى تاپالمىغان چاغدا كاللاڭدا پەيدا بولغان بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بەزى تەپسىلات-لارنى ئويغانغاندىن كېيىن ھەممىسىنى ئۆزەڭ توقۇپ چىقتىڭ، دېيىشتى. بۇنداق بولۇشى راستىنلا مۇمكىن دەپ ئۇلارغا ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان چېغىمدا، ــ ئاللا تۇۋا، مەن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بەك مەسخىرىسىگە قالدىم، مېنىڭ كاساپىتىم بىلەن، ئۇلارنىڭ گۇلقەقەسى تازا ئېچىلىپ كەتتى! توغرا، قىلچىمۇ يالغان يېرى يوق، مەن پۈتۈنلەي چۈشتىكى تەسىراتقا بېرىلىپ كېتىپتىمەن، پەقەت مۇشۇن-داق تەسىراتىلا قاتتىق جاراھەتلەنگەن دىلىمدا تولۇق ساقلانماقتا، چۈنكى چۈشۈمدىكى ھەقىقى كىشىلەر ۋە ھەقىقى ئىشلار، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن تۇرلۇك ئوبرازلار شۇ قەدەر مۇلايىم ـ ئىناق، شۇ قەدەر سىرلىق ـ گۈزەل، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە شۇ قەدەر تىرىكتەك جانلىق ئىدىكى، ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلارنى كەمبەغەل تىلىمىز بىلەن زادىلا بىر ـ بىرلەپ تەسۋىرلەپ بېرەلمىدىم، چۈنكى ئۇلار ئېسىمدىن بارا ـ بارا چۇقۇم چىقىپ كې-تەتتى، شۇ سەۋەپتىن مەن كېيىن، بەلكىم، راستىنلا ئاڭسىز ھالدا تۇرلۇك تەپسىلاتلارنى يېزىپ چىققان بولۇشۇم مۇمكىن، بولۇپمۇ تاقىتىم تاق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئىمكان قەدەر ئاز ـ تولا دەپ بەرمەكچى بولغانلىغىمدىن، ئەمىلىيەتتىن چەتلەپ كەتكەن يېرى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇلارنىڭ پاكىت ئىكەنلىگىگە ئىشەنمىسەم بولامدۇ؟ پاكىت مېنىڭ ئېيتقانلىرىمدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل، رو-

شەن ۋە قىزىقارلىقمۇ، قانداق؟ خوش، بۇنى چۈشمۇ دەيلى، ئەمما بۇلار ھەرگىزمۇ ئويدۇرما ئەمەس. سىلەرگە بىر سىرنى ئاشكارىلاي- مەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى زادىلا چۈش بولماسلىقى مۇمكىن! چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئەھۋالنىڭ ئېنىقلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇنى چۈشتە توقۇپ چىقىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەيلى، بۇ چۈشنى قەلبىمنىڭ مەھسۇلى دەپمۇ ھېسابلايلى، ئەمما قەلبىم مەن كېيىنچە ئۇچراتقان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق ھەقىقەتنى قانداقمۇ ئويدۇرۇپ چىقىرالىسۇن؟ بۇنداق ھەقىقەتنى مەن ئۆز ئالدىمغا دىلىمدە قانداقمۇ توقۇپ چىقالايمەن ياكى خىيال قىلىپ چىقالايمەن؟ مېنىڭ ھېچنىمىگە ئەرزىمەس قەلبىم ۋە تۇتۇرۇقى يوق پەمسىز كاللام ھەقىقەتنى چۈشەنگۈدەك ئالىجاناپ دەرىجىگە يېتەلەمدۇ؟ ئەي، ئۆزەڭلار باھا بېرىپ بېقىڭلار: بۇرۇن مەن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، ئەمدى بۇ ھەقىقەتنى تولۇق ئېلىپ چىقىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا يايىمەن. بايا مەن... ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ئۇگىتىپ قويۇپتىكەنمەن ـ دە!

## 5

راست، راست، ئاخىر مەن ئۇلارنى يامان ئۇگىتىپ قويۇپتىكەنمەن. نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۆزەممۇ ئۇقمىدىم، ئەمما ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چۈشۈمدىكى ئەھۋال نەچچە مىڭ يىلغا بېرىپ چېتىلىدۇ، مېنىڭ قەلبىمدە قالغىنى بولسا پەقەت چۈشۈمدىكى تەسىراتلا بولدى. شۇنىلا بىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ مەنبەسى مەن ئىكەنمەن. بىر رەزگى قورۇتتەك، شۇنداقلا نۇرغۇن ئەلگە تارالغان چۇمادەك

مەن كېلىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق جىنايەت بولمىغان بۇ جەننەتنى بۇلغاپتىمەن. ئۇلار ئۆسەك سۆزلەرنى ئۆگىنىپتۇ، ساختىپەزلىككە بېرىلىدىغان بوپتۇ، ئۆسەك سۆزلەرنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپتۇ. ھە، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا باشلىغان چاغدا، ئېھتىمال، قىلچە يامان غەرەزدە بولمىغان، پەقەت ھەزىل قىلىش، كۆز ـ كۆز قىلىش، قىزىقچىلىق قىلىش غەرەزىدە بولغان بولسا كېرەك، ئېھتىمال راستلا ئۇنىڭ ئازراق بىخى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بۇنداق ئۆسەكنىڭ بىخى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلار بۇنىڭغا مەمنۇن بولۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ناھايىتى تېزلىكتە شەھۋانىلىق پەيدا بوپتۇ، شەھۋانىلىقتىن ھەسەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇقتىن ۋەھشىلىك كېلىپ چىقىپتۇ...

ئەي، مەن بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم، شۇنداقلا ئېسىمدىمۇ قالماپتۇ، ئەمما تۇزاق ئۆتمەيلا بىرىنچى قېتىملىق قان تۆكۈلۈش بوپتۇ: ئۇلار تەئەججۇپلىنىپتۇ، ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش پەيدا بوپتۇ. ھەر خىل گۇرۇھلار پەيدا بوپتۇ، يەنە كېلىپ بىر بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ھە دەپ بىر بىرنى ئەيىپلەشكە، بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئار ـ نومۇسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ، ئار ـ نومۇس ئەخلاق دەرىجىسىگە كۆتىرىلىپتۇ. شان ـ شەرەپ دىگەن ئۇقۇم پەيدا بوپتۇ، ھەرقايسى گۇرۇھلار ئۆز ئالدىغا بايراق تىكلەپتۇ. ئۇلار ھايۋاناتلارنى خارلاشقا باشلاپتۇ، ھايۋاناتلار ئۇلاردىن بېزىپ ئورمان ئارىسىغا كىرىۋالىدىغان بوپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش، غەيرى يول تۇتۇش، شەخسنى قوغداش ئۈچۈن ھە دەپ چوماقچىلىق قىپتۇ ھەمدە ئۆزئارا تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار باشقا ـ باشقا تىللاردا سۆزلىشىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار

بەختسىزلىكنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، بەلكى بەختسىزلىككە ھەۋەس قىلىدىغان بولغان، ئۇلار ئازاپ-ئوقۇبەتنى تىلەيدىكەن، قانداقتۇ ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەندىلا ئاندىن ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەيدىكەن. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ماكانىدا ئىلىم-بىلىم پەيدا بوپتۇ. ئۇلار خالىغانچە ئەسكىلىك قىلغان چېغىدا، دوستلۇق ۋە ئىنسانپەر-ۋەرلىك ئۈستىدە گەپ سېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوقۇملارنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن چېغىدا، ھەققانىيەتنى كەشىپ قىپتۇ ھەمدە ھەققانىيەتنى قوغداش مەقسىدىدە بىر يۈرۈش-بىر يۈرۈش قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپتۇ، قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دارنىمۇ تەييارلاپتۇ، تېخى. قولىدىن كەتتۈرۈپ قويغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئېسىدە غۇۋالا خاتىرە قالدۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى-نىڭ پاك، بەختلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن. بۇنداق بەختنىڭ ئىلگىرى بولغان-بولمىغانلىقىغا كەلگەندە، ئۇلار كۈلۈپلا قويۇپ، ئۇ خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قاراي-دىكەن. ئۇلار ھەتتا بۇنداق بەختنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن، ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ۋە ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئۆتكەنكى بەختكە پۈتۈنلەي ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت رىۋايەتتىن ئىبارەت دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە كۆڭلىدە بىردە يېڭىۋاشتىن پاك، بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ھەتتا نەرسىدە بالىلاردەك ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇ-ئۈمىدىنى قەدىرلەيدىكەن، ئۇنى خۇدادەك كۆرىدىكەن ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىپ، ئۆز غايىسى ۋە "ئۈمىت-ئارزۇسى" ئۈچۈن تاۋاپ قىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بۇن-

داق ئارزۇ ـ ئۈمىتلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشىغا ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا زادىلا ئىشەنمەيدىكەن، پەقەت كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلىشنىلا بىلىدىكەن. دەرۋەقە، ئەگەر ئۇلار كەتكۈزۈپ قويغان پاك، بەختلىك مەنزىلگە راستلا قايتىپ بارالىسا، ئەگەر بىرەرسى بۇنداق مەنزىلنى تۈيۈقسىزلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قايتا زائىر قىلسا ھەمدە ئۇلاردىن قەدىم يۇرتىڭلارغا قايتىشنى خالامسىلەر دەپ سورىسا، ئۇلار جەزمەن رەت قىلغان بولاتتى. "بىز بەك ساختىپەز، رەزىل ۋە بەدنىيەت بولۇشىمىز مۇمكىن، — دىدى ئۇلار ماڭا جاۋاپ بىرىپ، — بۇ ئۆزىمىزگە مەلۇم، بۇنى دەپ قاتتىق ئۆكۈنۈپ يىغلىدۇق ۋە قاتتىق پەرىشان بولدۇق، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئازاپلىشىمىز ۋە جازالىشىمىز، بەلكىم، كەلگۈسىدە بىزنى سوراققا تارتىدىغان، نام ـ ئىسمى بىزگە تېخى نامەلۇم بولغان شەپـقەتلىك ئالىي سوراقچىنىڭ بىزگە ھۆكۈم قىلغان جازاسىدىنمۇ قاتتىق بولار، ئەمما بىز بىلىمگە ئىگە بولدۇق. بىلىم بىزنى ھەقىقەتكە يېڭىۋاشتىن ئىگە قىلدى، بىز ھەقىقەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىمىز، بىلىم ھىسسىياتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، تۇرمۇشقا بولغان تونۇش تۇرـمۇشنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىلىم بىزگە ئەقىل ـ پاراسەت بېغىشلايدۇ، ئەقىل ـ پاراسەت قانۇنىيەتلەرنى تاپالايدۇ، بەخت تۇغـرىسىدىكى قانۇنىيەتنى بىلىش — بەختنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ." ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى مۇشۇ. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ھەركىم ئۆزى بىلەنلا بولىدىـكەن، ئۇلارنىڭ باشقا يول تۇتۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىگە تېگىپ قالارمىكىن دەپ، ھامان باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىكەن ۋە ئۇنى تارايتىدىكەن

ھەمدە بۇنداق ئىشنى تۇرمۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، قول قىلىش، ھەتتا ئىختىيارىي قول قىلىش پەيدا بوپتۇ: ئاجىزلار رازىمەنلىك بىلەن كۈچلۈكلەرگە بوي سۇنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا ياردەم قىلىپ تېخىمۇ ئاجىزلارنى ئېزىدىغان ئەھۋال پەيدا بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر تۈركۈم دانىشمەن پەيدا بوپتۇ، دانىشمەنلەر يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا نەسىھەت بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئۆكتەم ـ ھاكاۋۇر ئىكەنلىكىنى، نەقەدەر تەپتارتماس ۋە ئىناقلىقتا ئېتىۋار قىلمايدىغانلىقىنى، نەقەدەر نومۇسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە بۇ دانىشمەنلەر مەسخىرە قىلىنىپتۇ ياكى تاش ـ چالمىلار يەپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس پاك قېنى ئىبادەتخانا ئالدىدا تۆكۈلۈپتۇ. كېيىن يەنە بەزىلەر پەيدا بوپتۇ، ئۇلار: قانداق قىلغاندا كۆپچىلىكنى يېڭىۋاشتىن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر بىر كىشىنى ھەم ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلىش، ھەم باشقىلارغىمۇ دەخلى قىلماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننى ئىناق بىر جەمئىيەتتە بىللە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلاپتۇ. بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاخىر كۆپ قېتىم ئۇرۇش پارتلاپتۇ. ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ چاغدا مۇنۇلارغا قەتئىي ئىشىنىپتۇكى، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئامانلىق تۇيغۇسى ئاخىرقى ھېساپتا چوقۇم كىشىلەرنى ئىناق، ئەقىلغە مۇۋاپىق بىر جەمئىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، "ئاقىللار" ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەنمەيدىغان "نادانلار"نى تېزرەك يوقىتىشقا تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن "نادانلار"نىڭ بۇنداق غايىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىدۇ. لېكىن

ئامانلىق تۇيغۇسى تېزدىن يوقىلىدۇ-دە، بىر تۈركۈم تەلۋىلەر ۋە شەھۋانىيەتچىلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار ھەممىنى ئىگەللەشنى، يا بولمىسا ھەممىدىن ۋازكېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن يانمايدۇ، ناۋادا مەقسىدى ئەمەلگە ئاشماي قالسا، — ئۆلۈۋالىدۇ-دە، ئىش تامام، ۋەسسالام قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھەر خىل دىنلار پەيدا بوپتۇ، كىشىلەر قۇرۇق نەرسىگە چوقۇنىدىغان بوپتۇ، ئۇلار ئۆز ئۆزىنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاخىرەتتە مەڭگۈ ئارام تاپماقچى بوپتۇ. بۇ كىشىلەر ئاخىر ئەھمىيەتسىز جاپا-مۇشەققەتتىن بىزار بولۇپ، چىرايىنى غەم بېسىپتۇ، ئۇلار جاپا چېكىشنى بىر خىل گۈزەل ئەخلاق دەپ كۆز-كۆز قىلىپ، جاپا چېكىش ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ ھېساپلاپتۇ. ئۇلار كۆلپەتنى ناخشىلار بىلەن مەدھىيىلەپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئېچىنىپ قوللىرىمنى مىجىقلاپ كېتىپتىمەن، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بوپتىمەن، ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ چىرايىدا تېخى جاپا چەككەن ئالامەت يوق ئىدى. ئۇلار تېخى پاك، بىگۇنا ياخشى ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ماكانى ئەسلىدە جەننەت ئىدى، ھازىر ئۇلار بۇنى بۇلغاپ تاشلىدى، بۇ يەردە بەختسىزلىك يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا مەن بۇ زىمىننى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولدۇم. ھە، مەن ئەزەلدىنلا كۆلپەتكە ۋە بەختسىزلىككە ئامراق ئادەم، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەملا ئۈستۈمگە ئالسام، ئۆزەملا كۆتەرسەم دەيمەن، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى دەپ يىغلىغان ئىدىم. ئۇلارغا قوش قولۇمنى ئۇزىتىپ، ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە ئۆزەمنى ئەيىپلىدىم، قارغىدىم ۋە مەنسىتمىدىم.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇلارغا شۇنداق دىدىمكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم قىلدىم، مەن سىلەرنى چۈشكۈنلىشىشكە، چىرىكلىشىشكە ۋە ساختىپەزلىككە ئاپىرىپ ئۇردۇم! مەن، سىلەر مىنى كىرىشتىقا مىخلاپ قويۇڭلار دەپ تەلەپ قىلدىم، ئۇلارغا كىرىست ياساشنى ئۆگىتىپ قويدۇم. مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرەلمەيمەن، ئۇنداق قىلىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ، لىكىن ئۇلارنىڭ مىنى ئازاپلىشىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن، مەن كۆلپەت چىكىشنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇنداق كۆلپەت ئىچىدە ئاخىرقى تامچا قىنىمنى تۆكۈشنى تىلەيمەن. ئەمما ئۇلار مىنى مەسخىرە قىلىشنىلا بىلىدۇ، ئاخىر كىلىپ مىنى ساراڭ دەپ ھىساپلىدى. ئۇلار مىنى ئەپۇ قىلىشنى بىلدۈردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كىلىدىغان ئىشنىلا قوبۇل قىلىدىغانلىغىنى، پۈتكۈل ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئىيتتى. ئەڭ ئاخىردا، ئۇلار ماڭا: سەن بىزگە بارغانسىرى خەۋپلىك بولۇپ قالدىڭ، ئەگەر ئاغزىڭنى يۇممىساڭ، سىنى ساراڭلار يۇرتىغا ئاپىرىپ قويىمىز، دەپ جاكالىدى. بۇ چاغدا، مەن بەك ئازاپلاندىم، يۈرىگىم مۇجىلىپ، ئۆلۈپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم، مۇشۇ چاغدا... دەل مۇشۇ چاغدا، بىردىنلا ئويغىنىپ كىتىپتىمەن.

بۇ چاغ تاڭ سەھەر بولغان چاغ، يەنى تاڭ ئەمدى ئاتقان چاغ ئىدى، دىمەك، سائەت ئالتە بولاي دەپ قالغان ئىدى. مەن ئاشۇ دىۋاندا ئولتۇرغان پېتى ئويغىنىپتىمەن، شام كۆيۈپ بوپتۇ، كاپىتاننىڭ ئۆيىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. بۇنداق جىمجىتلىق بىز تۇرغان بىنادا كەمدە-كەم بولاتتى. مەن قورقۇپ كىتىپ، غىپپىدىلا ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كىتىپ-

تىمەن؛ ئىلگىرى مەندە ئەرزىمەس كىچىك ئىشلاردا بۇنداق ئەھ-
ۋال. مەسىلەن، دىۋاندا ئولتۇرۇپ قاتتىق ئۇخلاپ قېلىش ئەھۋالى
ئەسلا كۆرۈلمىگەن. تۇرغان يېرىمدە بارا-بارا ئېسىمنى تېپىپتى-
مەن، — شۇ ئارىدا كۆزۈم جوزىدىكى ئۇۋاقلانغان، تەل قىلىپ قويۇل-
غان تاپانچىغا چۈشتى، — مەن ئۇنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتىم! ھە،
ئەمدى مەن ياشايمەن، ياشىشىم كېرەك! مەن ئىككى قولۇمنى ئىگىز
كۆتىرىپ، ھەقىقەت مەڭگۈلۈك دەپ ۋاقىرىدىم؛ بۇ ئالقىشلاش
ئەمەس، بەلكى كۆز يېشى ئىدى: ۋۇجۇدۇم شاتلىققا تولۇپ تاشتى،
سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز خوشاللىققا چۆمدۈم. توغرا، ياشاي-
دىكەنمەن، دىن تارقىتىشىم كېرەك! دىن تارقىتىش قارارىغا
كەلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولدىن مەڭگۈ قايتماسلىققا بەل باغلى-
دىم! دىن تارقىتىمەن، دىن تارقىتىمەن، — قانداق دىن تارقىتىش
كېرەك؟ ھەقىقەتنى تارقىتىش كېرەك، چۈنكى مەن ھەقىقەتنى
سەزدىم، ھەقىقەتنى كۆردۈم، ھەقىقەتنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرىنى
كۆردۈم!

شۇنىڭدىن تارتىپ دىن تارقىتىشقا باشلىدىم! يەنە كېلىپ مېنى
زاڭلىق قىلغانلارنى ھەرقانداق كىشىلەردىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان
بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ — بۇنى چۈشەنمىدىم،
شۇنداقلا چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيمەن، بۇغۇ شۇنداق بولىۋەرسۇن.
ھەممە خەقلەر مېنى كاللاڭ ئېلىشىپ قاپتۇ دىيىشتى، بۇنىڭ مەنىسى
ھىلىتىن مۇشۇنداق ئېلىشىپ يۈرسەڭ، كېلىچەكتە قانداقمۇ قىلار-
سەن؟ دىگەنلىك. دەرھەقىقەت: مەن ئېلىشىپ قاپتىمەن، بۇنىڭدىن
كېيىن، ئېھتىمال، تېخىمۇ ئېلىشىپ قېلىشىم مۇمكىن. مەن دىننى قانداق
تارقىتىش كېرەكلىكىنى ئۇقۇۋېلىشىم كېرەك، يەنى نىملەرنى دىيىشىم،

نىمىلەرنى قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشىم كېرەك. چۈنكى دىن تارقىتىش خېلى تەسكە چۈشىدىغان ئىش، بۇ ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى جەزمەن يەنە كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلىمەن. ھازىر بۇلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرىمەن، بىراق، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلاركى، خاتالىق ئۆت-كۈزمەيدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ! دانىشمەن ئەۋلىيالاردىن تارتىپ تاكى پەسكەش قاراقچىلارغىچە — بۇلار ئەمەلىيەتتە بىر نىشانغا قاراپ ئىنتىلمەكتە، ھېچ بولمىغاندا بىر يۆنۈلۈشكە قاراپ تىرىشماقتا، پەقەت ماڭغان يوللىرى باشقا-باشقا، خالاس. بۇ كونا بىر ھەقىقەت. بىراق بۇ يەردە يېڭى بىر ئەھۋالمۇ بار: مەن چېكەم-دىن تاپىنىمغىچە ئېلىشىپ كەتكىنىم يوق. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن ھەقىقەتنى كۆردۈم، ئادەم بالىسىنىڭ گۈزەل بەختكە قول يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ھەم دۇنيادا ياشاش ئىقتىدارىنى ھەرگىز يوقىتىپ قويمايدىغانلىقىنى كۆردۈم ۋە بىلدىم. رەزىللىك ئىنسانلار-دىكى نورمال ئەھۋال دېيىشكە ئىشىنەلمەيمەن. ھەم ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ بۇ خىل ئېتىقادىم ئۇلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىندى. مەندە بۇنداق ئېتىقات بولمىسا بولامدۇ: مەن ھەقىقەتنى كۆرگەن تۇرسام، — بۇنى كاللامدا ئويدۇرۇپ چىقمىدىم، ئۇنى كۆردۈم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇنىڭ جانلىق ئوبرازى دىلىمدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. مەن كەم-كوتىسىز ھەقىقەتنى كۆردۈم، ئىنسانلار دۇنياسىدا بۇنداق ھەقىقەت بولمايدۇ دېيىلسە، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. قانداقسىگە ئېلىشىپ قالغان بولىمەن؟ ئەلۋەتتە، مەن ئۇقۇشسىزلىق-لاردىن خالى بولالمايمەن، ھەتتا بەزى قاملاشمىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشۇممۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنداق ئەھۋال ئۇزاققا بارمايدۇ، چۈنكى مەن كۆرگەن جانلىق ئوبرازلار مەن بىلەن باشتىن-ئاخىر

بىللە مەۋجۇت تۇرىدۇ، ئۇ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى تۈزىتىپ تۇرىدۇ،
يۈنۈلۈشۈمنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىھ، مەن روھلىنىپ كەتتىم،
جۇشقۇن بولۇپ كەتتىم، مەن ئالغا چامدايمەن، ئالغا چامدايمەن،
كاشكى مىڭ يىل ماڭساممۇ مەيلى. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ئۇلارنى
يامان ئۆگىتىپ قويۇپتىمەن، ئەسلىدە ھەقىقى ئەھۋالنى يوشۇرماقچى
بولغان ئىدىم، ئەمما بۇ مېنىڭ خاتالىغىم ــ مېنىڭ تۇنجى خاتالىغىم
بوپتۇ! ھەقىقەت بولسا پىچىرلاپ ئاگاھلاندۇرۇپ، سەن يالغان گەپ
قىلىۋاتىسەن، دەۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە مېنى قوغداۋاتىدۇ،
ماڭا يول كۆرسىتىۋاتىدۇ. جەننەت قانداق بىنا بولغان ــ بۇنى مەن
بىلمەيمەن، چۈنكى ئۇنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.
ئويغانغاندىن كېيىن، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى. كەم دېگەندە
مۇھىم ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئاتالغۇلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
قالدىم. ئەمما، بۇنىڭ كارى چاغلىق: مەن بېرىپ سۆزلەۋېرىمەن،
توختىماي سۆزلەيمەن، گەرچە كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەسۋىر-
لەپ بېرىشكە ماھىر بولمىساممۇ، ھەرھالدا بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆردۈم. مېنى مەسخىرە قىلغۇچىلار بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇلار "سېنىڭ
كۆرگىنىڭ چۈشتىكى ئەھۋال، خاتا تۇيغۇ ۋە خىيالىي كۆرۈنۈشتىن
باشقا نەرسە ئەمەس" دېيىشىدۇ. ئەي! بۇمۇ دانا پىكىر بولىدىمۇ؟
ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر ھاكاۋۇرلۇغىنى قارىمامدىغان! چۈش دەمسەن؟
چۈش دېگەن نىمە؟ بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ئۆزى قاتتىق بىر چۈش
ئەمەسمۇ؟ مەن يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلايكى، چۈشتىكى بۇنداق
ئەھۋال مەڭگۈ ئىشقا ئاشمىغان تەقدىردىمۇ، جەننەت دېگەن نەرسە
بولمىغان تەقدىردىمۇ (بۇنىسى ماڭا ئېنىق!) ــ مەن يەنىلا دىن تار-
قىتىمەن. ئىش شۇنداق ئاددىكى، ئېھتىمال، بىر كۈن ئىچىدە، بىر
....

سائەت ئىچىدە ھەممە ئىش تەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن! ئاساسلىقى باشقىلارنى ئۆزەڭنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىڭ كېرەك، تىتاك تومۇرىغا تېگىدىغان يېرى دەل مۇشۇ، نان تېگىدىغان يېرى دەل مۇشۇ، باشقا ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق: ئىشنىڭ قانداق قىلىپ ۋۇجۇتقا چىقى-دىغانلىقىنى پات ئارىدىلا چۈشىنىسەن. ئەمىلىيەتتە، بۇنداق ھەق-قەت كونا گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنى كىشىلەر يۈز مىڭ قېتىملاپ تەكرارلاپ تۇرىدۇ ۋە يادقا بىلىدۇ، بىراق ئۇ ئارىمىزدا يىلتىز تارتمىدى! "تۇرمۇشقا بولغان تونۇش تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بەخت توغرىسىدىكى قانۇنىيەتنى چۈشىنىش بەختنىڭ ئۆزىدىن ئۈس-تۈن تۇرىدۇ" دەيدىغان مۇقامنى رەت قىلىش كېرەك! مەن كۈرەش قىلىمەن. كۆپچىلىك ئىشلەشنى خالىسىلا، ھەممە ئىش دەرھال ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

ھىلىقى قىزچاقنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم...مەن بارىمەن! ھازىرلا بارىمەن!

تەرجىمە قىلغۇچى: **رىپىمجان.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**



www.uyghurkitap.com

# دوستويېۋسكىنىڭ ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلىرىدىن

«خورلانغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىنغانلار» قاتارلىق رومانلار كۆپلىگەن كىتاپخانلارنىڭ قەلبىنى چۆلغۆتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن روسىيىلىك چوڭ ئەدىپ دوستويېۋسكىنىڭ (1821 — 1881) بىر مەزگىل ئوڭۇشسىز ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا داڭ چىقارغان رىيالىزىمچى يازغۇچى — دوستويېۋسكى چارروسىيە جەمئىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ زېھنىي قۇۋۋىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق دەۋرىدىلا ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى يەنى نام چىقارغان رومانى — «يوقسۇل» (1845 ـ يىلى)نى شۇنىڭدەك «قوش ئىنسانلىق» (1846 ـ يىلى)، «ئاق تۈن» (1848 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. دوستويېۋسكىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ئىجادىيەت ھاياتى تۇرمۇشى روسىيە ئەدەبىياتى ساھەسىدە مەرۋايىتتەك چاقناپ نۇر چېچىشقا باشلايدۇ. لېكىن، 18 ياشقا كىرگەن بۇ ئىستىقباللىق ياش يازغۇچى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

دوستويېۋسكى فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىيالىي سوتسىيالىزىمنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىگە

پائال قاتنىشىدۇ. ئۇ مەقسىدى ۋە نىيىتى ئوخشاش بولغان ئاتمىشىچە ياش خىيالپەرەسلەر بىلەن بىللە تۈرلۈك سىياسى مەسىلىلەر، جۈملىدىن يانچىلارنى ئازات قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە قەرەللىك تۈردە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان چار پادىشا نىكولاي I نىڭ تازا ئاچچىغى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشتەك قۇتراتقۇلۇق سۆزلىرىگە قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرى قوللىنىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۈيىقەست قىلغۇچى دەپ گۇمانلانغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر قولغا ئېلىنىدۇ. ئومۇمى يۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ گۇمان قىلىنغۇچىلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمى، جۈملىدىن دوستويېۋسكىمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىدا، نىمە سەۋەپتىندۇ، چار پادىشا توساتتىن نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، دوستويېۋسكىنى ئۆلۈم جازاسىدىن كېچۈرۈم قىلىش، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى ئاۋال تۆت يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ، ئاندىن روسىيە ئارمىيىسىدە ھەربى خىزمەت ئۆتەشكە ئۆزگەرتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ. جازا مەيدانىدىكى جاللاتلار چېكىنىدۇ، دوستويېۋسكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ! ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، دوستويېۋسكى تولۇپ تاشقان ھاياتى خوشاللىقى بىلەن: "ھايات ھەقىقەتەن قىممەتلىك، ئۇ بىر سوغا ئىكەن، ئۇ ھەر مىنۇتتا ماڭا چەكسىز خوشاللىق بەخش ئېتىدۇ!" دىگەن سۆزنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

بەختكە يارىشا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان دوستويېۋسكى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، شۇ يەردە مۇشكۇل ھايات كەچۈرىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن شامۇ-سەھەر ھەمرا بولۇپ تۇرغانلارنىڭ تولىسى يانچىلار ئىدى، جان-جىگەر تۇققانلىرى، يارۇ-بۇرادەرلىرى ۋە

ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇ ئەتراپتىكى يانچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېپادىلىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن كۆپ دەرىجىدە ياخشى ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئېغىر ئەمگەك ۋە ھەربىي خىزمەت دوستويېۋسكىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلىمىنى بېيىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇ پۇرسەتتە ئۇ ئىجادىيەت ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىۋالىدۇ.

ئون يىللىق ئېغىر ئەمگەك ۋە ھەربىي خىزمەت بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، جاپالىق ھاياتقا خاتىمە بېرىپ، ھالاۋەتلىك ھاياتقا يېڭىدىن قەدەم قويغان دوستويېۋسكى ئاخىر سېن-پېتىربۇرگقا قايتىپ كېلىپ، ئىجادىيەت بىلەن قايتا شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇمۇ خېلى ياشىنىپ قالغان ئىدى. دوستويېۋسكى شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان ئىجادىيەت بىلەن توپ-توغرا يىگىرمە يىل شۇغۇللىنىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇنىڭ كاتتا ئەسەرلىرى «جىنايەت ۋە جازا»، «خورلانغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىنغانلار»، «ئاكا-ئۇكا كامازوۋلار» (1880-يىلى)، شۇنىڭدەك «ئۆلۈمخانىدىكى خاتىرىلەر» (1862-يىلى)، «يەر ئاستى ئۆيىدىكى خاتىرىلەر»، «گومۇش» (1868-يىلى) قاتارلىق نۇرغۇن مۇھىم ئەسەرلىرى ئۇنىڭغا مىسلىسىز شۆھرەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «ئۆلۈمخانىدىكى خاتىرىلەر»دە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالى ۋە روھىي ھالەتلىرى تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئەھۋاللاردىن دوستويېۋسكىنىڭ ھاياتىدىكى ئوڭۇشسىز كەچۈرمۈشلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، جەمئىيەتكە

ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان كۆزىتىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە مول تۇرمۇش ئاساس هازىرلاپ بەردى دەپ ھېساپلىماي بولمايدۇ.

(«ئەدەبىيات گېزىتى»نىڭ 1985 ـ يىل 20 ـ ئىيۇن سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **رېيىمجان.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن هاۋازى.**



www.uyghurkitap.com

# ئۇنىڭ مۇھەببىتى

م. كوروبېينىكوۋ

ئوچۇغىنى ئېيتسام، گۆدەك ۋە نادان بولغانلىغىم ئۈچۈن، پولىكنىڭ بۇ تەشۋىقاتچىسىنى ئانچە كۆزگە ئىلمايتتىم. بۇ مايور ئۇ يەر ئاستى ئىستىھكامىدىن بۇ يەر ئاستى ئىستىھكامىغا چېپىپلا يۈرەتتى. بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا ياكى بىرەر نەرسىنى ئوقۇپ بەرسە چاقچاق ئارىلاشتۇراتتى. جەڭچىلەردىن ئۆزىنى كۆرگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بىرەر كونكرىت مەسئۇلىيىتىمۇ يوق ئىدى. مەن، بۇ خېلى يامان ئەمەس ئادەم بولسىمۇ، قولىدىن ئانچە ئىش كەلمەيدىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولاتتى. ھەر بىر كاماندىر-جەڭچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار ئىدى. مۇبادا ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىسا كاللىسىدىن ئايرىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ بولسا قۇچقاچقا ئوخشاش ئەركىن بولغاچقا، ئۇ قىسمىدىن بۇ قىسمىغا چېپىپلا يۈرەتتى. ھامان ئاشۇنداق خوشال-خورام يۈرەتتى ۋە چاقچاقچى ئىدى. ئانچە بەك سۈرلۈك ئەمەس ئىدى، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەنمۇ كارى يوق، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگىمۇ ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتتى.

لېكىن، كۆڭلەرنىڭ بىرى ئۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى باشقىلارغا بىلىندۈرمەي كەلگەن يەنە بىر تەرەپىنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. مەن بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن.

ئەتىگەن سائەت 10 دا بىزنىڭ لىيەن ئىنگىزلىكنى ئېلىش ۋەزىپەسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىزنىڭ لىيەن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى باشقا بىرنەچچە لىيەنمۇ بۇ ئىنگىزلىكنى ئېلىشتا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىملىق جەڭدە قىزىل قانلىرىنى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان كەڭ زېمىنغا چاچتى-يۇ، ئىنگىزلىكنى زادىلا ئالالمىغان ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى بۇ ۋەزىپە بىزنىڭ لىيەنگە تاپشۇرۇلدى.

گېرمان ئالۋاستىلىرى ئالدىنقى كۈنى كېچىدە بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى سېزىپ قالغانلىقتىن، شۇ كۈنى كېچىدىن تارتىپ تاڭ سەھەرگىچە بىزنىڭ لىيەنىمىز تۇرۇشلۇق جايغا ئۈزۈلدۈرمەي توپ-زەمبىرەك ئاتتى. بۇ توپ ئوقلىرى پارتىلىغاندا قولاقلار پاڭ بولۇپ، بىپايان زېمىن دەھشەتلىك سىلكىنىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق بىر پارتلاشتىن كېيىن مايور كۆلاكوۋ يۈگۈرگەن پېتى بىزنىڭ گەمىگە كىرىپ كەلدى.

ئۇ، دۈشمەننىڭ توپ ئوقىغا پەرۋا قىلماي يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى، بولمىسا گەممىزنىڭ ئىشىگىنى بۇنچىۋالا قاتتىق ئىتتىرىپ كىرمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن؛ ئۇ ھولۇققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى خوشال ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى



www.uyghurkitap.com

چۈشىنەتتى. دۈشمەننىڭ توپ ئوتى ئىچىدىن ھاياتىنى ئامان-ئېسەن قۇتقۇزۇپ قېلىش ھەقىقەتەن تەنتەنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش، ئەلۋەتتە. تېخى شۇنىڭدىن بىر مىنۇت ئىلگىرىلا ئەزرائىلنىڭ ۋەھىمىسى ئۇنىڭ نېرۋىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، باشقىچە قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەمدى ئۇ گويا ھەستېرىيىسى قوزغىلىپ قالغاندەك خوشاللىقىنى باسالماي قالغان ئىدى. ھايات قېلىش، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كىشىنى تولىمۇ خوشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇ ياغاچ كارۋاتقا ئولتۇرۇش بىلەنلا شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، پايىنەك بېشىدىكى تەرتامچىلىرىنى سۈرتتى-دە، بىر دەمدىلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى ۋە يەنە بىر قول ياغلىقىنى ئېچىپ تىزىنىڭ ئۈستىگە يايدى.

— شۇنداق-تە! گېپىمگە قۇلاق سالىچۇ، بۇ يەرگە نىمە دەپ يېزىلغان؟ — دىدى ئۇ ماڭا، — ئوقۇپ باققىنا ئۇنى، بۇ قول ياغلىققا نىمە دىگەن خەتلەر كەشتىلىنىپتۇ، بۇ ياغلىق ماڭا پوچتىدىن كەلگەن خالتىدىن چىقتى.

مەن قول ياغلىققا كەشتىلەنگەن خەتنى ئوقۇدۇم: ”... ۋە مۇھەببەت“

— ياق، ئۇنداق دىگەن گەپ ئەمەس بۇ، — دىدى مايور.

ئۇ، قول ياغلىقنى تەتۈرسىگە ئۆرۈپ خوشال ھالدا ئوقۇشقا كىرىشتى:

— ھە، راست، مانا بۇ يەردىكەن، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، جەڭچى، فاشىستلارغا قىلچە رەھىم قىلماي زەربە بېرىڭ، مېھرى-مۇھەببىتىمنى سىزگە ئاتىدىم، دەپ يېزىپتۇ.

ئۇ بۇ خەتلەرنى ئوقۇغاندا «مېھرى-مۇھەببەت» دىگەن سۆزنى

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئىنتۇناتسىيە بىلەن ئوقۇدى.

— شۇنداق - تە، راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر مەن ياشىراق بولىدىغان بولسام، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن رەسىم تەلەپ قىلغان بولاتتىم.

بىز مانا مۇشۇنداق توختىماي سۆزلىشەتتۇق، مەقسەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ راستىنلا شۇنداق بولدى، ھەممە ئىش باشلىنىدىغان مۇمىنتلارغا بارا - بارا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەيلا قالدۇق. ئاۋال توپقا تۇتۇشقا تەييارلىق قىلدۇق. توپ ئوقلىرى ھاۋا بوشلۇغىدا ۋىژىلدايتتى. ئۇنىڭدىن كۆتىرىلگەن سادا خۇددى ئاسماننى يىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. جەڭچىلەر ئاكوپلارغا كىرىشتى. ئۇلار زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئۈزۈلمەي دۈشمەن ئىستىھكامىغا ۋاشىلداپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. 6 كانايلىق پەيجىسپاۋ، تانكىغا قارشى زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلەر قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتەتتى.

ئاخىر يېشىل رەڭلىك بەلگە ئوقى كۆتىرىلدى. پۈتۈن لىيەندىكى جەڭچىلەر ئاكوپتىن چىقىپ "ھۇررا" توۋلىغان پېتى يۈگۈرۈشتى، دۈشمەن ئاكوپىغا بارغانسىرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. بىراق مۇشۇ پەيتتە گېرمان ئالۋاستىلىرىنىڭ پىلمۇتى يان تەرەپتىن ئوت ئېچىپ قالدى. ئوق شىددەت بىلەن يەرگە تېگەتتى. يەرگە چۈشۈپ قاڭقىپ چىققان ئوقلار ئۇدۇل كەلگەن ئوقلارغا قارىسىغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. كۆندىلەڭ سەپ ھەش - پەش دېگىچە يەرگە يېتىۋېلىشقان ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ھېچكىم كۆرۈنمەي قالدى، ھەممەيلەن يەرگە مەھكەم چاپلاشقان بولۇپ، ھەركىم ئۆزلىرىنى يوشۇرغۇدەك جاي

تېپمۇبلىشقان ياكى كىچىك دۆكلەرنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋېلىشقان ئىدى، ھۇجۇم قىلىشىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ھەر بىر كىشىگە شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، كۆندىلەڭ سەپ يەرگە يېتىش بىلەن تەڭلا يەنە ئالغا قاراپ ئۆملەپ مېڭىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

گېرمان ئالۋاستىلىرى گىرانىت تاشلاشقا باشلىدى. گىرانىتلار كۆندىلەڭ سەپ بار يەرگە يەتمەستىنلا پارتلاپ كېتەتتى. ھۇجۇم قىلىشىمىز توسالغۇغا ئۇچرىدى. ھەممە ھەركىتىمىز زايا كەتتى. كەچ چۈشتى، ئۆز ئاكوپلىرىمىزغا قايتىپ، ھەممە تەييارلىقنى يېڭىۋاشتىن ئىشلىمەي بولمىدى. كۆز ئالدىمىزدا يېڭى قۇربان بېرىشلەر ۋە ئەنسىزچىلىك تۇراتتى.

بىز ياتقان يەرلىرىمىزدە كۈتۈپ تۇرۇشاتتۇق. خېلى ھازاغىچە كۈتكەن بولساقمۇ، نىمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىغى ھەققىدە كۆڭلىمىزدە ھېچ سان يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇتلا ئارقا تەرىپىمىزدىن ياڭراق، ھەتتا قۇلاقنى يېرىدۇەتكۈدەك ھالەتتە ۋاقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. نىمە دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ھەممەيلەننىڭ دىققىتى قوزغالغان ئىدى. كۆندىلەڭ سەپتىكىلەر بۇرۇلۇپ ۋاقىرىغان تەرەپكە قارىۋىدۇق، پولكىنىڭ تەشۋىقاتچىسى — مايور كولاكوۋنىڭ بىزنىڭ ليەنىنىڭ ئاكوپىدىن يۈگۈرۈپ چىقىۋېتىپتۇ. ئۇ كالتە پالتۇسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن، يالاڭۋاشتاق پېتى، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئىدى. ئۇ ياڭراق ۋە خوشال ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— يىگىتلەر، بالىلىرىم!

"بالىلىرىم" دىگەن ئاۋاز پۈتۈن جەڭ مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ گېرمان ئالۋاستىلىرىنىڭ سىم توسىغىغا قاراپ يۈگۈر-

دى. ئۇنىڭ پۇلاڭلاتقان ئوق تەككەن بىلىگىدىن ئاققان قىپ-قىزىل قان ئاپپاق قار ئۈستىگە تامچىلايتتى. ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماي قاراشماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇشىمىزنى كۈتمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ سىم توساق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ۋە سىم توساقتىن ئەمدىلا ئۆتۈشكە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا گېرمان ئالۋاستىلىرىنىڭ سانسىزلىغان ئوقى ئۇنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، گېرمان ئالۋاستىلىرىنىڭ بارلىق مىلتىقلىرى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەن بولسىمۇ، ئوق يەنىلا ھە دەپ ئېتىلىپ، ئۇنى قىيما-چىيما قىلىۋەتكەن ئىدى.

توساتتىن ئېگىز بويلۇق بىر ئەسكەر ئورنىدىن تۇردى، مەن ئۇنىڭ بۇرخېنوۋىچ ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان تونۇدۇم. بۇ چاغدا ئۇ دۆڭگە چىقىۋالغان بولۇپ، ئالاھىدە بەستلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— قېرىنداشلار! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، — ئۇلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

بۇرخېنوۋىچ گېرمان ئالۋاستىلىرىغا قاراپ ئېتىلدى. ھەممە پىلىمۇتلار يەنە بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتى. ئۇ ھېلىقى سىم توساق ئۈستىگە يىقىلدى. بۇ چاغدا پۈتكۈل كۆندىلەڭ سەپ خۇددى زەرەتلەنگەندەك سەكرىشىپ بىراقلا ئورۇنلىرىدىن تۇردى-دە، ۋاقىراشقان پېتى ئالغا قاراپ ئېتىلدى. پىلىمۇتلار كۆندىلەڭ سەپنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئامالسىز قالغان ئىدى.

كۆندىلەڭ سەپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە، يول بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە. مەن سەل توختاپ بىز ئالغان ئېگىزلىكتىن ئارقىمىزدا قالغان ئاكوپلارغا ۋە پۈتۈن لىيەنىمىز غەلىبە قىلىپ ئۆتكەن سىم توساققا نەزەر سالدىم. پەقەت ئوق چۈشۈپ ئوڭغۇل-دوڭغۇل

بولۇپ كەتكەن يەر يۈزى بىلەن قانغا مىلەنگەن پارچە-پارچە ئاپپاق قارلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

(«ھازىرقى سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنى-لىنىڭ 1985-يىللىق 3-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئىسلام مەخسۇت.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا تارىيسى

# "70071" نومۇر

## ن. كىرىلوۋا

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوسۋېنتسىم جازا لاگىرى ئازات قىلىنغان ـ لىقىنىڭ 40 يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ، پولشا ھۆكۈمىتى بۇ يەردە زور كۆلەملىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يەنە خەلقارا ئوسۋېنتسىم كومىتېتى ھەيئەت رىياستىنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سابىق جازا لاگىرىدا بەختكە يارىشا ھايات قالغان، 20 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر يىغىنغا قاتناشتى.

ئوسۋېنتسىم جازا لاگىرىنى فاشىست گېرمانىيە 1939 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە دائىم 250 مىڭ مەھبۇس قامىلىپ تۇراتتى. جازا لاگىرىدا تىرىك ئادەملەر "تىبىي سىناق" ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. يەنە زور كۆلەمدە ئادەم ئۆل ـ تۈرۈلىدىغان 4 زەھەرلىك گاز ئۆيى ۋە جەسەت كۆيدۈرۈش مېشى سېلىنغان بولۇپ، ئىلگىر ـ ئاخىر جەمئىي 4 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. 1945 ـ يىلى 27 ـ يانۋار كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى ئوسۋېنتسىمنى ئازات قىل ـ غاندا، جازا لاگىرىدا بىرنەچچە مىڭ كىشىلا بەختكە يارىشا ھايات قالغان ئىدى. پاۋچالوۋا زىيارەت قىلىنىپ يېزىلغان بۇ ئوچېرىكتا گېرمانىيە فاشىست ـ لىرىنىڭ جىنايى ھەركەتلىرى ھەققى خاتىرىلەنگەن، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دوستلۇقى، تىنچلىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

تەھرىردىن

ــ ئانا ۋاسىلىيېۋنا پاۋچالوۋا بولىمەن، ــ دېدى بىر ئايال ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇۋېتىپ. ئۇ قولىنى ئۇزات ـ

قاندا چاپىننىڭ يېڭى سەل تارتىشۋىدى، ئۇنىڭ بېغىشىدىكى سۇس كۆك رەقەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئوسۋېنتسىم جازا لاگېرىدىكى نومۇرى ئىكەن.

مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللار كومىتېتى ئۆتكۈزگەن سابىق فاشىستلار جازا لاگېرىغا قامالغانلارنىڭ يىغىلىشىدا ئاننا ۋاسلىيېۋنا بىلەن تونۇشتۇم. ”ھاياتلا بولىدىكەنمىز، ئۆزىمىز بېۋاستە باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەيمىز، بۇنداق قىلىپ تۇرۇش بىزنىڭ مىليونلىغان قۇربانلار ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز“ دەيتتى سۆز قىلغانلارنىڭ ھەممىسى.

ئاننا ئۇ چاغدا 19 ياشتا ئىكەن. ئۇنىڭ ئېرى ھەربى بولۇپ، پولشا چېگرىسىدىكى قاراۋۇلخانىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىكەن. ئۇلار بالىلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرىدىكەن. لېۇتا يېرىم ياشتا، سۋېتا ئىككى ياشتىن ئاشقان ئىكەن. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە بومباردىمان قىلىش باشلىنىپتۇ. ئاننا ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا دەرھال چالا ئويغۇ باللىرىنى كۆتىرىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ ـ دە، مىڭ تەستە يىناكىيېۋودىكى قېيىنانىسىنىڭكىگە كېلىۋاپتۇ. 8 ـ ئايدا ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىگى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يىناكىيېۋونى دۈشمەن قوشۇنلىرى بېسىۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يۇرتدىشى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاننانىڭ قېيىناتىسىغا: ”كېلىنىڭىز بۇ يەردىن كەتسۇن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قىزىل ئارمىيە كاماندىرى ئىكەنلىگى ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ“ دەپتۇ. نەگە بېرىش كېرەك؟ نەگىلا بارسا نېمىسلار قاپلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا ئىككى بالىسى بار. ئاخىرى ئۇ بىلورۇسىيىنىڭ پولوتسكى دىگەن يېرىگە يېقىن جايدا ئولتۇرۇش-

لۇق ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە ئاستا كېتىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ئۇنىڭ تارتمىغان جەبرى-جاپاسى قالماپتۇ.

— بارسام ئۆيىمىزنىڭ ھېچنىمىسى قالمىغان ئىكەن، — دېدى ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا، — ئوچاق بىلەن تاش ئۇللا قاپتۇ. مەن بالىلىرىم بىلەن خارابىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ يىغلىدىم، قىلچىلىكمۇ ماغدۇرۇم قالمىغان ئىدى. خوشنىمىز خىرىسكىنىنا ھەدىنىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ چاقىرىۋىدىم، ئۇ مېنى تونۇماي قالدى، چۈنكى مەن ھەم ئورۇقلاپ، ھەم مەينەتلىشىپ كەتكەن ئىدىم، كىيىم-كېچەكلىرىممۇ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ماڭا ئاتا-ئانامنىڭ ۋە ئىنىمنىڭ ئامان-ئېسەن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئولتۇرۇشلۇق ساشا تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ يەرگە قانداق بېرىپ قالغانلىقى ئانىنانىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئېسىدە قالمىغان ئىكەن.

— ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە ئادەم يوق، شىرە ئۈستىدە تاماق تۇرۇپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا، — بالىلىرىمنى ئولتۇرغۇزۇپ، تاماق يەپ تۇرۇڭلا دېدىم-دە، يۈگۈرگەنچە ئانامنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتىم. ئانام ئېرىق بويىدا گىلەم يۇيۇۋاتقان ئىكەن. "ئانا!" دەپ توۋلىدىم. نەپسىم بوغۇلۇپ قالدى. ئانام بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن: "يوركى، مېنىڭ ئالدىراشلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسەن، ماڭ ئۆيگە كەتكىن، تامىقىڭ شىرە ئۈستىدە" دېدى. ئانام تېخى ئېتىزدا ئاتام بىلەن بىللە ئىش قىلىۋاتقان ئىنىم يوركىنى قايتىپ كەلگەن چېغى بار دەپ ئويلاپ قالغان ئىكەن. "ئانا، ئانا!" دەپ يەنە توۋلىدىم مەن. شۇ چاغدىلا ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى-دە، چىملىقتا يىقىلىپ

ھۇشىدىن كەتتى. مەن ئانامنى ئىزدىرلىتىپ، باللارنىڭ ھەممىسى ساق ـ سالامەت دىدىم. كىچىككىنە ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. ئىككى قىزىم تاماق ئۇۋاقلىرىنى ئىھتىياتچانلىق بىلەن تېرىپ قولىغا يىغىۋىلىپ، بىر ئازمۇ چىچىۋەتمەستىن تاماق يەۋىتىپتۇ.

كەنتتە ئىمسلار يوق ئىكەن. پارتىزانلار ئەتراپتىكى ئورمانلىقتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىكەن. ئانىنا ئۇلارنىڭ رازۋىتچىكى بوپتو. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇپتۇ، دائىم تاشيول ۋە تۆمۈريول ياقىسىغا بېرىپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىل، پويىز ـ لارنىڭ سانىنى، تۈرلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا قانداق يۈكلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆزىتىپ، بۇ ئەھۋاللارنى پارتىزانلارنىڭ ئالاقچىسىغا يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ.

دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى بارغانسېرى تارىيىپ بېرىپتۇ. پارتىزانلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۆز ئادەملىرىگە يېقىنلىشىش قارارىغا كەپتۇ، چۈنكى ئالدىنقى سەپ ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىكەن. ئانىنانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ پارتىزانلار بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار دىرىسا دەرياسىدىن ئۆتكەندە ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. گېتلىرچىلارنىڭ سوراقخانىسىدا ئانىنا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تارتمىغان ئازاپلىرى قالماپتۇ. فاشىستلارنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئۆتىگۈچى خادىملىرى سوراق داۋامىدا ئۇلارنى بىر بىرىگە كۆرسىتىپ قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ، باللارنى تېپىپتۇ. ئاندىن كېيىن ھەممە باللارنى (تۈرمىدە سەككىزدەك بالا بار ئىكەن) ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارغا قالايمىقان ئوق چىقىرىپتۇ. بۇ باللار ئارىسىدا ئانىنانىڭ ئىككى قىزىمۇ بار ئىكەن. چوڭ قىزى سۆيىتانىڭ بويى ئىگىزرەك بولغاچقا ئوق تېگىپ قازا تېپىپتۇ.

كىچىك قىزى لىۇتا بەختكە يارىشا ئامان قاپتۇ. فاشىست بۇلاڭچىلار ئۇلارنى ئوسۇۋىنتىسىمغا ئاپىرىۋىتىپتۇ. ئانىنا قىزى بىلەن ئانا-باللار لاگىرىغا سولانغان ئىكەن. ئانىنانىڭ ئاتا-ئانىسى باشقا بىر بارگاھقا ئېلىپ كېتىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئانىنا ئۇلارنى قايتىدىن كۆرەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ھەممە كىشى مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ ۋە ئۇلارغا سەپكە تىزىلىش، باللارنى ئالدىدا تۇرغۇزۇش، ئۆرە تۇرالمايدىغان ئۇششاق باللارنى يەردە قويۇپ قويۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئارقىدىنلا "ئاياللار 3 قەدەم ئارقىغا چېكىنىش!" دەپ بۇيرۇق بېرىلىپتۇ، ھېچكىم مىدىر-سىدىر قىلماپتۇ، بۇ چاغدا، ئالاھىدە خىزمەت ئۆتىگۈچى خادىملار ئانىلارنىڭ قوللىرىدىن باللارنى تارتىشقا باشلاپتۇ، شۇندىن كېيىنلا ئانىلار ئۆز باللىرىنى ئۇلارنىڭ بۇلاپ ئاپىرىپ تېببىي سىناق ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولۇشقانلىقىنى بىلىشىپتۇ.

دۈشمەنلەر ئانىلارنى جازا لاگىرى دوختۇرخانىسىغا يالاپ ئېلىپ بارغاندا، ئانىنا ئۆز قىزىنى ئۇ يەردىكى فاشىست بۇلاڭچىلارنىڭ تېببىي سىناققا ئىشلەتكەنلىكىنى ئاخىر كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى ئاران تونۇپتۇ. چۈنكى قىزىنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئىششىپ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ئىكەن.

ئانىنا ۋاسىلىيېۋنانىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغان ئىدى، ئۇ، قول ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى:

— ئالاھىدە خىزمەت ئۆتىگۈچى خادىملارنىڭ بىز ئانىلارنى جازا لاگىرى دوختۇرخانىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان چاغدىكى چۇقان-سۈرەنلەر ھېلىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئالدىنقى سەپ كۈندىن-كۈنگە يېقىنلاشماقتا ئىكەن. فاشىست قاراقچىلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن، كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەرنى غەرپ تەرەپكە ھەيدەپ مېڭىشىپتۇ. ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا بۇخېنىۋارد، گروس روچىن، لاۋنىسبورگ، بىرگىن-بىرسىن قاتارلىق جازا لاگېرلىرىدا تۇرغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر جازا لاگېرىدىن چىققاندا، ئىگىز بويىلۇق بۇ ئايالنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 37 كىلوگىراملا قالغان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن قىزىم ھايات بارمىدۇ دىگەننى ئويلاپتۇ. پاۋچالوۋا ئوسۇۋېنتسىم جازا لاگېرىدا تۇرغان ۋاقتىدىكى قىز دوستى ماشادىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ماشا قەلەمنى چىشى بىلەن چىشلەپ تۇرۇپ (جازا لاگېرىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ بارماق سۆڭگى سۇغۇرۇۋېتىلگەن ئىكەن) ليۇتانىڭ تېخىچە ھايات بارلىغىنى، ئازادلىقتىن كېيىن پولشالىق بىر كىشىنىڭ ئۇنى ئېلىپ كەتكەنلىگىنى يازغان ئىكەن.

ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا ئۆز قىزىنىڭ بار يېرىنى تېپىش ئارزۇسىدا ماشانى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بورگويىسكى ۋوگزالىدا پويىز ئالمىشىپتۇ. پويىز ئۇزاققىچە قوزغالمىغاندىن كېيىن، ۋوگزال سۇپىسىنىڭ بېلەت سېتىش ئورنى ئالدىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ پۇتىنى ئىللىتىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا...

— مېنىڭ كۆزۈم بىر ئەر كىشىگە چۈشتى. ئۇ كىشى ئالىكسىيگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. لېكىن مەن ئۆز كۆزۈمگە زادى ئىشەنگۈم كەلمىدى. چۈنكى 41-يىلىلا ئېرىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىگى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان ئىدىم. ئۇ ئەر باشقا بىرسى بىلەن پاراڭ سېلىشىۋاتقان ئىكەن. ياق، بۇ كىشى ئالىكسىي ئەمەس

ئىكەن. ئالكسىينىڭ ئالتۇن چىشى بار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئالتۇن چىشى يوق ئىكەن. لېكىن مەن يەنىلا ئۇنىڭدىن: ”ئالكسىي ئىۋانوۋىچ پاۋچالوۋمۇسىز؟“ دەپ سورىدىم.

توغرا، بۇ كىشى ئۇنىڭ ئېرى ئىكەن. پاۋچالوۋ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ۋاقتىدا ئالتۇن چىشىنى پاختىلىق جىلىتكىگە تىكىشىۋەتكەن ئىكەن.

ئاننا شۇ چاغدا ۋوگزالدا قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن كۆزى تۇتۇلۇپ قېلىپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت دىگۈدەك ھېچنىمىنى كۆرەلمىگەن ئىكەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن پاۋچالوۋ خوتۇنى بىلەن يىناكىيېۋغا كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن. 47-يىلى ئۇلار قوشكېزەك پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇلارغا لىما ۋە سۋېيتا دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. 53-يىلى يەنە بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاۋلىيە قويۇپتۇ. ئاننا يەنىلا قىزى لىۋتانى ئىزدەپ خەۋەرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، 17 يىلدىن بېرى ئۇ قىزىل كرېست جەمىيىتىنىڭ ”يوق، تېپىلمىدى“ دەپلا نېپىز بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان جاۋاپ خەتلىرىنى تالاي قېتىم تاپشۇرۇۋاپتۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا: ”شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىزدەپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدىڭىز، ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەيلا قويۇڭ“ دەپ نەسىھەت قىلىشىمۇ، لېكىن ئانىسىنىڭ كۆڭلى قىزىدىن يەنىلا ئۈمىت ئۈزەلمەي كەپتۇ.

1962-يىلى 2-ئاينىڭ بىر كۈنى باللار مەكتەپكە، ئېرى خىزمەتكە كەتكەن ئىكەن. پوچتالىيون ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەن قىزىل كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن خەتنى ئېپكېلىپ بېرىپتۇ. بىراق بۇ قېتىمقى خەت ئىلگىرىكى خەتلەرگە ئوخشاش

ئۇنداق نېپىز ئەمەس ئىكەن.

— خەتنى قولۇمغا ئالغان بولسامىمۇ، لېكىن ئىچىشقا جۇرئەت قىلالمىدىم ـ دە، خوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردۇم، — دىدى ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا، — خوشنام خەتنى ئېچىۋىدى، شىرە ئۈستىگە ئىككى پارچە رەسىم چۈشتى. ئۇنىڭ بىرسى بىر كىچىك قىز بالىنىڭ، يەنە بىرسى 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكاننىڭ رەسىمى ئىدى، خەتكە: ئۇنىڭ قىزىم ليۇتا ئىكەنلىكىنى، هازىرقى كۈنىدە باشقىلار ئۆزىنى لى كىيا دەپ ئاتىشىدىغانلىغىنى، پەملىسى رىژىكېۋسكايا ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ. ئېرىم بىلەن ئىككىمىز «يىناكىيېۋ ئىشچىلىرى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىگە باردۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تېلېفوندا قىزىمنىڭ: "ئانا، سىزنىڭ ئىگىز بويىڭىز، گۈزەل چىرايىڭىز، قۇنىدۇزدەك چاچلىرىڭىز، سىزنى ھەممەيلەننىڭ ئانىيە دەپ ئاتىشىدىغانلىغى ھىلىمۇ ئېسىمدە" دىگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم.

كېيىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەن تېلېۋىزوردا بىر بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشۈپتۇ. ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا ئايرىلغىنىغا 17 يىل بولغان قىزى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. بۇ كۆرۈشۈش موسكۋادا بوپتۇ... ليۇ دىمىرا بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە، ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئانىسى بۇرونسلاۋا. رىژىكېۋسكايا بىلەن بېقىۋالغان ئاتىسى رىشارد. رىژىكېۋسكىمۇ بار ئىكەن.

— بېلورۇسىيە ۋوگزالىدىكى ئىشلار ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، — دىدى ئانىنا ۋاسىلىيېۋنا، — لېكىن بۇرونسلاۋا بىلەن ئىككىمىزنىڭ قانداق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىمىز، مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ يىغلىشىپ كەتكەنلىكىمىز شۇنداق ئېسىمدە تۇرىدۇ. مەن خوشال ئىدىم، ئۇ بولسا، ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ بېقىۋالغان قىزىدىن جۇدالىشىۋا-

www.uyghurkitap.com

تائتى.

بۇ يەردە رۇس ئايالىرىنىڭ ھەقىقى ئۇلۇغۋار قەلبى ئىپادىلەن-
گەن. ئازاپ-ئوقۇبەتىنىڭ دەردىنى تويغۇچە تارتقان ئانىنىڭ
ئۆز قىزىنىڭ ئىككىنچى ئانىسىنى ئازاپلىغۇسى كەلمەپتۇ. ليۇتا
پولشادا تۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئالىلىبۇرۇن ياتلىق بولۇپ بولغان
ئىكەن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىسمى يېژا بولۇپ، رۇس تىلى ئادىتى
بويىچە يۇرا دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئوغلى ۋېيتوردي
ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتۇپدە ئوقۇۋېتىپتۇ.

ئانىنا ۋاسلىيېۋنا سومكىسىدىن رەسىملەرنى چىقىرىپ، مېنىڭ
ئالدىمغا قويدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى جازا لاگىرى نومۇرىدىن
كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. بۇ رەقەملەرنى تېرىدىن چىقىرىۋەتكىلى
بولۇشمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇنى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن چىقىرىۋې-
تىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(«ھازىرقى سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنى-
لىنىڭ 1985-يىللىق 3-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئىسلام مەخسۇت.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



# يېنۇكى

## ل. مشۋېلادزى

سلەرگە سۆزلەپ بېردىغان بۇ ئش ئۆتكەن ئەسردە بولغان ئەمەس، مەن ئۇنى بوۋامدن ئاڭلۋالغانمۇ ئەمەس. ئۇ مۇشۇ يېقندلا بولۇپ ئۆتكەن ئش.

شۇ چاغدا كېيزۋادزى ئجرائيە كومتېتنڭ رەئسى ئدى. يېنۇكى بولسا، نملا بولمسۇن سلەرمۇ بلسلەركى، بۇنداق داڭلق ئەرتسنى كۋايش شەھرىدنلا ئەمەس، پايتەختتنمۇ كۇندۇزى پانۇس ياندۇرۇپ ئزدسمۇ تاپقلى بولمايدۇ. بۇ ئشنى كشلەر يېقنغچە قاتتق يوشۇرۇپ يۈرەتتى. كشلەر كېيزۋادزنڭ ئۆۋچلق جەمىيتنڭ مۇدرى بولالمايدىغانلقغا كۆزى يەتكەن بولسمۇ، لېكن بۇ ئشنى سرتقا تارقاتمدى. كېيزۋادزى بڭسسى بار ئادەم، شۇڭا مەنمۇ ئۇنڭ چشغا تېگشكە پېتنالمايمەن. ئەگەر ئۇ مېنڭ بۇ ئشنى پاش قلپ قويغانلقمنى ئۇقۇپ قالدىغان بولسا، ماڭا بېردىغان ئۆۋچلق گۇۋانامسنى باشقلارغا بېرۋەتمەي قويمايدۇ، ئۇ چاغدا بېشڭنى تامغا ئۇرساڭمۇ بكار.

يېنۇكى زەنجر كۆۋرۈكنڭ يېندكى ئۆيدە 25 يل ئولتۇردى. ئۇ گكيا سەيپۇڭدن 11 پكفاڭ مېترلق كچك بر ئۆينى ئجارگە ئالغان ئدى، ئۇنڭ 3 بالسى ئەنە شۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ

چوڭ بولدى. ئەگەر كېيزېۋادزېنىڭ خىزمىتى يۆتكەلمىگەن بولسا، سەيپۇڭىنىڭ ھىلقى ئۆيى كوچىنى كېڭەيتىش ۋاقتىدا چېقىلىپ كېتەتتى، يېنوكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆيىنى كۆچۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئادىمگەرچىلىكىنى ماختاپ بىرىشىمىنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ تۇغما تەبىئەتلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئالىجاناپ پەزىلىتىنى ھەممە ئادەم تەرىپلىشىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ ئۆز ئىشى ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئادەمگە ھەرقانداق تەلەپ قويۇپ باققىنى يوق. ئەمما، دوستلىرى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ جېنىنى بېرىشكىمۇ تەييار تۇراتتى. شەھىرىمىزدە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق ئىش دەپ ھىساپلايدىغان بۇنداق ئادەملەرنى ئۇچراتساقمۇ بىر-ئىككىنى ئۇچرىتارمىز، شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەمىشە ئاۋارە قىلىپ يۈرۈشىنىڭ ئەجەپلەنگۈ-چىلىكى بولمىسا كېرەك.

ئاڭلىشىمچە، كېيزېۋادزېنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى رەئىس (خۇدا ئۆمرىنى بەرگەي) ۋەزىپىگە چىقىپلا بۇ داڭلىق ئەرزىنى ئىجرائىيە كومىتېتىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئوپ-ئوچۇقلا: "ئاڭلىشىمچە، سىزگە ئۆي لازىم بولۇپ قاپتۇ قەدىرلىك يېنوكى، مۇنداق بولسۇن، ئۆيىنى شەھەرنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ" دەپتىمىش. يېنوكى شۇنىڭ بىلەن 3 ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە ئېرىشىپ قاپتۇمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆي شەھەر ئەتراپىدىكى يېڭى رايونلاردا ئەمەس، دەل شەھەرنىڭ مەركىزىدىمىش! بۇ بىچارە بۇرۇن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى 3 ئېغىزلىق ئۆينىمۇ خىيال قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. نىمىلا دىگەن بىلەن بۇ ئالەم ھامان ئادىل ئىكەنغۇ! ئۇ پۈتۈن زېھنى ۋە ئۆمۈر بويى توپلىغان تەجرىبە-

لىرىنى يۇرتىغا تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇنداق ئىقتىدار-لىق ئادەملەرنىڭ قايسى بىرى كىۋايىشتەك بۇنداق كىچىك يەردە تۇرسۇن؟

ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تىبلىسقا كېتىپ قالسا، بىزنىڭ بۇ تىياتىرخانىمىز نىمە بولىدۇ؟ كالتە ساياقلارنى كارول لىر ياكى خامىلتىنىڭ رولىغا چىقارغىلى بولامدۇ؟

قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. يېنۇكىنىڭ دائىم كېيزېۋادزېنى بىسەرەمجان قىلىشى، ئەلۋەتتە باشقىلار ئۈچۈن ئىدى. بەزىدە تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغان ئەرتىسلەرگە ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن بولسا، بەزىدە مەجرۇھ بولۇپ قالغان تۇققانلىرىغا يەڭگىل خىزمەت تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆي مەسىلىسىدە نۇرغۇن قېتىم كۈتۈپ تۇرۇشمۇ، ئەلۋەتتە يەنە باشقىلار ئۈچۈن بولدى. يېنۇكى ئىلتىماس قىلىشنىغۇ قىلدى، سىلەر هامان ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى شۇ بويىچە بېجىرىدۇ، هىچ بولمىغاندا بىرەر قېتىم بولىسمۇ شۇنداق قىلار دەپ قارايسىلەر. ئۇنداق ئىش يوق. كېيزېۋادزى ئۇنىڭغا گەپ يىگۈزۈش ئوڭايلىغىنى بىلگەچكە، هەر قېتىم يالغان ۋەدە بېرىپ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، كۈلكە-چاخچاقلار بىلەن ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىمۇ ئېنىق: ”سىنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئادا بولدى، دەيدىغانىنى دەپ بولدۇق، قالغىنى قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.“

شۇنداق بىر كۈنى، تىياتىرنىڭ بارلىق ئەرتىسلىرى يىغىلغان چاغدا ئۇلار رەئىسكە:

— يېنۇكىنىڭ ئۆي ئىشى هەقىقەتەن قاملاشماي كەتتى، بۇنداق توخۇ كاتىگىدەك ئۆيدە رېپىتىس قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، چاي

ئۇچىدىغانغىمۇ ئورۇن يوق ئىكەن، ئۇنىڭغا بىر ئۆي بەرسىڭىزچۇ! ــ دەپ تەلەپ قىلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى، كېيزىۋادزى يېنۈكنى چاقىرتتى.

ــ سۆيۈملۈك يېنۈكى، سىزنىڭ كەمتەر، گۈزەل ئەخلاقىڭىز ھەممىگە مەلۇم، بىراق ھەددىدىن بەك ئاشۇرۇۋەتمەڭ-دە! سىز بىزنى بەك تەڭلىكتە قويۇۋاتىسىز. شۇ نىيىتى يامان ئادەملەرنىڭ نىمە دەپ ئويلايدىغانلىغىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ! سىزنى ئۆي ئېلىشقا ئۇلتىماس قىپتىكەن، بىزنى بەرمەپتۇ، دەپ قالىدۇ! مەن ئۆز سەۋەنلىگىمنى ئۆزەم تۈزىتىمەن! بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىجرائىيە كومىتېتىغا بېرىپ ئۆي گۇۋاھنامىڭىزنى ئېلىڭ!

بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ، يېنۈكى خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدى. كېيزىۋادزى كادىرلار يىغىنىدا يېنۈكنى ئۇچرىتىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ، ھەم يالغان ئېيتىپ، ھازىر بار ئۆينى شۇنداق بىر سالاپەتلىك ئادەمگە بەرسەك، بەك سەتچىلىك بولغۇدەك، ھازىر تېخى ياخشى ئۆي يوق تۇرىدۇ، دىدى. يېنۈكى سەۋرىچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى، باشقا نىمە ئامالى بولسۇن؟ "ئەسكى ئۆيدە ئولتۇرساڭ ئابرويىڭ چۈشىدىكەن، ياخشى ئۆينى بەرمەيدىكەن." يېنۈكى بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

بارلىق ئەرتىسلەر يەنە بىر قېتىم يىغىلدى-دە، ئىجرائىيە كومىتېتىغا بېرىپ:

ــ ئۆمگىمىزنىڭ تۈۋرۈكىنىڭ ئۆي-جايى بولمىسا، بۇ پۈتۈن شەھىرىمىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ! ــ دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىزىۋادزى بىر بۇلۇڭغا داجىپ بېرىپ، قىمىر قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇ

ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىشىدىن قورقتى، شۇنداق قىلىپ، 3 كۈندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە يېڭى ئۆيگە ئۆي گۇۋاھنامىسىنى رەسمىي بەردى. بۇ ئۆي ئەسلىدە سايرىپ كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى.

سىلەر ھېكايە مەشەدە ئاياقلىشىدىغان بولدى دەپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن؟ ياق، سۆيۈملۈك بۇرادەرلەر، سىلەرگە تەپسىلى سۆزلەپ بەرسەم، ھېكايە مانا ئەمدى باشلىنىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى، شاتلىقتا چۆمگەن يېڭى ئادرىس بويىچە ئۆينى تېپىپ، سىنچىلاپ قاراپ چىقتى، ئۇ تېخى ئىشىكنى چېكىپمۇ باقتى، ئىشىك دەرھاللا ئېچىلدى، دالاندا بىر بۆشۈك تۇراتتى، مېھمانخانىدىن باللارنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ "خوجايىنى" — 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوقۇر ئادەم — ئۇنى "مېھمان بولۇپ كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز" دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. "ئايال خوجايىن"مۇ پايپاسلاپ كېلىپ، پەرتۇق بىلەن ئورۇندۇقنى سۈرتتى. ئەرتىس نىمە قىلارىنى بىلمەي تۆت ئەتراپقا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— ئىسمىم يېڭى بولىدۇ، — دىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى تەڭلا:

— بىلىمىز، بىلىمىز، سىزنى كىم تونۇمايدۇ! — دىدى.

— بۇ ئۆينى ئىجرائىيە كومىتېتى تۆنۈگۈن ماڭا بەرگەن ئىدى، شۇڭا، سىلەرمۇ چۈشىنىسىلەر،... — ئەرتىس گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسلا تۇمشۇقلىرىنى سوزۇشۇپ:

— بىلمىز، بۇنى بىزمۇ بىلىمىز. كېيزبۋادزىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ راسا دۇمبالىسا بولىدۇ! بىز ئۆي ئېلىش ئېلىشتىماس جەدۋىلىگە تىزىملىتىپ قويغىلى مانا 8 يىل بولىدى. بالىلىق بولۇپ قالغان بولساقمۇ ئۆي بېرىشمىدى. كېيزبۋادزى دىگەن ئالدامچى بىزنى مۇشۇ قىلىقسىز ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدى. شۇنداق، بىز كېچىدە ئىشىكنى قومۇرۇپ كىرىۋېلىپ سەت ئىش قىلدۇق! باشقا نىمە ئامالىمىز بار؟ ھەممىمىزلا دەرياغا سەكرىسەك بولماس؟ سىز ئابرويلۇق ئادەم، سىزنى ھەممە ئادەم تونۇيدۇ، سىزگە يەنە ئۆي چىقىدۇ. ئەگەر بىزنى چىقىرىۋەتسىڭىز تۈگەشكىنىمىز شۇ! مۇشۇ بىگۇنا 3 بالىمىزغا بولسىمۇ رەھىم قىلىڭ! — دېيىشتى.

يېنۇكىنىڭ نىمە ئامالى بار؟ بۇنداق كۆڭلى يۇمشاق ئادەم شۇنداق قىلماي تۇرالامدۇ؟ ئۇ يەنە بېرىپ رەئىسنى تاپتى:

— بۇنداق ۋىجدان كۆتەرمەيدىغان ئىشنى قىلغاندىن كۆرە، بولدىلا! بۇ سوغاقتا، بىگۇنا بالىلارنى قوغلاپ نىمە قىلاي. مەن يەنە ئامال قىلىپ باقاي، بەلكىم ئۆي تېپىلىپ قالار؟

كېيزبۋادزى خۇپسەنلىك بىلەن دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئامال قىلىپ باقاي دىگەن قانداق گەپ؟ مەن ھازىرلا ساقچىنى چاقىرىپ ئۆزبېشىمچىلىق قىلغان بۇ نىملەرنى قوغلىۋېتەي!

بىراق، ئۇ جەدۋەلگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، بىر تىنىۋېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— گېپىمىزگە كېلەيلى، قائىدە بويىچە ئۇلارغىمۇ ئۆي تېگىشى كېرەك، 8 يىل كۈتتى ئەمەسمۇ، قانداق قىلسام بولاركىن ـ تاڭ؛ تەپتىش باشلىغىنىڭ مەجبۇرى كۆچۈرۈش بۇيرۇغى چىقىرىشىمۇ

ناتايىن.

يېنۇكى ئىنتايىن خوشال بولدى:

— خۇداغا شۈكرى، ئۇلارنى چىقىردۋەتمەيىلى، بەختىنى باشقىلارنىڭ ئازاۋىغا تېگىشكىلى بولمايدۇ!

كېيزېۋادزى خىيال سۈرگەن هالدا تورۇسقا قاراۋېتىپ:

— سىز قانداق قىلىسىز ئەمدى؟ قەدىرلىكىم، يەنە بىرئاز تەخىر قىلىڭ، بىز بىر ئامالىنى قىلايلى...

ئىككى يىل ۋاقىت كۆتۈش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى. تىياتىر كوللىكتىۋى كېيزېۋادزىنى 3-قېتىم پاراكەندە قىلدى.

— بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، — دىدى كېيزېۋادزى پىشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى، — بىز سىلەرنىڭ بۇ ئەرتىسىڭلارغا ئۆي بەرگەن ئىدۇق، ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆيگە باشقىلار ئاۋال بېسىۋېلىپتۇ، بۇنىڭدىن ئەجەپلەنمەڭلار!

شۇنىڭ بىلەن يېنۇكقا ئىككىنچى قېتىم ئۆي تەقسىم قىلىندى، بۇ قېتىمقىسى يېڭى سېلىنغان 4 قەۋەتلىك بىنادا ئىدى. ئۇ ئۆي گۇۋانامىسىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئۇ يەردىن چىقتى-دە، يېڭى بىناغا قاراپ چاپتى. شەيتاننىڭ بۇ قېتىممۇ چاخچاق قىلىدىغانلىغىنى كىم بىلسۇن! ئۇ ئىشەنچلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىرىنى بىللە بىرىشقا ئۇندىدى.

بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيىنىڭ ئىشىگى چوڭ ئېچىۋېتىلگەن، ئىچىدە هاراق ناخشىلىرى ئېيتىلىۋاتاتتى. ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى ئاشخانىغا بېشىنى تىقىپلا، خۇددى هەرە چېقىۋالغاندەك ئىنتىك تارتىۋېلىپ:

— 10 ئادەم يەپ، ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. يېنۇكى بىرنىمە دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا مۇدىر بىلەن بىللە جوزا يېنىغا كەلتۈرۈلدى.

ناخشا توختىدى، ئۆي ئىگىسى (گۈۋالىق بەرگۈچىنىڭ ئىنىسى، تاكسى ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى ياسىۋىلى ئىدى) رۇمكىسىنى كۆتىرىپ:

— مەن راستىنلا تەلەيلىك جۇمۇ، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرتىسمۇ مۇشۇ سوغاق ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىگىمنى تەبرىكلەۋاتىدۇ، — دېدى. ئۇلار يېنۇكى بىلەن مۇدىرغىمۇ بىر رۇمكىدىن براند هارىغى قۇيدى.

3 رۇمكا هاراق قوساققا كىرىشى بىلەنلا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈش باشلىنىپ كەتتى، "بىزنىڭ بۇ ئائىلىدە مېنىڭ خېلى يۈزۈم بار ئىكەن جۇمۇ، سىزمۇ ئىلتىپات قىلىپ مەندەك بىر شوپۇرنى يوقلاپ كەپسىز، "تېخى هارىغىمنى ئاز كۆرمەي يېڭى ئۆيۈمنى تەبرىكلەدىڭىز!" دېگەندەك خوشامەتچىلىك قىلىشلار تۈگىمەيلا كەتتى.

— يېنۇكى بىلەن مۇدىر يىگىنى، ئىچكىنى ئۈچۈن ئۈزمەي هەشقاللا ئېيتىپ تۇردى. ئېيتىڭا، ئۇلار يەنە قانداق قىلالايتتى؟ بۇنداق سورۇندا، يېنۇكى تەكەللۇپسىزلا: "بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، هەممىڭ يوقال!" دېسە، ئەلۋەتتە بولمايدۇ — دە.

كېيىن، ئۇلار ئىككىسى ئۈزايدىغان چاغدا، ئۆي ئىگىسى يېنۇكىنى پەلەمپەيدە قوغلاپ يېتىپ، ئۇنىڭ قولىنى يېتىلەپ بىر تەرەپكە كىرەك تارتتى — دە:

— مەن بىلىمەن قەدىرلىك يېنۇكى، مەن هەممىنى بىلىمەن، مەن هازىر نومۇستىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم. بىراق، بۇ سىزگە چۈشىنىشلىك، هەممىسى كېيىزېۋادزىنىڭ مېنى مۇشۇنداق سەت ئىشنى

قىلىشقا قىستىغانلىقىدىن بولدى. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى قەدىرلەيمەن، لېكىن ئۆيىنى بوشىتالمايمەن! مەن ئۆلگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئۆيدىن ئاۋال ئىككى پۇتۇم چىقىدۇ. كېيزېۋادزى ئاچ كۆز بىرنىمە، ئۇنىڭ قورسىقى ھېچنىمىگە تويمايدۇ. مەن خېلى ۋاقىت تۇرۇپ بېقىپ ئاخىرى مۇشۇنداق قىلىشقا قارار قىلدىم: بۆرىنىڭ يېنىغا بارسا بۆرىنىڭ خۇيىنى ئالىدىغان گەپكەن! مەن داڭقىممۇ يوق، يولۇممۇ يوق بىر ئادەم، ئەگەر قائىدە بويىچە ماڭسام، بۇ ئۆمرۈمدە ئىجرائىيە كومىتېتىدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىسام بولغۇدەك. گەپنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتاي، ئەگەر كىم مەن بىلەن ھۆرۈت-پۆرۈت قىلىشىدىكەن، تىنىغىملا بولسا، بېشىمنى ئەگمەيمەن! ناۋادا بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ، شۇم پىشانە يېتىملەرنى قويۇپ كەتسەم، كېيزبۋادزىمۇ ئەمىنلىك تاپالمايدۇ!

ئىككىنچى كۈنى، يېنۇكى رەئىس بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. كېيزبۋادزى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاچقا، راستىنلا بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— نىمىشقا بۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى راستىنلا چۈشىنەلمىدىم! نىمىشقا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگىلا ئۇچۇق تېگىدىغاندۇ! مەن ھازىرلا ساقچىنى چاقىرىپ، بۇ يۈزسىز ياسۇۋلنى قوغلاپ چىقارغۇزۇۋېتەي. بىراق راست گەپنى ئېيتسام، سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۆتەركىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇ جېنىدىن تويغان سارالىڭ، ئۇ سىزگە ھاقارەت قىلىدۇ، كوچىلاردا باللىرىڭىزنى قوغلاپ ئۇرۇپ، پۇت-قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ.

يېنۇكى ئويلاپ بىر ئىش قىلىشى كېرەك-تە! يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن كۈن بويى دەككە-دۈككە بولۇپ يۈرگۈلۈكمۇ؟

كاللىسى بار ھەرقانداق ئادەم يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ نەدىمۇ ياسىغۇلى بىلەن ئىلىشقۇدەك مادارى ۋە گۈمپىنى بولسۇن!

كېيزېۋادزى ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىپ:

— ئۆزىڭىز بىرنىمە دەرسىز، يا مەن، ساقچىنى چاقىرىپ بۇ لۈكچەكنى قوغلاپ چىقارغۇزايمۇ - يە؟ — دېدى. پاھ، بۇ رەئىس نىمە دېگەن قۇۋ - ھە! ئۇ يېنۇكنىڭ نىمە دەپ جاۋاپ بېرىدىغانلىغىنى بىلەتتى، لېكىن ئىشنى ئەپلەش ئۈچۈن يەنىلا ئۇنىڭغا ئۆز ئاغزى بىلەن رەت قىلدۇرماقچى بولدى.

— بولدىلا، ئۆيىنى ياسىغۇلىغا بېرىڭ، مەن يەنە ئامال قىلىپ باقارمەن، ئىشقىلىپ بۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەسقۇ. تەقدىر ئىلاھىنى ھەمىشە مەن بىلەن ئىلىشقىلى سېلىۋاتقان كىمكىن - تاڭ؟ — ئەرتىس نائىلاج قولىنى سىلىپ كېتىپ قالدى.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، يېنۇكنىڭ ئۆيىدىن يەنىلا ئىز - دېرەك بولمىدى. ئەرتىسلەر ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئىشىگىگە يەنە چاپماي بولمىدى. خېلى ۋاقىت سالا - سىلى قىلىش بىلەن گۆلچى سامسۇن بوشاتقان ئۆيىنى يېنۇكىغا بەرگەن بولدى، ئۆي نىنوسىغۇلى كوچىسىدىكى يېڭى كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى.

ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىدىن بىر كۈن ئىلگىرى، يېنۇكى ئادرىس بويىچە ئۆيىنى ئىزدەپ باردى. ئۇ خوشاللىغىدىن ياپىراپ كەتتى، چۈنكى ئۆي راستىنلا قۇرۇق ئىدى. ئۇ كۆتۈلمىگەن ھادىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرھال قۇلۇپچى ئۈستىنى تېپىپ قۇلۇپنى قايتىدىن ياساتتۇردى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئەتە - ئۆگۈن باشقا ئۆزگىرىش بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ يىغىن تۈگىگەندىن

كېيىن، يېنۇكى كېيزېۋادزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چىن دىلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— تارتىنماڭ. سىز مېنىڭ مۇرەمدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك نەقەدەر خوشال بولۇۋاتقانلىغىمنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. خۇدا ھەققى بىزنى كەچۈرۈڭ، سىزنى كۆپ ساقلىتىپ قويدۇق. بىراق، ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشى ھەممىدىن ئەلادە! — دىدى كېيزېۋادزى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ.

يېنۇكى قانات چىقارغاندەك ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە قاراپ ئۇچتى. ئۆي - جاي ئۇرۇشى ئاخىرى ئاياقلاشتى، ئەمدى ئۇ دەرھال دەرۋازىنى ئاچىدۇ، گۈزەل تۇرمۇشى باشلىنىدۇ! بىراق، گەپ ئادەمدىن، ئىش خۇدادىن، دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن. يېنۇكى ئاچقۇچنى قۇلۇپقا تىقىپ تولغاپ باقتى، لېكىن قۇلۇپ مىدىراپمۇ قويمىدى. يەنە ھەپىلىشىپ باقتى، يەنىلا بولمىدى. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىۋېتىلگەن ئىدى، ئۇ ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ — دىدى ئىچىدىن بىر ئايال.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، — يېنۇكى جىددىيلىشىپ تىنالماي قالدى.

— كەچۈرسىز، ئېرىم مەن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھېچكىمگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرمە، دەپ تاپىلىغان، سىز كىم؟

— يېنۇكى.

— ناھايىتى خوشالمەن، — ئايالنىڭ ئاۋازى سوغاق ھەم قوپال چىقاتتى. يېنۇكى بۇ ئايالنىڭ 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىكەنلىگىنى تەخمىن قىلدى.

— نىمە قىلماقچىسىز؟

— ياخشىسى ئۆزىڭىز جاۋاپ بېرىڭ، سىز مېنىڭ ئۆيۈمدە نىمە

ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — يېنۇكنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ چىقىپ كەتتى.

— ھەي يېنۇكى، ئۇچۇقراق سۆزلە، مېنىڭ ئۆيۈم دېگەن قانداق گەپ؟ سىلەرنىڭ نىمە دېسەڭلەر شۇ نىمەڭلەر بار، بىز قانداق قىلىدىكەنمىز، بىزنى ھېچنىمىسى بولمىسۇن دەپ بەلگىلەپ قويۇپتىمۇ؟ — دېدى ئايال ئاۋازىنى كۆتىرىپ.

— گەپنى ئاڭلاڭ، مېنىڭ قولۇمدا ئۆي گۇۋاھنامىسى بار، مەن ئەرتىس يېنۇكى بولىمەن!

— سىلەر ئويۇن قويىدىغان، ناخشا ئېيتىدىغانلارنىڭ نىيىتى راستىنلا قارا ئىكەن! ھەممىنى ماڭا بەرسىكەن، ھەممىنى ئىشىڭگە ئەكېلىپلا بەرسىكەن دەيدىكەنسىلەر، ياخشى ئۆيىنى سىلەرگە بەرسە، جاھاندىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بەرسە، بىزدەك پۇقرالار كىۋايىش شەھىرىدىن يوقالساق بولغۇدەك-تە؟ ھازىر ئېرىدىم ئىجرائىيە كومىتېتىدا، ئۇ بۇ ئىشنى توغرىلىيالايدۇ! ھەمىشە ئەتە-ئۆگۈن بېرىمىز، ئەتە-ئۆگۈن بېرىمىزلا دېگەن، بىز بۇ گەپنى ئاڭلىغىلى 6 يىل بولدى. كېيىزېۋادزى ئەتىگىچە ئۆلگىدى! ئىشىڭىزنى قىلىڭ!

يېنۇكنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئايلىنىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى-دە، مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى رۇسلاپ ئىغاڭلىغان پېتى بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.

يېنۇكى ئاساسىي قانۇن كوچىسى بىلەن مەڭدەپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن يوغان كۆزلىرىدە بىر خىل ۋەھىمىلىك نۇر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىقىراپ، كاللىسى زىڭىلداپ كەتتى. گويا بۇ شەھەردە باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى

تۇگەپ، پەقەت ئۇ ئۆزىلا قالغاندەك؛ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزۇپ، مۇرىسىگە مۇرە تىرەيدىغان ئادەم يوقتەك تۇيۇلاتتى.

— يەنە بىر كىم ئالدىڭىزدا بىرىپ بوپتىما؟ ساراڭ بولاي دىدىمغۇ مەن! — دىدى كېزىچۋادزى ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ.

— ھەي! يېنۇكى ئىشخانىنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە ھەسرەت چېكىپ تۇرۇپ قالدى.

— كىرىڭە! — رەئىس ئەدەپ بىلەن تەكلىپ قىلدى.

— نىمە قىلىسىز؟ — يېنۇكى بەدىنىنى تامدىن تەستە ئاجرىتىپ ئىشخانىغا كىردى.

ئۇلار ئىككىسى بىر بىرىگە ئۇنچىقماستىن بىر پەس قارىشىپ تۇرۇشتى.

ئەرتىس ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— ئېيتىڭا، بۇ نىمە ئىش؟ قەدىرلىك كېزىچۋادزى، بۇ زادى نىمە ئىش؟

— مەندىن سوراۋاتامسىز تېخى؟ مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى! — دىدى كېزىچۋادزى ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ئەمىسە كىمدىن سورايتتىم؟

— نىمشقا ماڭىلا ئېسىلىۋالىسىز؟ بىز سىزگە 3 قېتىم ئۆي بەرگەن ئەمەسمۇ؟ بەردۇققۇ دەيمەن؟ سىز بىر ئەر، ۋىجدان بىلەن سۆزلىسەم، ئۆي يامان ئەمەستىغۇ دەيمەن؟ ئۆزىڭىز بىتەلەي ئىكەنسىز، بۇنىڭ مەن بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ سىز تۆنۈگۈنلا كۆچۈپ كىرىۋالدىغان ئادەمتىڭىز! مەن بۇ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان ئادەم يېڭى ئۆيگە كۆچكەن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي

جازىلىرىنى كۆتىرىپ يۈرسەم بولماس! — كېيزىۋادزىنىڭ گەپلىرى شۇ قەدەر سەمىمى، غەزەپلەنگەنلىگىمۇ شۇ قەدەر ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتىكى، بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم ئارىسالدى بولۇپ قالدۇ. يېنۇكى بۇ بىگۇنا ئادەمنى ئۇۋال قىلسۇنمۇ؟

— ماگادەيدىغانلىرىڭىزنى دەپ بولدىڭىزمۇ؟ يېنۇكىنىڭ خاپىلىغىمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

— خۇدايىمەي، مەن نىمە خاتا قىلغاندىمەن؟ ئېيتىڭا، سىزگە قانداق ياردەم قىلسام بولىدۇ؟ سىزلا رازى بولىدىغان بولسىڭىز مېنى بوغۇزلىسىمۇ مەيلى! سىزنىڭ ئۆيىڭىز راستىنلا جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئوخشايدۇ! — رەئىس سۆزلەۋېتىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ يېنۇكىنىڭ ئالدىدا قىلغان ھىسداشلىقلىرى، كۆرسەتكەن گۇمپۇلىرى شۇ قەدەر ۋايىغا يەتكەن ئىدىكى، بۇنىڭغا مۇشۇ سەھنە سەنئەتچىسىمۇ ئالدىنىپ قالدى.

— سىزنى خۇدا ساقلىغاي، قەدىرلىك كېيزىۋادزى، مېنىڭ ئەرزىمەس ئۆيۈمنى دەپ ئۆلۈۋالامسىز! بولدى، ئۆي نەگە بارسا بارسۇن! ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس!

— يېنۇكى ئورنىدىن تۇردى-دە، كېيزىۋادزىغا خوشمۇ دەپ قويماي ئىشخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

زەنجىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى مونچىنىڭ ئەتراپىدا، بىر ئادەم ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى: — قەدىرلىك يېنۇكى!

يېنۇكى بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا قىپ-قىزىل يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان بىر پاكار ئەر تۇراتتى.

— ئىسمىم ماچايىزى بولىدۇ. مەن سىزنىڭ مېنى تونۇمايدىغانلى-

غىڭىزنى بىلمەن. مەڭ، قولۇمنى كۆرۈپ بېقىڭ. مەن خوتۇنۇم بىلەن كانسىرۋا زاۋۇتىدا بىر ئۆمۈر ئىشلەپتىمەن. ئەگەر سىز بىزنى قاراقچىدەك ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىۋاپتۇ، دەپ قارىسىڭىز، ئۇ چاغدا تولىمۇ خاتالاشقان بولىسىز. ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس. سىزگە ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىنى دەپ بېرەي! كېيزېۋادزىنىڭ بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس! لېكىن، ئۇ بۇنداق قىلمايدۇ! نىمىشقا دىمەمسىز، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ شوپۇردىن مېنى يېنىغا چاقىرتىپتۇ. بارسام ئىشخانىدا ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىكەن:

— ماچايىزى، دەرھال نىنوشۇلى كوچىسىغا چىقىپ، سامسۇن بوشاتقان ئۆيىنى تاپ، ئېھتىيات قىل، يېنۇكىغا تۇتقۇزۇپ قويما! مەن ئەسلىدە يولىڭىزنى توسماي دىگەن ئىدىم، ھەتتا بۇنىڭغا قوشۇلۇش-قىمۇ سەل تۇرۇپ قالدىم، لېكىن كېيزېۋادزى تېخىمۇ سۆيلەپ ئىززەت قىلغاننى بىلمەمسەن، بولمىسا پۇلۇڭنى ئال، يولۇڭغا ماڭ، دىدى. مەن ئۆزەمنى ئاقلاي دىگەن ئىدىم، لېكىن بول-مىدى.

— ناھىيىتى ئىككى كۈن تۇرسەن-دە، يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىدۇ. گۇمانلىنىۋەرمە، بىزنىڭ يېنۇكىنى يولغا سې-لىشىمىز بىر قېتىملا بولغان ئەمەسقۇ! ئەھۋال ئەنە شۇنداق. سىز بىر ئەقىللىق ئادەم تۇرۇپ، نىمىشقا كېيزېۋادزىنىڭ گېپىنى مايىلاشنى ئۇنتۇپ قالغانسىز؟ بۇنداق ئادەملەرنىڭ گېپىنى مايىلىمىغىچە، سىزگە ئۆي ئەمەس، ئىتىنىڭ ئۇۋىسىنىمۇ تۇتقۇز-مايدۇ!

يېنۇكى خىيال سۈرگەن ھالدا يامغۇرلۇق كوچىغا قاراپ تۇراتتى،

www.uyghurkitap.com

ئۇ باللىق دەۋرلىرىدە چۈشكەن ئاق قۇزغۇننى① ئېسىگە ئالدى.

— نىمىشقا ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەرتىس يىغۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپ بار. قەدىرلىك يىنۈكى، بىرى، مەن بۇنداق سەتچىلىك بولىدىغان ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيزېۋادزىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇشىڭىز كېرەك. يەنە بىرى، سىز تاش يۈرەك، ۋىجدانسىز ئادەم ئەمەس، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز بىر ياماق، بىر ياماقتىن 10 يىل پۇل يىغىپ ئەمدى توشقۇزدۇق، بۇ ئاسان ئەمەس ـ تە! سىز ۋىجدانسىزلىق بىلەن بىزنى قوغلاپ چىقارمايسىز.

يىنۈكى ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى زۇۋان سۈرمەستىن ئاڭلاپ چىقتى، ئۇ ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويۇپ، بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن ئۇنىڭ قولىنى قىستى ۋە:

سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن، — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ 11 كۇۋادىرات مېتىرلىق ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

يىنۈكى كېيزېۋادزى بىلەن تەڭ كېلىشەلمەيتتى، ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن دىيىشسە كاللا يېرىلماقتىن باشقا ئاقىۋەت بەرمەيتتى. كىشىلەرنىڭ قانداقلا قىلغان بىلەن ئۆز كاللىسىدىن ئىگىز سەكرىگىلى بولمايدۇ، دېگەنلىرى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن!

---

①قۇزغۇننىڭ ھەممىسى قارا بولىدۇ، بۇ يەردىكى ئاق قۇزغۇن كۆپچىلىككە ئوخشىمايدىغان ئادەملەرگە تەمسىل قىلىنغان.

كېيزېۋادزى يۆتكۈېتىلىشتىن ئىلگىرى، يېنۇكى شەھەرلىك سوۋېت ئىجرائىيە كومىتېتىدىن داجىپ يۈرگەن ئىدى.

(«تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»نىڭ
1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالىمجان ئانايەت.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# ساتىرا - يۇمۇرلار

## ستىرورىن

ۋارران ستىرورىننىڭ ئىسمى «ئەدەبىيات» گېزىتىنىڭ 16 - بېتىدە، «تىمساق» ژورنىلى، «ياشلىق» ژورنىلى ۋە «سوۋېت مەدەنىيىتى» گېزىتى قاتارلىق گېزىت - ژورناللاردا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئاساسەن قىسقا - قىسقا يۇمۇرىستىك ھېكايىلەرنى يازىدىغان ستىرورىننىڭ لىرىكىلىق كىنايىلىرى، مەسخىرىلىرىدىن بەزىدە قايغۇ - ھەسرەت چىقىپ تۇرىدىغان ئەسەرلىرى ئىنتايىن كەڭ تېمىدا ئۆتكۈر قەلەم ۋە روشەن پوزىتسىيە بىلەن يېزىلغان. بۇ سانغا بېسىلغان ئۈچ ئەسەر ئاپتورنىڭ «ئاق قاغا» دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان.

### قابىل كىشى

بىچكوۋ ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى، لېكىن دوستلىرىنى ئىززەتلەيتتى، ئۇنىڭ دوستلىرى ئالاھىدە دوستلاردىن ئىدى.

بىچكوۋنىڭ يېنىدىن ھەمىشە ئەسقاتىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ئۆز ئىچىدە ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى توغرىدىن-

توغرا ئاتىماي، كەسپىگە ۋە رولىغا قاراپ ئاتايتتى. مەسىلەن: "يېنىك سانائەت مىنىستىرلىگى"، "پويىز بېلىتى"، "دەم ئېلىش گۇۋانامىسى"، "كومىسسون"، "سەرەمجان" "توكدان"، "دەزمال"، "قاچا-قومۇچ"، "مۇزلاتقۇ" دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتايتتى. بۇلار ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك دوستلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق دوستلىرىمۇ بار ئىدى. بىچكوۋ ئۆي-ئىمارىتىنى رېمونت قىلدۇرغاندا، "شال"، "پەۋەزلىك تاختاي" ۋە "فار-فور خىش"لار ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولاتتى. ئۇ داچى سالدۇرغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلدا "پىششىق خىش"، "پەنەركە"، "كۆچەت" ۋە "دېخانچىلىق دورىسى" ئۇچۇن زىياپەت بەرگەنلىكىنى كۆرەتتى.

"رېشاتكا تاختىسى"لا بىچكوۋ بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىچكوۋغا ھاجىتى چۈشمەيتتى.

"پىكاپ" ئۇزاقتىن بېرى بىچكوۋ بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىماي كەلگەن ئىدى. لېكىن بىچكوۋ ئۇنىڭغا تۈرلۈك يوللار بىلەن خۇشامەت قىلاتتى. ئەمما، "كومىسسون"، "قىزىل بېلىجان"، "ئەرمىنىيە بىراندىسى"مۇ ھېچنىمىگە دال بولالمايتتى. "دېخانچىلىق دورىسى" ئۆيلەنگەن چاغدا ئۇنىڭغا ئەسقېتىپ قالدى. ئەسلىدە "پىكاپ" مېۋىلىك دەرەخ مەستانىسى ئىدى.

بىچكوۋنىڭ دوستلىرىنىڭ دائىرىسى ھەر يىلى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ يىلدىن-يىلغا تارىيىپ باراتتى. "قارا بېلىجان" بىلەن "ئەرمىنىيە بىراندىسى"نىڭ ئورنىنى "دورا" ئالدى؛ "دەم ئېلىش گۇۋانامىسى" مىڭگە قان قۇيۇلۇش كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى.

ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن "بىرلەشمە بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى" بولۇشتىن قېلىپ، بىچكوۋ پېتى قالغاندا

يۇزبەردى ـ دە، دوستلىرى ئۇنى تاشلىۋەتتى. ھەممىدىن بۇرۇن "سەرەمجان" ئۇنى لەت قىلدى، ئاندىن "پويىز بىلىتى" ۋە "توكدان" ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان بولۇۋالدى، "كومپيۇتېر" ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپمۇ قويمايدىغان بولۇپ كەتتى.

"يېنىك سانائەت مىنىستىرلىگى" مەلۇمات جەدۋىلى ئىشلەش بىلەن بولۇپ قېلىپ، بىچكوۋنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان تېلېفون ئالاقىسىنى يەنە ئىككى ئاي داۋاملاشتۇردى.

بىر كۈنى بىر ئەبلەخ كوچا باغچىسىدا بىچكوۋغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

بىچكوۋ ئۇنىڭغا:

— سىز نېمىنى كۆزلەۋاتىسىز؟ مەن پېنسىيىگە چىقتىم! مەن دېگەن ھېچكىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان بىر ئادەم! — دېدى. لېكىن بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن دەپ ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى.

— قىزىق گەپ بولدى... مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتىمەن... — دېدى بىچكوۋ، — سىز بىكاردىن ـ بىكار ماڭا سادىق دوست بولالامسىز؟

— بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا يۈز ئۆرۈمەيدىغان دوست بولىمەن! — دېدى ھېلىقى بىرنېمە قەتئىيلىك بىلەن.

— تازا قىزىق گەپ بولدى ـ دە! — دەپ ۋاقىرىدى بىچكوۋ، — سىز زادى كىم بولىسىز؟

— مەنمۇ... — دەپ كۈلۈپ قويدى ھېلىقى كىشى، — مەن "تاۋۇت دۇكىنى" بولىمەن!



www.uyghurkitap.com

# نۆۋەتچى

سنياگىن تەجرىبىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلغان بىر ئاخشىمى ئەس-ۋاپ-سايمانلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەسۋاپ-سايمانلار نورمال ئىدى. قىلغىلى ئىش تاپالماي قالغان سنياگىن ئىچ پۇشۇغىنى چىقىراي دەپ رادىيونى ئېچىپ ئالەمگە قۇلاق سالغىلى باشلىدى. ئاۋازلار ئادەتتىكى ئاۋازلار ئىدى. بىراق بىردىنلا ئالەمدىن بىر ئېنىق سىگنال كەلدى.

— مەن ئىرىشيا دىگەن پىلانىتا بولىمەن! — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئۇنىڭ قۇلىغىغا، — مەن ئىرىشيا دىگەن پىلانىتا بولىمەن! بىز سىلەرگە ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇق، سىلەرگە ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرەلەيمىز! يەر شارى، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟

— ئاڭلىدۇق! ئاڭلىدۇق! — دەپ ۋاقىرىدى سنياگىن.

— ئۇنداق بولسا، بىز يەر شارىغا ئىرىشيا ئەلچىسى چۈشكەن تۇنجى ئالەم كېمىسىنى قويۇپ بېرىمىز!

— يارايسىز! — دىدى سنياگىن ئالەمنىڭ گاژ-گۇژ ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ۋاقىراپ، — قانچىڭلار كېلىسىلەر؟

— راكىتىغا قانچەيلەن سىغسا، شۇنچە ئادەم چۈشىمىز.

— مەيلىڭلار، ئىشقىلىپ تەخمىنەن بولسىمۇ بىر سائىنى ئېيتىپ بېرىشىڭلار كېرەك-دە.

— نىمە ئۈچۈن؟

— "نىمە ئۈچۈن" دىگىنىڭىز نىمىسى؟ مېھمانخانىدا ئورۇن

www.uyghurkitap.com

بەلكىلەش ئۇچۇن بولمامدۇ!

ــ قەيەردە؟

ــ مەن چۈشەندىم، سىلەردە بۇنداق مەسىلىلەر مەۋجۇت ئەمەس. مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي. بەلكىم بۇ مەسىلىنى خەلقارا ساياھەتچىلىك جەمىيىتى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولارسىلەر، ئۇچۇشقا كىم باشچىلىق قىلىدۇ؟

ــ نىمە؟

ــ ئۇچۇشقا كىم قوماندانلىق قىلىدۇ؟ باشلىغۇچىلار كىم؟

ــ ئەلۋەتتە ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ئالىجاناپ، ئەڭ باتۇر ئادەم باشچىلىق قىلىدۇ ـ دە.

ــ ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ تەركىۋىدە يەنە كىملەر بار؟

ــ ئىرىشيالىقلار بار!

ــ شۇنداق بولۇشىغۇ تۇرغان گەپ. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئىسىم پەمىلىسى ۋە كەسپى نىمە؟

ــ بىز سىلەر سوراۋاتقان سوئالنى چۈشەنمەيۋاتىمىز، سىلەرگە بارىدىغانلار ئىرىشيالىقلار! 3 مىنۇتتىن كېيىن بىز يەر شارىدىن ئايرىلىمىز، ئۇ چاغدا، ئالەم كېمىسى ئەۋەتەلمەيمىز. كېلەر قېتىملىق ئۇچۇشنى 150 يىلدىن كېيىن باشلىغىلى بولىدۇ. ئۇچتۇق، ئەمىسە!

ــ توختاپ تۇرۇڭ! ــ دەپ ۋاقىرىدى سىنياگىن جېنىنىڭ بېرىچە، ــ سەل توختاپ تۇرۇڭ!

سىنياگىن كېچە بولۇشىغا قارىماي، تازا بىر غەيرەت قىلىپ تەجرىبىخانا مۇدىرىغا تېلېفون بەردى.

ــ ئاللو، فىلىكىس كۇزمىچ! ــ دىدى سىنياگىن قورۇنغان ھالدا. ــ كەچۈرگەيسىز، سىزنى كاشال قىلىدىغان بولدۇم. پەۋقۇل-

ئادده بىر ۋەقە يۈز بەردى! ئىرىشيا يەر شارىمىزغا ئۇچۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— كىم؟

— ئىرىشيا دېگەن پىلانىتا! يېڭى مەدىنى جەمىيەت!

— نىمىسى مەدىنى ئىكەن؟

— مەنمۇ كونكىرىت بىرنىمە دەپ بېرەلمەيمەن. ئۆزەممۇ بىرئاز تەئەججۇپلىنىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. تاڭ سەھەردە ئادەمنىڭ مېڭىسى تېخىمۇ سەگەك بولىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇۋانزوپىقا تېلېفون بېرىمەن، ئاندىن ئۇ يۇقۇرىغا تېلېفون بېرىدۇ، يۇقۇرى بۇ ھەقتە بىرنىمە دەيدۇ. شۇنداق قىلايلى! غەم قىلىپ قالماڭ!

سىنياگىن تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشىغا ئىرىشيا ئالەمدىن بەرگەن ئاخىرقى سىگنال يېتىپ كەلدى:

— كېچىڭلىق قىلغىنىڭلار نىمىسى؟ بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەمدى يەنە 150 يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆرۈشەلەيمىز!

## شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ

— ئاللو! ئاپتوموبىل مەيدانىمۇ؟ مەن باشلىغىڭلارنى ئىزلەيمەن!

— ئۇ يوق.

— ئىزلەپ بېقىڭا!

— ئۇ چۈشلۈك تاماق يېگىلى كەتكەن.
— ئاشخانىدىن چاقىرىپ كېلىڭ ئەمسە!
— ئۇ ئۆيدە تاماق يەيدۇ. ئىشىڭىز بولسا، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي، بولامدۇ؟
— ئىش يوق، مۇئاۋىن باشلىق تېلېفوننى ئالسۇن!
— مەن مۇئاۋىن باشلىق.
— مۇئاۋىن باشلىق، سىز ئۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسىز؟ دومنو ئويناش بىلەن بەنت بولۇۋاتامسىز ياكى هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ يۈرىۋاتامسىز؟
— ئۇنداق ئىشنىمۇ قىلامدىغان، هازىر ئىشلەۋاتىمىز.
— ئىشلەۋاتىمىز... نىمە ئۈچۈن پېرلوۋسكى كوچىسىغا پىكاپ ئەۋەتمەيسىزلەر؟
— قايسى پىكاپنى؟
— "43 — 22"نى. نىمە بولدىڭىز، پېرلوۋسكى كوچىسىغا پىكاپ ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— كەچۈرگەيسىز، پىكاپ تاڭ سەھەردىلا ساقلاپ تۇرغان ئىدى. كېيىن فېلىكس پولىكار پوۋىچ پىكاپ بىلەن مىنىستىرلىككە كەتكەن ئىدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە غايىپ بولدى.
— غايىپ بولدى؟ كىم توغرىلىق سۆزلەۋاتقانلىغىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەمسىز؟
— كەچۈرگەيسىز، مەن پىكرىمنى ئوچۇق بايان قىلالماپتىمەن. مەن فېلىكس پولىكار پوۋىچنىڭ نەگە كەتكەنلىگىنى بىلەلمىدىم دىمەكچى ئىدىم.
— سىز ئۇنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىگىنى، ماشىنىغا قانچىلىك ۋاقت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولغانلىغىنى نىمشقا بىلمەيسىز؟

— بۇنى ھەتتا ئۇنىڭ كاتىۋىمۇ بىلمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، كېرەك يوق. مەن ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ قوياي!

— كاتىپقا تەنبىھ بېرەمسىز؟

— ياق، بېگاغا تەنبىھ بېرىمەن!

— قايسى بېگا ئۇ؟

— شوپۇر.

— پېتېر ۋاسلىيېۋىچمۇ؟

— ھەئە، بېگا. ئۇ مېنىڭ ھەر پەيشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتى سائەت 1 دە بىكار بولىدىغانلىغىمنى ئوچۇق بىلەتتى. سىزنىڭمۇ بۇ ئىشنى بىلىپ قويىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى. قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئەللىك ئىككى ياشقا كىردىم.

— پېنسىيىگە چىقىشقا تېخى خېلى ھايلىڭىز بار ئىكەن. ئىشلىشىڭىز كېرەك.

— ھازىرمۇ تىرىشىپ ئىشلەۋاتىمەن.

— تازا دىگەندەك تىرىشماپسىز!

— بەلكىم شۇنداقتۇ. قاراپ تۇرغانلارغا ئايان-دە. بىز چوقۇم خىزمىتىمىزنى ئوبدان ئىشلەپ، كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتەيلى. لېكىن سىز مۇشۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇڭكى، پېتېر ۋاسلىيېۋىچ...كەچۈرگەيسىز، بېگا فېلىكس پولىكارپوۋىچنى ئەكەلگىلى كەتكەن.

— ئامەت دادامغا بوپتۇ! مەن دەرستىن چۈشكىلى 15 مىنۇت

بولدى، تېخىچە پىكاپ كەلمىدى. شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ!

(«ھازىرقى سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **چۇبەيچىڭ.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

## ھەممىسى ئوبدان يېقىلىدىكەن

ــ فېديا، سەرەڭگە ئالدىڭمۇ؟

ــ ئالدىم، دادا.

ــ سەرەڭگە ئوبدان يېقىلامدىكەن؟

ــ ھەممىسى ئوبدان يېقىلىدىكەن، ھەممىسىنى بىر تال ـ بىر تالدىن يېقىپ كۆردۈم.

## تېلېسكوپ

ــ مۇئەللىم، ئاسماندىكى ھەممە نەرسىنى تەجرىبىخانىدىكى ئۇنىۋېرسال تېلېسكوپ بىلەن كۆرەلەمسىز؟ ــ دەپ سورىدى مۇئەللىمدىن فېيگا.

ــ كۆرەلەيمەن، ــ دەپ جاۋاپ بەردى مۇئەللىم.

ــ بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆيۈمدە بېقىۋاتقان بىر كەپتەرنى قاچۇرۇپ قويدۇم، مۇئەللىم، سىز ئېغىر كۆرمەي تېپىپ بېرەمسىز؟

ــ ھە!... ــ دەپ ۋاقىراپ تاشلىدى چۆچۈپ كەتكەن مۇئەللىم.

## ئاشىق - مەشۇقلار

كېچە، ئاسماندا ئاي كۆتىرىلگەن ئىدى، يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇراتتى. بىر بىرىگە شەيدا بولغان قىز بىلەن يىگىت باغچىدا ئۇچراشتى.

— سىز مېنىڭ قۇياشىم، مېنىڭ ئېيىم، قەلبىمنى نۇرلاندۇرغان پارلاق يۇلتۇزۇم.... — دېدى يىگىت قىزغا.

— سىز ماڭا ئىشقى-مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىۋاتامسىز ياكى ماڭا ئاسترونومىيەدىن دەرس ئۆتۈۋاتامسىز، — دەپ جاۋاپ بەردى قىز تەبەسسۇم قىلىپ.



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز

# گۈلىستان (8)

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1986 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1986 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.10 يۈەن

花　坛（8）
（文学译丛）
（维吾尔文）
民族出版社编辑出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：10
1986年4月 第1版
1986年4月北京第1次印刷
印数：0001—3,800册 定价：1.10元
书号：M 10049（4）203

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

书号M 10049 (4) 203
定价 1.10 元